# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

7

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

029200 000732
(u)
K294.5/1

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى
ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

**7**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

新疆……图书馆藏书

كىتاپنى تۆۋەندە بېرىلگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

爱护图
كىتاپنى ئاسراپ

期交还
مۇددىتىدە قايتۇرايلى

ZUSI

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

**7**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1982 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 8000 — 1
كىتاب نومۇرى: M 11098·108
باھاسى: [illegible] يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)


## مۇندەرىجە


شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق كونتروللۇقىدىكى شىنجاڭ
ۋېي سىنپېيرەن ..................................................
كېرەم ھاشىم تەرجىمىسى 1

شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ
قۇرۇلۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ...........
جاۋجيەنفېڭ ۋە باشقىلار ....................................
خېۋىر تۆمۈر تەرجىمىسى 47

تۈرمىدىكى 8 يىل .................................. جۇدۇڭجياۋ
ئادىل ئەخمەت تەرجىمىسى 88

تۈرمە ھاياتىدىن ئەسلىمە ........................... شى لەنخۇا
دىلدار تەرجىمىسى 167

شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى ھاياتتىن پارچە ...... لاڭ داۋخېڭ
ئىدرىس تەرجىمىسى 192

شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى يۈز كۈن .......... ئەن يۇنشېڭ
ئىدرىس تەرجىمىسى 199

تۈرمىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمدىن پارچە ...... سەي خېڭشېڭ
ئىدرىس تەرجىمىسى 207

تۈرمىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم ................ ليۇ دېخې
سائەتخان تەرجىمىسى 222

...سەي ئۆيدۈرۈپ چىقارغان ئاتالمىش سۈيىقەستلىك
...وپىلاڭ قوزغاش ئەنزىسىنىڭ ھەقىقىي سىرى
سەي خېڭشېڭ ..................................................
سائەتخان تەرجىمىسى 234

شىڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش „چوڭ سوۋېتلىك ئەنزىسى"
گە بىر نەزەر ........................ جىن گۇجېن
ئابلىمىت ئەخمەت تەرجىمىسى 245

باسمىخانىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» گىچە ...... زەن يۇيلىن
ئىبراھىم روزى تەرجىمىسى 272

قومۇلدا كورگەن - ئاڭلىغانلىرىم ................ شۈيجى
ليۇجىنجا تەرجىمىسى 287

شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئىلىدىكى بىر نەچچە
يادىكارلىقتىن ........................ ۋېي جاڭخۇڭ
ليۇجىنجا تەرجىمىسى 299

# شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق كونتروللىغىدىكى شىنجاڭ

ۋېن پېيرەن

## 1. شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق ھوكۇمرانلىغى

سىياسى ئالدامچى شىڭ شىسەي تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش ۋە مۇرات-مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىلغارلىق نىقابىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ساختىپەزلىك قىلىپ، نۇرغۇنلىغان كوممۇنىستلار بىلەن ئىلغار زاتلارنى بىر مەزگىل ئالدىغان ئىدى. بىراق يولداش چېن تەنچيۇ 1939-يىلى يولداش فاڭ لىنىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغان چاغدىلا شىڭ شىسەينىڭ ئادەم يەيدىغان ياۋۇز قارا نىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ۋە شىڭ شىسەيگە „ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئېيتقاندا پومېششىك - مىلىتارىست، ئىدىيىسىدىن ئېيتقاندا يەرلىك خاقان بولۇشنى ئويلايدۇ. ئۇنىڭ ھەركىتىدىن قارىغاندا چوشقىدىن تۇغۇلغان بورە كۈچۈگى" دەپ باھا بەرگەن ئىدى.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلىق ئورنىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، باش كوتىرىپ چىققىشتىن بۇرۇنلا ئاخبا-

رات خىزمىتىنى چىڭ تۇتقان ئىدى. ئۇ، شىنجاڭ ھەربى مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان مەزگىلىدە، ئۆزىنى قوللايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ، ھەر تەرەپتىن جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىگەللىگەن ئىدى. خۇاڭ مۇسۇن شىنجاڭغا كېلىش بىلەنلا، شىڭ شىسەي ئارمىيە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشپىيون لويۈلىندىن پايدىلىنىپ، جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇشتا توھپە كۆرسەتكەن تاۋمىڭيۈي، چېن جۇڭ، لى شاۋتيەنلەرنى جايلىۋەتتى ھەمدە شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۇلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك جياڭلىڭلارنى نازارەت قىلىشقا سالدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنىڭ كۈنسايىن مۇستەھكەملىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تارقاق ئىشپىيونلارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىشپىيونلۇق ئورگىنى قۇردى.

بىرىنچى بولۇپ قۇرۇلغان ئىشپىيونلۇق ئورگىنى—دۇبەن مەھكىمىسىدىكى رازۋېتكا ئەترىتى بولۇپ، 1934-يىلى ئەتىيازدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ دۇيجاڭى ۋاڭ يۈيشۇ ھەربى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا شىڭ شىسەينىڭ كۆز-قۇلىقى بولغان ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جاڭ پېييۈەننىڭ قول ئاستىدا تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىر بولۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، جاڭ پېييۈەننىڭ ھەركەت ئەھۋالىنى شىڭ شىسەيگە دائىم دوكلات قىلىپ تۇراتتى.

رازۋېتكا ئەترىتىنىڭ قارمىقىدا بەش تارماق ئەترەت بولۇپ، خادىملىرىنى شىڭ شىسەي ئۆزى تاللايتتى. ئۇلارغا قويۇلىدىغان شەرت: سىياسى جەھەتتە نادان، ھەركەتتە تەمكىن، ۋەزىپە تاپشۇرۇلغاندا بۇيرۇققا شەرتسىز بويسۇنۇپ، قارغۇلارچە ئىجرا قى-



لىۋېرىدىغان بولۇشى شەرت ئىدى. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى شەرقىي شىماللىقلار بىلەن يەرلىكلەر تەڭ نىسبەتتە بولۇپ، زەربە بېرىش ئوبيېكتى—ئارمىيە بىلەن ھوكۇمەت باشلىقلىرى ئىدى، بولۇپمۇ شەرقىي-شىمال ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىدى. باندىت شىڭ شىسەي ۋاڭ يۈشۈنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، دائىم ئۇنى چاقىرتىۋېلىپ، دوكلات ئاڭلايتتى ياكى ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇراتتى. سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە سۈرۈشتۈرۈش ئەنزىسى تۇرغۇزۇلاتتى. مەخسۇس ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسىنى شىڭ شىسەي ئوقۇپ چىقىپ تەستىقلايتتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر (باندىت شىڭ شىسەينىڭ تۇققانلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەممىسى دېگۈدەك تەكشۈرۈلەتتى.

گەرچە ۋاڭ يۈشۈ بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە تۈرمىدە يېتىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ تۈرمىدىمۇ كورەڭلەپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، «شىڭ دۇبەن ھاڭا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچەم كامىل. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقىمەن» دەيتتى. ۋاڭ يۈشۈنىڭ بەزەن سۆزلىرى مەن ئۇزۇندىن بۇيان يېشەلمىگەن بىر تېپىشماقنى يېشىپ بەردى. مەسىلەن، مەن ئىچكى موڭغۇلىيە يايلىقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن. يول بويى كۆمۈش پۇل خەجلەپ، ئاخىرىدا بىر قانچە سەرلا كۆمۈش تەڭگە قالغان. بىر كۈنى نەنىڭدىكى بىر ئۇيغۇر سەرراپ دۇكىنىغا بېرىپ قەغەز پۇلنى كۆمۈش پۇلغا ئالماشتۇردۇم. بۇنى شۇ كۈنىلا باندىت شىڭ شىسەي ئاڭلاپتۇ، ئۇ تېلېفوندا مەندىن: «سەن تۈرمۈشتا قىيىنىلىپ قالدىڭمۇ؟» دەپ

سورىدى. «ياق» دەپ جاۋاپ بەرسەم ئۇ: «ئۇنداق بولسا سەن تىڭشىپ ......» دەپ بولۇپ، گېپىنىڭ ئايىغىنى تۈگەتمەيلا، «ھىم» دىدىدە تېلېفون تىروپكىسىنى تاشلاپ قويدى. بۇ ئىشتىن ئىنتايىن بۇرۇختۇرمىلىق ھىس قىلىپ، كۈندۈزى دەرس ئوتۇۋاتسام كېچىدە گېزىت تەھرىرلەۋاتسام، بىر قېتىم تاسادىپى كوچىغا چىققانىدا ئەڭ يۇقىرى دائىرىلەرنىڭ چوچۇپ كېتىشكىنى قانداق ئىش دەپ ئويلىغان ئىدىم. ۋاڭ يۈيشۈنىڭ تۈرمىدە ماڭا قىلغان پاراڭلىرىنىڭ ئۇرانىدىن ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئىككىنچى بولۇپ قۇرۇلغان ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى — شىنجاڭ سىياسى تەپتىش باشقارمىسى 1937 - يىلى كۈزدە قۇرۇلۇپ، دۇبەن مەھكىمىسى رازۋېتكا ئەترىدىنىڭ ئورنىنى باسقان ئىدى، ۋاڭ يۈيشۇ ئۇنىڭ مۇۋەققەت باشلىغى بولدى، باشقارما تەركىۋىدە رازۋېتكا بولۇم، سوراق بولۇم، خارجى بولۇم، ھەربى ئىشلار بولۇمى، سىياسى بولۇمدىن ئىبارەت 5 بولۇمچە بار ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ نامى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، شىڭ شىسەي ئۆزى قوشۇمچە باشلىق بولدى، مۇئاۋىنلىققا تەيىنلەنگەن جاڭ يىۋۇ شىڭ شىسەيگە ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. جاڭ يىۋۇ موسكۋا ئالى دەرىجىلىك ئاتقۇچىلار مەكتىۋىدە ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەفىرسىۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باش كاتىۋى جاڭ لىشاڭ ستالىن ئەۋەتكەن كومىنتېرن كىشىلىرىدىن بولۇپ ئۇنىڭ ھوقۇقى جاڭ يىۋۇدىن چوڭ ئىدى، ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ تايانچلىرى ئۈچ قىسىم كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان ئىدى، بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، ستالىن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پاكى ئۇلار ئوتكۈزۈۋەتكەنلەر ئىدى،



ئىككىنچى قىسمى باندىت شىڭ شىسەينىڭ يۇرتداشلىرى، ساۋاقداشلىرى 10 چوڭ دوكتۇر دەپ ئاتالغانلاردىن ۋاڭ يەنلىڭ، لاڭ داۋخېڭ، چېڭ دۈگبەي قاتارلىقلار ئىدى، ئۇلار ئادەتتىكى ئىشپىيونلۇق ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغاندىن تاشقىرى يەنە شىڭ شىسەينىڭ يېقىن مۇرىتلىرى بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلەرنى كۆزىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئوتەيتتى. ئۈچىنچى قىسمى يەرلىكلەر، مەسىلەن، قازاقتىن ئاباۋ، ئۇيغۇردىن قادىر ھاجى، ياسىن، خەنزۇدىن لى جى، ليۇ ۋېنشۇەن قاتارلىقلار ئىدى. ھەممىلا ناھىيىلەردە بۇ ئىدارىنىڭ شوبىلىرى تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە ئىشپىيونلۇق تورى شەكىللەنگەن ئىدى.

مەن تونۇنچى تۈرمىدە، بۇرۇن ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بولۇمىدە ئىشلىگەن خۇ پىڭجۈي بىلەن بىر مەزگىل بىر كامېردا ياتتىم. ئۇ ماڭا، 80 نەچچە ئىشپىيونغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى مەمۇرى ئورگانلار بىلەن مەدىنى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ھوكۇمەتنىڭ ھەر بىر خادىمى ئۇچۇن مەخسۇس سۈرۈشتۈرۈش ئەنزىسى تۇرغۇزۇلغانلىقىنى، ھەتتا باندىت شىڭ شىسەينىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى پېڭجىيۇەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغانلىقىنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى. گومىنداڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن گاۋشىبىڭ بىلەن پېڭ شاۋشەن دىگەن 2 نازىرنىڭ ئەتراپىغا ئىشپىيونلار ھەرىدەك ئولىشىپ، ئۇلارنى نوۋەت بىلەن، بۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىر سوز - ھەركىتىنى تەپسىلى خاتىرىلىگەن. دىمەك شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلغان 12 يىل داۋامىدا ئوز ئورنىنى ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ مۇستەھكەملە-

گەن ئىدى ئۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك كا-
درلار بىلەن قىسىملاردىكى ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ تۇرمۇشى، يې-
تىپ قوپۇشى، سوز ھەركەتلىرىنى 5 قولدەك بىلىپ تۇراتتى. ئىك-
كىنچىدىن گاۋ شىبىڭ بىلەن پېڭ شاۋشەننى قورقىتىپ قاچۇرۇ-
ۋېتىش ئارقىلىق، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىش
قەستىنى ئىشقا ئاشمايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. ماجۇڭ يىڭنىڭ
ئارقا كورۇنۇشى، ئاق رۇسلارنىڭ ھەركەت پائالىيەتلى-
رى، ئەنگلىيە - گېرمانىيە چېركاۋلىرى بىلەن ئۇيغۇر - خۇيزۇلار-
نىڭ مېچىتلىرىدىكى ھەممە ھەركەتلەرنى ئىگەللەپ تۇراتتى. شۇ-
نىڭدەك ئارقا - ئارقىدىن يۈرگۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق چوڭ كو-
لەمدە تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملار
بىلەن خەلق ئاممىسىنى ھالسىزلاندۇرغان ئىدى. ئۈچىنچىدىن،
چېگرا مۇداپىەسىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى ئەھۋاللارنى قامال قىلىپ،
گومىنداڭ بىلەن تاشقى دۇشمەنلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسى-
ۋەتكەن ئىدى. توتىنچىدىن چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ئاخبا-
راتىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا بىرەر ھادىسىنىڭ شەپىسى چىققان
ھامان، ستالىن قىزىل ئارمىيىنى ئەۋەتەتتى. ئۇلار يەر - ئاسماننى
قاپلاپ يېتىپ كېلەتتى. مەسىلەن، قازاقلار چەتكە قاچقاندا، يول-
ۋاس توپىلاڭ كوتەرگەندە، ماخۇسەن بىلەن مەھمۇت مۇھىتىلار
جەنۇبي شىنجاڭنى پاراكەندىچىلىككە سالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى
ياردەم بېرىپ، تېزلىكتە باستۇرۇۋەتكەن.

ئەڭ ئاخىرقى ئىشپىيونلۇق ئورگىنى — جامائەت خەۋپسىز-
لىك باشقارمىسى بولۇپ، ۋەزىپىسى ئۆزگەرمىگەن، ئامانلىق ساق-
لاش ئىدارىسىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى ئىدى، تەشكىلىي كو-



لىمى تېخىمۇ كېڭەيگەن، ئىشپىيونلىرى ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغى-
چە تارقالغان ئىدى، ھەتتا ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ئارقىسىغىمۇ ئە-
گىشىدىغان ئادەملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئىدارە-ئورگانلار
بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بىرىنچى قول ۋە مۇئاۋىن باش-
لىقلىرىدىنمۇ شىڭ شىسەي ئايرىم - ئايرىم پايدىلىناتتى، ئۇلار ئۆز
ئارا بىر - بىرىنى نازارەت قىلىپ، بىر - بىرىنى چېقىشتۇرۇپ
تۇراتتى. 1937 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ كومىنتېرننىڭ
ئىشەنمەيدىغان بولدى. ج خ باشقارمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
كەلگەن كادىرلار يوتكەپ كېتىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسى-
رىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان شىڭ شىسەي خىيالىغا كەلگەننى قى-
لىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا چوڭ ئىشپىيون لى يىڭچى بىلەن لى بۇ-
لىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ، باندىت شىڭ شىسەي ھاكىمى-
يىتىنىڭ ئاساسلىق 2 تايانچىسى بولۇپ قالدى، بۇ 2 ئەبلەخ
ئەقىلسىز نان قېپىلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇسۇلى-
نىڭ ياۋۇزلۇغى ۋە قەبىھ - ۋەھشىيانىلىقى جەھەتتە
مىسلىسىز ئىدى. ئۇلار باندىت شىڭ شىسەينىڭ „ئۇلۇغۋار“ پىلا-
نىغا پۈتۈنلەي ماسلىشىپ ھەرقانداق „توپىلاڭ قوزغاشقا ئۇرۇنۇش
ئەنزىسى“ دىگەنلەرنى خوجىسىنىڭ كوڭلىدىكىدەك ئويدۇرۇپ چى-
قىراتتى. ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئالماشتۇرۇلۇپ، ئاديو-
تانتلار باشلىقى جاۋجيەنفىڭ جاڭ يىۋونىڭ خىزمىتىنى ئوتكۈزۈۋال-
دى. لى يىڭچى جاۋجيەنفىڭدىن خىزمەت ئوتكۈزۈۋالدى، ئىشلىگەن
ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، „توھپە“ سى ئەڭ كوپ بولغىنى لى يىڭچى
ئىدى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ماھىيەتتە ئىشپىيونلار ھوكۇمرانلى-

غى ئىدى. مەمۇرى كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى مەنسەۋى بار ھوقۇ-
قى يوق ئورۇندا تۇراتتى. ناھىيىلەردە ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلى-
غى ھاكىملارغا قوماندانلىق قىلاتتى، شاردىپقان تۈرمىدە ياتقان-
دا ماڭا: «مەن ئالتاينىڭ ۋالىسى بولغىنىم بىلەن، قىلچىمۇ ھو-
قۇقۇم يوق ئىدى، ھەممە ئىشلار ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋ
تيەنجۇينىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرگۈزۈلەتتى، ۋالى مەھكىمىسىنىڭ
بىرنەپەر بولۇم باشلىقى قولغا ئېلىنغاندا، شۇ كېچىسىلا ئۇنىڭ
ئايىلىغا ج خ ئىدارىسىنىڭ بىر خىزمەتچىسى باسقۇنچىلىق قىپ-
تۇ. خورلانغان ئايال ماڭا پۈتۈن جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.
مەن ئاڭلاپ ئاچچىغىم كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىڭ دۇبەنگە
دوكلات قىلىشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى 1936- يىلى دۇبەن مەج-
لىستە ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمى توغرىسىدا توختىلىپ: «ھاكى-
مىيەتكە پايدىلىقلا ئادەم بولىدىكەن، خاتالىقى بولسىمۇ، ياكى قا-
بىلىيەتسىز بولسىمۇ ئەتىۋالاپ ئىشلىتىۋېرىش كېرەك، ئۇنىڭ ئەك-
سىچە بولسا، تاغنى تالقان قىلغىدەك قابىلىيىتى بولسىمۇ گۇمان-
لىق قاراپ، كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان
ئىدىم. دېمەك ئادەم ئىشلىتىشنىڭ ئۆلچىمى مۇشۇنداق تۇرسا،
ھەق-ناھەق توغرۇلۇق سۆزلىگىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟» دېگەن
ئىدى.

باندىت شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ ئىل-
گىرىلەپ چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن خۇيزۇدىن چىققان مىللىي مۇناپىق
چوڭ ئىشپىيون ليۇبىنگدى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئۇ-
نىڭ باندىت شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىدىكى ئورنى لى يىڭچى،
لى بولىڭلار بىلەن باراۋەر ئىدى. باندىت شىڭ شىسەي 4- تور-



مىنىڭ ھويلىسىغا ليۇبىنگدىغا ئاتاپ ئالاھىدە ئىككى قەۋەتلىك
بىنا سالدۇرغان. ئادەمگە قاراپ ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەپتىش
باشقارمىسى قۇرۇپ، ليۇبىنگدىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇچ-
رىغانلا ئەھۋاللارنى توپلاپ تەھلىل - تەتقىق قىلىشنى ۋەزىپە قىلغان
ئىدى. خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈرمىدىن ئېلىپ چىققان يۇقىرى
دەرىجىلىك زىيالىلار بولۇپ، ئۇلارغا «خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى
يۇيۇش» نى شەرت قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئالاھىدە كۈچ-ۋ-
ۇپ ئىشلەيتتى، ليۇبىنگدى پۈتۈن زېھنى - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ،
شىڭ شىسەيگە تېخىمۇ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۆز چاڭگىلى-
دىكى تەپتىش باشقارمىسىنى «ئۇلۇغ داھىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ كەش-
پىياتى» دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرەتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى
دەۋرىدە ليۇبىنگدى ئۆزىچە باتۇرلۇق قىلىپ، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى
ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. گومىنداڭ ئۇنى تەشۋىق-تە-
سەللىي ھەيئىتى سۈپىتىدە غۇلجىغا بېرىپ ئاممىنى پارچىلاشقا
ئەۋەتكەندە، ئىنقىلاۋىي ئامما ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

شىڭ شىسەي ئۆزى تەسىس قىلغان ئورگانلارغىمۇ پۈتۈن-
لەي ئىشىنىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئالاقىلىشىدىغان
ئىشپىيونلار شاخماتنىڭ ئۇرۇغىدەك ھەممىلا يەرگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ كاتىۋى جاڭ ۋىنتيەن، ھەربىي
مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى گاۋمىڭسەن، ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارى-
سىنىڭ باشلىقى جوۋ ۋەنشىڭ، دورا شىركىتىنىڭ جىڭلىسى لى-
پېيكې ..... ۋە باشقىلار. شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ قومان-
دانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جوۋەنجىڭنىڭ قولىدا ھالاك بولغان، دۇ-
چۈكيەن ئەنزىسىدىكى «جىنايەتچى» لەرنىڭ كۆپىنچىسى لىپېيكې

نىڭ بەتنام چاپلىشىغا ئۇچرىغان، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىشپىيونلار-
نىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى شىنجاڭدا «جان ساقلاش تەس ئىدى.
ئۆلگەنلەرلا ئارام ئالالايتتى!» باندىت شىڭشىسەي ئىشپىيونلىرى-
نىڭ سىرتمىغى دەستىدىن قىسىلىپ ھاسىراپ قالغان ھەرمىللەت
خەلقى خۇددى قۇرۇق يەرگە چىقىپ قالغان بېلىق، سۇغا تەشنا
بولغاندەك، ئەركىن-ئازادە نەپەس ئېلىشقا ئىنتىزار بولغان
ئىدى.

## 2- شىڭشىسەي ئويدۇرۇپ چىققان سۈيىقەستلىك ئەنزىلەر

بىرىنچى قېتىملىق توپىلاڭ قوزغاش سۈيىقەستى ئەنزىسى دېگەن
ئويۇن 1937 - يىلى 8 - ئايدا باشلاندى. 7 - ئىيۇل ياپون
باستۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قوللاش ئاممىۋى يىغىنىدىن كې-
يىن، شىڭ شىسەي بىرقانچە نەپەر كومىنتېرىن ئەزالىرى بىلەن
«شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىرلىرىنى چاقىرتىپ، ئاممىۋى چوڭ
يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا بىر سۈيىقەستچى سەھنىگە چىقىپ، ماڭا
پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان دەپ سوزلەپ كەتتى. بىراق
يىغىن خاتىرىسىنى جاڭ ۋېنتيەن بىلەن ئىككىمىز يازغان ئىدۇق.
ئولتۇرغان ئورنىمىز شىڭشىسەيگە يېقىن ئىدى. كومىنتېرىن ئە-
زالىرى بىلەن گېزىتخانا تەھرىرلىرىمۇ رەئىس سەھنىسىدە ئول-
تۇرغان ئىدى. ئۇنداق سۈيىقەستچىنى ھېچقايسىمىز كورمىدۇق.
يىغىن تەرتىپلىك ئېچىلغان ئىدى. مەجلىستىن يانغاندا مەن
كومىنتېرىن مەسئۇللىرىدىن بولغان ۋاڭ شۇۋچېڭدىن سورىسام
ئۇ كىشى: «سىياسەت دېگەن مۇرەككەپ بولىدۇ. مەسىلىگە ھا-



دىسىدىنلا قارىغان بىلەن بولمايدۇ» دەپ بىر ئېغىزلا جاۋاپ
بەردى. گەرچە ئۇ كىشى كونكرېت تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈر-
مىگەن بولسىمۇ، شىڭ شىسەينىڭ كىشىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ
مۇنداق دېيىشتىكى مەقسىدى سىياسى ئېھتىياج ئۈچۈن جامائەت
پىكرى ھازىرلاشتىن ئىبارەت ئىكەن، دېگەن مۇجمەل چۈشەنچى-
گە ئىگە بولدۇم. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ج خ باشقارمىسى ئادەم تۇ-
تۇشنى باشلىدى. بىرىنچى بولۇپ جاڭ شىننىڭ ئويىدىن يېڭىلا
خىزمەتتىن بوشىغان جاڭ جيۇگاۋ ئىسىملىك بىر ھاكىمنى تۇ-
تۇپ كەتتى. جاڭ شىننىڭ يۇرتدىشى خې پەملىلىك سەيپۇڭ
بىلەن جاڭ شىننىڭ مائارىپ نازارىتىدىكى كاتىۋىنى (جاڭ پا-
مىلىلىك) تۇتۇپ كەتتى . . . . قىسقىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى
جاڭ شىننىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئىدى. تۇتۇلغانلار جازا قو-
راللىرى ئالدىدا ئاغزىغا كەلگەننى جويلىگەن. سودىيەلەرنىڭ
كورسەتمىسى بويىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاڭ شىن توپىلاڭ
پىلانلىدى، ھوكۇمەتنى ئاغدۇرماقچى بولدى. بىر مەھبۇسنى سې-
تىۋېلىپ، 7 - ئىيۇلدىكى ئاممىۋى يىغىندا سەھنىگە چىقىپ، دو-
بەنگە پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، دېگەندەك ئىقرارنامى-
لارنى بەردى. جاڭ شىن گەرچە كونا ئەمەلدار بولسىمۇ لېكىن
ئوز ئالدىغا كوزقارىشى بار، قارىسىغىلا ئەگەشمەيدىغان ئادەم
بولۇپ، ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈش ۋە جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇۋې-
تىشتىن ئىبارەت ھەر 2 قېتىملىق سىياسى ئۆزگىرىشكە قاتناش-
قان، سۈيىقەست پىلانلاشقا ماھىر دەپ داڭ چىقارغان ئىدى.
شۇڭلاشقا بىرىنچى قېتىملىق توپىلاڭ [redacted]
بىرنەمىسى جاڭ شىننى قولغا ئېلىشتىن [redacted]

جى كېڭەيمۇۋېردى، 1937 - يىلى 9 - ئايغا بارغاندا، دۇبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىندى. شىنجاڭ «12 - ئاپرېل» ۋەقەسىگە قاتناشقان خەلق ئىشلار نازىرىنىڭ مۇئاۋىنى لەن يەنشۇ تۈرمىدە ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: 1937 - يىلى 8 - ئايدا ھەربىي سوت باشلىقى فېن لياڭ كېلىپ، „مەن دۇبەننىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزگىلى كەلدىم. ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدا توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلىغان. تيەنجىندىن كۆپ مىقداردا پۇل ئەۋەتىپ نۇرغۇن ئادەملەر سېتىۋېلىنغان، بىزنىڭغا سەن قاتنىشىپسەن، يۇۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇشىڭغىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ. دۇبەننىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىن، مۇكاپاتلاشقىمۇ بولىدۇ" دېگەن. بۇ تۈيۈقسىز ھۇجۇم ئالدىدا لەن يەنشيۇ قورقۇپ، داڭقېتىپلا قالغان. خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، „مەن بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن" دېيەلىگەن، لەن يەنشيۇ تەشۋىشلىنىپ بىرقانچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن، كېيىن فېن لياڭ يەنە بىر قېتىم كېلىپ ئۇنى قىستىغان. ئەڭ ئاخىرىدا لەن يەنشيۇ قەتئىيلىك بىلەن كەسكىن جاۋاپ بېرىپ: „دۇبەنگە يەتكۈزۈپ قويۇڭ، «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، مەن تېچلىق يولىغا مېڭىپ، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھۆكۈمەتنى باشتىن ئاياق ھىمايە قىلىپ كەلدىم. ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارغا قاتناشقىنىم يوق" دېگەن، 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا لەن يەنشيۇ قولغا ئېلىنغان. 9 - ئاينىڭ بېشىدا فېن لياڭمۇ قولغا ئېلىنغان. قىيىن - قىستاق



ئاستىدا فېن لياڭ بۇرۇن لەن يەنشيۇغا چاپلىغان جىنايى بەتناملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئارتىۋالغان ۋە بىرقانچە يۈز ئادەمنى چىشلەپ تارتقان. ئىشقىلىپ ئىسمىنى بىلىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئۆزىنىڭ ئىقرارنامىسىگە تىزىپ چىققان. سوراق ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسە سۈرۈشتۈرمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئاخىرى لەن يەنشيۇنىڭ ئىقرارنامىسى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.

7 - ئىيۇل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاتالمىش „جۇڭگوغا ساداقەت بىلەن دۇرۇس تېلېگراممىز" دېگەن بىرنىمىنى يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى باندىتلار گورۇھىنىڭ شىنجاڭنى ئىلىكىگە ئېلىۋېلىش شىرىن چۈشىنىڭ رېياللىققا ئايلىنىش ئېھتىمالى پەيدا بولدى ۋە 1937 - يىلى 10 - ئايدا چوڭ ئىشپىيون چېن لىفۇ شىنجاڭغا كەلدى، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە شېڭ شىسەي چېن لىفۇغا ھاراق تۇتتى. رومكىنىڭ سوقۇشتۇرۇلۇشى بەلگە ئىدى. نەق مەيداندىلا خوجانىياز ھاجى قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلارنى قولغا ئالدى. بۇنداق ئەھۋالدا قاتتىق قورقۇپ چىرايى قەغەزدەك تاتىرىپ شاخنا قويۇۋەتكەن چېن لىفۇ قۇيرۇقنى خادا قىلىپ نەنجىڭگە قېچىپ بېرىۋالدى، بىرىنچى قېتىملىق سۇيىقەستلىك ئەنزە دېگەن نىمىسى خوجانىياز ھاجىنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىلدى، 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومىنتېرىن ئەزالىرىدىن ۋاڭ باۋچيەندىن باشقىلار تامامەن قولغا ئېلىندى.

1940 يىلى 4 - ئايدا خوجانىياز ھاجى سوراق قىلىندى. ئۇ ئىقرار نامىسىدە مۇنداق يازغان ئىدى: «ھەرتۈرلۈك قىيناشلارغا ئۇچرىدىم. ھەممە ئۆزەمنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلدىم. ئۆز ھاياتىمنى قۇربان قىلىشنى خالايمەنكى، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى خالىمايمەن». ئارىدا بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە ياسىن بىردۇۋە ھۆججەتلەرنى كۆتىرىپ كېلىپ ماڭا: «ساڭا ياردەملەشكىلى كەلدىم، خۇاڭ خەنجاڭ، جاڭ شىن، فېن لياڭ، شۈيلىيەنلەرنىڭ ھەممىسى ئېيتتى، سەن ئېيتمايدىغان بولساڭ ھەممە جىنايەت ساڭا ئارتىلىدۇ. ئېيتساڭ ھۆكۈمەتكە پايدىلىق بولىدۇ» دىدى. «ھۆكۈمەتكە ھەرقانچە پايدىلىق بولسىمۇ، كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىدىغان ئىشنى قىلالمايمەن» دىسەم، ياسىن يەنە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى شۇنداق بولغاندىن كېيىن، سەنمۇ شۇنداق قىلىشۋەرسەڭ بولىدۇ، دىدى. كېيىن مەن كامېرغا قايتىپ بېرىپ، ياسىننىڭ ئېيتقان گەپلىرىنى بىر كامېردا ياتقانلارغا سۆزلەپ بەردىم. لى رىنى دىگەن بىرەيلەن ماڭا نەسىھەت قىلىپ، ھۆكۈمەت بەلكىم جېنىڭنى ئالماس، باشقىلار ئېيتقاندىن كېيىن سەنمۇ ئېيتىۋەرمەمسەن، دىدى. شۇندىن كېيىن يالغان گەپ قىلىش قارارىغا كەلدىم. ياسىن ئاغزىمغا سېلىپ بەرگەن گەپنى جۈملىمۇ-جۈملە تەكرارلىدىم. ياسىننىڭ دىگىنى بويىچە سۆزلىگەن بولساممۇ يەنىلا تولۇق بولماپتۇ، شۇندىن كېيىن ياسىن ماڭا ۋاكالىتەن سۆزلەۋەردى. شۇنداق قىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىققان ماتېرىيال يەنىلا ياسىن قويغان تەلەپنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەپتۇ.

دۇڭخۇايۈەن (شەرقىي باغچا)دا ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىدىن تارتىپ① بىرىنچى قېتىملىق ئاتالمىش سۈيىقەست ئەن-



زىسى تامام بولغانغا قەدەر، 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدە خىزمەت كۆرسىتىپ شېڭ شىسەينىڭ تەختى - بەختىنى قۇرۇپ بەرگەن شەرقىي شىمال پىدائىي قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرى، جاڭ پېيۈەننى يوقىتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ليۇ بىڭ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان بولۇم باشلىغىدىن يۇقىرى قەلەم ئەمەلدارلىرى، مايوردىن يۇقىرى ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك پاجىئەلىك تۈردە ناھەق تۈرمىدە ياتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يوقىتىلدى. كومىنتېردىن ئەزالىرىنى ستالىن ئېلىپ كەتتى. ئايرىملىرى بانا تېپىپ قېچىپ قۇتۇلدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇ قېتىمقى ئاتالمىش سۈيىقەست ئەنزىسىنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇغى شىنجاڭ تارىخىدا مىسلىسىز ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ھەيۋىسىدىن «دوستلار كورۇشكەندە سۆزلەشمەيدىغان، بازارلار جىمجىت، ئات - ئۇلاقلار شالاڭ، بالىلار يىغلاشقا پېتىنالمايدىغان، بېشەم خوتۇنلارمۇ ئۈنلۈك جېدەل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئىتلار قاۋىماي، توخۇلار چىللىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

بۇ قېتىمقى ناھەق تۈرمىگە ئېلىشنى پىلانلاشتا مۇنداق ئۈچ مەقسىتى: بىرىنچى، ئاتاق - ئابرويى، ئىناۋىتى بار، ئىجتىمائىي تەسىرى بار كىشىلەرنى يوقىتىپ، يۇقۇرى بېسىم ئىشلىتىش بىلەن يالانىملار ھوقۇق تۇتۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسەتنى يولغا قويۇش. ئىككىنچى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نىشان-

① دۇڭخۇايۈەن تاۋ مىڭيۈي قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ۋەقە كوزدە تۇتۇلغان.

نى بۇراپ، كومىنتېرىندىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئالداش، ئۈچىنچى، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قېلىنىۋېلىشىنى كوزلىگەن ئىدى، شىڭ شىسەي ئۈچۈن „مۇسادىرە قىلىنغان ماللار“نى ئېلىپقالاپ بېرىدىغان ۋۇيۇنجۇ دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى، (مانجۇ، لاڭ داۋخىڭنىڭ دادىسى) ئۇ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن: شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن نەچچە يۈز مىڭ سەر ئالتۇن، ئىككى تونىنا بوكەن مۈڭگۈزى، نەچچە يۈزدانە ئالماس ئېلىپ كەتكەنلىگىنى، بۇ نەرسىلەرنى شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ جىڭلىسى تيەكۇن قوغداپ ئىچكىرىگە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىگىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئاتالمىش سۇيىقەست ئەنزىسى 1940-يىلى يۈز بەردى. بۇ ئەنزە باندىت شىڭ شىسەي داۋراڭ سالغان دوچۇڭيۈەننى مەركەز قىلغان ۋاڭ جىڭۋى ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئەنزىسى ئىدى. ۋاڭ چۈڭۋىينىڭ دوجىڭيۈەننى شىنجاڭغا ئەۋەتىشى، ھەممە دوچۇڭيۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن مەدەنىيەت ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرى، دېموكراتىك زاتلار شىنجاڭنىڭ ئارمىيە ھوكۇمەت مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەسىدىكى زاتلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئۈچ ئېقىم شەكىللەندۈرگەنمىش. بۇنىڭ بىرى ج خ باشقارمىسىدىكى مۇئاۋىن باشلىق قۇربانىيازنى يادرو قىلغان «جاھانگىر-تېروتىسكىچىلارنىڭ جاسۇسلۇق ئەنزىسى» بولۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان ئەمەلدارلار بىلەن چوڭ سودىگەرلەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرەتتى. ئىككىنچى، شارىپقان باشچىلىقىدى-



كى „ئالتاي توپىلاڭ ئەنزىسى بولۇپ، بۇنىڭغا ئالتاينىڭ مەمۇرى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەدىكى ئىدارە ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن يۇقۇرى قاتلام دىنىي زاتلار، چارۋىدار ۋە بەزى ئادەتتىكى چارۋىچىلار مۇكىرەتتى. ئۈچىنچىسى چېگرا ئىشلار باشقارمىسىدىكى چېن پېيشىڭ (ئەسلى ئىسمى ليۇ جىجۇڭ) بىلەن ۋۇزۇجۇن باشچىلىغىدىكى „جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسلۇق ئەنزىسى“ بولۇپ، چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ تايانچىلىرى، ئارمىيە-ھوكۇمەت ساھەسىدىكى باشلىقلار ۋە ئادەتتىكى كادىرلارمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرەتتى. دېمەك باندىت شىڭ شىسەي ئېلان قىلغان يۇقۇرىدىكى ئۈچ سېستىمىغا چېتىلماي ئامان قالغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى.

باندىت شىڭ شىسەي تېخىمۇ ئالجىپ: بۇ سۇيىقەستچىلەر 1939-يىلى 18-سېنتەبىردە قوراللىق توپىلاڭ قوزغىماقچى، ياكى 1940-يىلى 12-ئاپرېلدا قوزغالماقچى بولغان دەپ داۋراڭ سالدى، بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە دوچۇڭيۈەن ۋە ئۇنىڭ سوڭ پەملىلىك كاتىۋى. قۇربان نىياز ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى رەۋەيدۇللا، شارىپقان ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى شېرىپ قاتارلىقلار بار ئىدى. چېن پېيشىڭ لەنجۇغا بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالغانلىغى ئۈچۈن ئامان قېلىپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى مىڭ شيەنجاڭ بىلەن مۇئاۋىن باشقارما باشلىغى ۋۇزوجۇن قولغا ئېلىنغان ئىدى. بۇ كىشىلەر ئىككىنچى تۈرمىگە تاشلىنىپ ئىنتايىن ۋەھشىيانە قىيناشلارغا ئۇچرىغانلىقتىن، نەتىجىدە ھەممىسىلا باندىت شىڭ شىسەينىڭ ئالدىن-ئالا تەييارلاپ قويغان پىلانى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىقرارنامىلىرىنى يېزىپ چىقتى.

بۇ يەردە ئاساسلىق ئادەم دەپ قارالغان دو چۈگېۋەننى تونۇشتۇرىمىز. بۇ ئادەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇرۇن شاڭخەيدە «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە جياڭ جيېشىغە مۇدارىتىلىغان «قۇرۇق گەپچى پادىشا» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ جېنىغا تەككەنلىكتىن، گومىنداڭ ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر يەتتە جاناپ بىلەن بىرگە قولغا ئالغان ئىدى. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن 1937 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭغا كەلدى، «تيانشاندىن ئۈچ قېتىم ئۆتۈش»، «شىڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» . . . . قاتارلىق شىڭ شىسەينى كۆككە كۆتۈرىدىغان ماقالىلارنى يازدى. ھەتتا قولغا ئېلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، شىنجاڭ دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرىغا شىڭ شىسەينى مېھماندوست، پەزىلەتلىك دەپ ماختاپ، ئۆزىنى ئالىي مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋالغانلىقىنى، «6 بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى»نى تۈزۈشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى، سۆزلەپ ماختانغان ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا، ئىككىنچى قېتىملىق سۈيىقەست ئەنزىسىدىكى ئاساسلىق ئادەم ھېساپلىنىپ قولغا ئېلىندى.

دوچۈگېۋەن ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقارغۇچى كىشى شىڭ شىسەي بىلەن مەخسۇس ئالاقىلىشىدىغان چوڭ ئىشپىيون لى پېيكې ئىدى. لى پېيكې دۇ چۈگېۋەنگە زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ دوچۈگېۋەن بىلەن بىللىلا ھالاك بولدى. ئۇ ئەنزە ئاغدۇرۇشنىمۇ ئويلىغان. ئۇنىڭ ئىقرارنامىسىدە مۇنۇلار يېزىلغان: „ئۇلار مېنىڭ دوچۈگېۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى سورىدى.



مەن دوچۈگېۋەننىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. مېنى يەتتە كېچە - كۈندۈز ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ قىيىندى. ئۇخلاتمىدى. پۇتلۇرۇم كۆپتەك ئىششىپ كەتتى. ئىككى سوتچى مېنى سوراق قىلدى. پاكىت بولمىغانلىقتىن جاۋاپ بېرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن پەردە ئايرىپ تۇرۇپ بىر ئادەم بىلەن يۈزلەشتۈردى. ئۇ ئادەم سۆزلىدى. تۈرمە نازارەتچىسى مېنىڭ سۆز قىلىشىمغا يول قويمىدى. ھەلىقى ئادەمنىڭ سۆزلىگەنلىرى مېنىڭ ئاغزاكى ئىقرارىم بولۇپ قالدى . . . ."

دو چۈگېۋەن ئەنزىسىدە، باستۇرۇش ئوبيېكتىسى ئاساسەن ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەلۇم ئىناۋىتى بار كىشىلەر ئىدى. كىم دەرسنى ياخشى ئۆتسە، كىم رولنى ياخشى ئېلىپ چىقسا، كىمنىڭ نۇتقى ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولسا، شۇ كىشى زور جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھېساپلىناتتى. شۇڭلاشقا ئاتاغلىق ئارتىستلاردىن جاۋدەن، شۈيتاۋ جۇ جىنمىڭ، ۋاڭ ۋېيىي . . . لار دو چۈگېۋەن بىلەن بىللە قولغا ئېلىندى. باندىت شىڭ شىسەي دائىم زىيالىي ياشلارنى چاقىرتىپ سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا: „زىيالىيلار ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئامراق كېلىدۇ. خۇاڭ چياۋ بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ" دېگەن ئىدى. بىر سۆھبەتتە، چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ليۇ جىڭيۈەن دېگەن بىرەيلەن: „يەنئەندىن قايتىپ كەلگەنلەر يوللۇق سۆزلەيدىكەن" دەپ بىر ئېغىزلا گەپ قىلغان، باندىت شىڭ شىسەي ماجىلياڭ دېگەن يەنە بىر ياشتىن ئارزۇيۇڭ نېمە؟ دەپ سورىغاندا، „ئەڭ ئاخىرقى باۋار يېرىم يەنئەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ ئىككىسى ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا پاجەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلدى.

## ئاتالمىش ئۈچىنچى قېتىملىق سۈيىقەست ئەنزىسى يەنە ئاتالمىش «12- ئاپرېل توپىلاڭ قوزغاش سۈيىقەستلىك ئەنزىسى»

بۇ قېتىمقى ۋەقەنى باندىت شىڭ شىسەي ئۆز ئىنىسى شىڭ
شىچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش بىلەن باشلىدى. شىڭ شىچىنىڭ ئۇ-
لۈمى توغرىسىدا قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تېزىنى باسسا مېزى چى-
قىپ، قولاشماي قالدى، 1942 - يىلى 3- ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن تەزى-
يە يىغىنىدا باندىت شىڭ شىسەي „ئىنىمنىڭ ئوغلى تاپانچىنى
ئويناپ ئۆلتۈرۈپ ئوق چىقىپ كېتىپ ئۆلدى“ دېگەن ئىدى. ئارىدىن
بىر ئاي ئۆتكەندە «يېڭى شىنجاڭ» ژورنىلىغا بېسىلغان جىن يۈك
ئىمزالىق ماقالىدا «12 - ئاپرېل توپىلاڭ قوزغاش سۈيىقەستى
ئۆلكىمىزنىڭ ئەڭ ئالى ئەمەلدارىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، شۇ-
داقلا هوكۇمەتكە سادىق ئارمىيە هوكۇمەت خىزمەتچىلىرىنى
قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن، بەختكە قارشى
لۈيجاڭ شىڭ شىچى شۇ تەشكىلاتنىڭ سۈيىقەستىگە ئۇچ-
رىدى . . . . شىڭ لۈيجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئول-
تۇرۇلىشى ۋە يارا ئېغىزىنى، ئولۇشىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى
سىياسى - ھەربى جەھەتلەردىكى بەلگە ئالامەتلەرنى رازۋېتكا
قىلىپ، تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ھەرگىز ئاداۋەت مەسىلىسى
بولماي، يەنىلا سىياسى جەھەتتىكى سۈيىقەست ئىكەنلىكى ئېنىق-
لاندى. ئاساسلىق جىنايەتچىلەردىن زاڭ گۇفىڭ، لى يىڭۋۇقاتار-
لىقلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن سۈيىقەستلىك ئەنزى-
نىڭ پىلانى ۋە مەقسىدى بىر - بىرلەپ قولغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ
مەقسىدى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئاغدۇرۇپ، جۇڭگودىن ئايرىل-



غان قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا قاتناشقان
ئاساسلىق ئادەملەر: خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ بىڭ
(ماۋزېمىن)، خوتەن گارنىزون قوماندانى پەن بۇنەن. ۋالىسى
لو شۇلىڭ. قەشقەر ۋالىسى چېن فاڭبو، شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ
رىداكتورى ۋاڭ باۋچەن. قارا شەھەر ۋالىسى يۈي دېيى، مالىيە
تەپتىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چىشۇن. ھەربى مەكتەپنىڭ
سەنمۇجاڭى گودېچى، تۇسەن گۇڭسىنىڭ جىڭلىسى ما جاۋ، مۇئاۋىن
جىڭلىسى شاۋ زۇشىن. مىخانىكلاشقان بىرىگادىنىڭ سەنمۇجاڭى
پىڭ خۇەنگى، تۇەنجاڭى جاۋ جىڭتاڭ قاتارلىقلار. ھازىر بۇلار
داۋاملىق سوراق قىلىنىۋاتىدۇ . . . . .“

ھەقىقى ئەھۋال قانداق بولغان؟ شياۋ زۇشىنىڭ ئىقرا-
رىدا: „كومپارتىيىنىڭ كۇرسەتمىسى بويىچە، چېن شيۇيىڭ بىلەن
پاھىشىۋازلىق قىلدىم. ئاندىن چېن شيۇيىڭنى × ×گە تونۇش-
تۇرۇپ ئوتتۇنۇپ بەردىم“ دېيىلگەن. شياۋزۇشىنىڭ ئىقرارنامە-
سى يېزىلغان ۋاقىت دەل چېن شيۇيىڭنىڭ شىڭ شىچىغا ھەمرا
بولۇپ موسكۋادىن قايتىپ كېلىپ يېڭىلا كوز يورۇپ، قىرقى
توشمىغان ۋاقىت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شياۋزۇشىن ئىقرارىدا
چېن شيۇيىڭنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمىگەن. چېن
شيۇيىڭنى سوراق قىلىشتا، دەھشەتلىك قىيناش بىلەن ئالداپ
ئېزىقتۇرۇشنى تەڭ قوللانغان ئىدى. شۇنداق زۇلۇم قىلىسىمۇ
شياۋفەمىلىلىك بىرەيلەن كوزىگە ئىسسىق كورۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى،
لېكىن بۇنىڭ كومپارتىيە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلىقىنىلا
ئېيتتى. ئاخىرىدا شياۋ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئىنى-
كار قىلدى.

ئەمدى بىز ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىككى ئادەمنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قاراپ باقايلى: چېن ۋېنفەن دېگەن ئادەم مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، شىڭ شىچى بىلەن كۆڭلى يېقىن بولۇپلا قالماي، ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمۇ بەك قويۇق ئىدى. 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى، سوۋېت گېرمان ئۇرۇشى تازا جىددىيلەشكەن پەيتتە، باندىت شىڭ شىسەي خەت - تېلېگراممىلار يوللاپ، موسكۋا قىزىل ئارمىيە داشۆبىسىدە ئوقۇۋاتقان شىڭ شىچىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى سۆيلىگەن ئىدى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەي بىلەن پات - پاتلا جېدەللىشىپ، بەزىدە ھەتتا جوزا مۇشلۇشۇپ ئۆز ئارا تىللىشىپ كېتەتتى، شىڭ شىچى ئۆلتۈرۈلۈشتىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن باندىت شىڭ شىسەي ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە شىڭ شىسەينىڭ پوزىتسىيىسى مۇلايىم گەپلىرى يۇمشاق بولۇپ، شىڭ شىچىغا سىياسىي پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، „گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاق تۈزدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىت يوق. گومىنداڭ جۇڭگونى قۇتقۇزالمايدۇ. گوڭچەنداڭمۇ جۇڭگونى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. بىز ئېقىمغا ماسلىشىشىمىز كېرەك. ھازىر ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. جىددى پەيتلەر كېلىۋاتىدۇ. ئاكا - ئۇكىلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن بوران چاپقۇندا بىرگە بولايلى“، دېگەن. شىڭ شىچى كۆزىگە ياش ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان: „چۆكۈپ كەتسە بىر كېمە قالغىنى كېتىۋېرەر، قۇرۇپ قالسا بىر دەرەخ، ئورمانلار كۆكلەۋېرەر“ دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇپ، يېڭى تۇغۇلغان شەيئىلەر يېڭىلمەيدۇ، غەربتە ستالىن، شەرقتە ماۋزېدۇڭ بار. گەرچە فاشىست-



لار بىر مەھەل غالجىرلاشسىمۇ، كەلگۈسىدە ھامان ھالاك بولىدۇ، ھەربىي ئادەم جەڭنى ئۆز كەسپى دەپ بىلىدۇ، مەغلۇپ بولساق دۆلەتنىڭ زېمىنىنى يوقىلىدۇ، سەن ئۆز بىلگىنىڭنى قىلىۋېرىدىغان بولساڭ قېرى ئاپامنى يېتىلىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىشنى خالايمەنكى، تەسلىم بولۇپ ئۆزدىمىزنى نابۇت قىلىدىغان يولغا ماڭمايمەن! دېگەن.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چېن شىيۈينىڭ ئۆيدە يوق ئىدى. چېن ۋېنفەن شىڭ شىچىنىڭ ياتاقخانىسىدا پاراڭ سېلىپ ئولتۇراتتى. شىڭ شىسەي كانۋىيى ياڭ بىڭۋېنى ۋەۋاڭ فەمىلىلىك يەنە بىر كانۋىيىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ قالدى. چېن ۋېنفەن باندىت شىڭ شىسەي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. ياڭ بىڭۋې سىرتتا گۈزەتچىلىكتە تۇردى. باندىت شىڭ شىسەي بىلەن ۋاڭ فەمىلىلىك كانۋىيى شىڭ شىچىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئارىدىن تەخمىنەن ئون مىنۇت ئۆتۈپ، شىڭ شىسەي بىلەن ياڭ بىڭۋې ئەمدىلا ھويلىغا چىقىشىغا ياتاقخانىدىن تاپانچا ئېتىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. چېن ۋېنفەن نەق مەيدانغا كىرىشكە پېتىنالمىغان بولسىمۇ، شىڭ شىسەي ئىنىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. چېن ۋېنفەن سەنمۇلار باشقارمىسىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا ياڭ بىڭۋېنى كۆرۈپ قالغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن شۇ كۈنى كەچتە چېننى قولغا ئېلىپ، 5 - تۈرمىدە مەن ياتقان كامېرغا ئەكىلىپ سولىدى. ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارنى ئەينى بويىچە ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يەنە بىر كىشى مىخانىك-

لاشقان بىر نىگادىدىكى يۈي سەنئەتىدى، ئۇشىڭ شىچىغا ئەھۋال دوكلات قىلىش ئۈچۈن، دەل شىڭ شىچىغا ئوق تەككەنىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالىدۇ. ئۇ كىرىپ، ئۆلگۈچىنىڭ كارۋات بىلەن دىۋان ئوتتۇرىسىدا ياتقانلىقىنى، ئوق باشىنىڭ ئارقىسىدىن تەككەنلىكىنى كۆرگەن ئىكەن. چېن شيۈيىڭ يۈي سەنئۇدىن كېيىن كېلىپلا جەسەتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ بىر قانچە قېتىم ھوشىدىن كېتىدۇ. كورگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئەر-خوتۇن ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن، ھېچقاچان توقۇنۇشۇپ ياكى تاكاللىشىپ باقمىغان ئىكەن، كارۋاتتا بىر دانە تاپانچا قالغان ئىكەن. بۇ تاپانچىنىڭ ماركىسى شىڭ شىسەي ئادەملىرىنىڭ تاپانچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. مېنىڭ تەھلىل قىلىشىمچە، شىڭ شىسەي قاتىلغا، شىڭ شىچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، تاپانچىنى كارۋاتقا تاشلاپ چىقىشنى تاپشۇرغان. بۇنىڭدىن مەقسەت، شىڭ شىچىنىڭ بالىسى تاپانچىنى ئويناپ ئۆلتۈرۈپ ئوق چىقىپ كېتىپتۇ دەپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تاپانچا ئوينىدى دەيدىغان بالا شۇ كۈنلەردە چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدە ئىدى. دېمەك بۇ خۇددى بۇيەردە ئۈچ يۈز سەر تەڭگە يوق دېگەندەك ئىش بولۇپ چىقتى. شىڭ شىسەي ئۆز قەلىمى بىلەن ستالىنغا يازغان خەتتە: چېن شيۈيىڭ بىلەن غەيرىي نورمال مۇناسىۋەتتە بولغان بىر كىشى شىڭ شىچىنى قەستلەپ ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. بۇ بىر سۇيىقەست. جاھانگىرلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، ئالبەتتە بۈيۈك سىياسەتكە قارشى ئېلىپ بارغان ھەركىتى دەپ يېزىلغان. جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن خەتتە بولسا: „شىڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شىنجاڭ-



دىكى سۇيىقەستى" دەپ يېزىلغان. بىرلا ئەنزىنى بىر تەرەپكە ئاق، يەنە بىر تەرەپكە قارا كورسىتىش شىڭ شىسەينىڭ ئادىتى ئىدى. دوچۇڭيۈەنىنىڭ ئەنزىسىدىمۇ شۇنداق نەيرەڭ ئىشلەتكەن.

3 - قېتىملىق ئاتالمىش توپىلاڭ قوزغاش سۇيىقەستى ئەنزىسىنى پەيدا قىلىشتىن مەقسەت، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرى ئارىلىقىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلىكسەپ پىرىنسىپىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت خىزمىتىگە قاتنىشىپ، فېئوداللىق تۈسى قويۇق بولغان شىنجاڭنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ كۆپىنچىسى كومپارتىيە ئەزالىرى بولۇپ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. ئۇلار كەڭ ياشلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بارغانسېرى چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەنلىكتىن باندىت شىڭ شىسەي ئۇچەنلىك قىلىشقا باشلىغان. دەسلەپتە تىرناق تۇۋىدىن كىر ئىزلەپ يۈردى. كېيىنچە بەتنام چاپلاپ، زىيانكەشلىك قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يۈزىنى توكمەكچى بولدى. 1939 - يىلى يولداش لىن جىلۇ 7 - ئىيۇل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىر قىسىم ناخشىلار توپلىمىنى باستۇرغان. توپلامنىڭ بېشىغا ماركس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ، جۇدې ۋە شىڭ شىسەينىڭ سۈرەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بىراق، شىڭ شىسەينىڭ ئورنى ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلىپ قالغانلىقى چوڭ جىنايەت بولۇپ ھېسابلاندى. شىڭ شىسەي ئۆزىنى ئۇلۇغ داھى دەپ ئاتاپ، ئىزچىل ھالدا سەنمىنجۇيى،

كوممۇنىزم، ئالته بۈيۈك سىياسەت جۇڭگونىڭ ئۈچ زور سىياسى سېستىمىسى، گومىنداڭ ئارمىيىسى، 8 - ئارمىيە، شىنجاڭدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى بولسا ئۈچ چوڭ ھەربى گۇرۇھ دەپ داۋراڭ قىلاتتى، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن قويماسلىق ئىدى، غەزەپلەنگەن شىڭ شىسەي: „شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇ تەستىقتىن ئۆتكۈزمەيلا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ناخشىلار توپلىمىنى بېسىپ تارقىتىپ، ئالته بۈيۈك سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان ئېغىر سىياسى خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئەسلىدە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەمما بۇ ئادەمنىڭ بەزىبىر تۆھپىسى بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، يېنىكلىتىپ چارە كۆرۈپ، بىر چوڭ گۇنا يېزىشنى بۇيرۇيمەن" دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، خۇاڭ خۇچىڭ، لىن جىلۇ، لى يۈنياڭ قاتارلىق يولداشلارنى سوھبەتكە چاقىرىپ: شىنجاڭدا فېۋداللىق تۈس ئىنتايىن قويۇق، يەنئەننىڭ ئۇسۇللىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ. سىلەر سولچىل تەۋەككۇلچىلىك خاتالىقى ئۆتكۈزدىڭلار ..... ئالته بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئۆزى كوممۇنىزم. كوممۇنىزمنى يەنئەندىن ئېلىپ كېلىشنىڭ ھاجىتى يوق" دېگەن. شۇنداق قىلىپ يولداش لىن جىلۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىۋەتتى.

كوممۇنىستىك پارتىيە خۇددى مەزمۇت قەد كۆتىرىپ تۇرغان قارىغايدەك جۇدۇن چاپقۇنلارنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، نەگە بارسا شۇ يەردە چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيتتى. يولداش لىن جىلۇ شىڭلى يۈدۈپ كۇچارغا خىزمەتكە بارغانلىقى



تۇغرىسىدىكى ھېكايىلەر خۇددى رىۋايەتتەك ئوخشاش جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان ئىدى. كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئالىي پەزىلىتى قەدىمقى كۇسەن دۆلىتىدە شانلىق نۇرىنى چېچىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى بىردەممۇ توختاتمىغان. ئۇ پومېششىكلار زىيانكەشلىك قىلىپ قاماپ قويغان مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان پومېششىكلارغا، باي - بەگلەرگە، بولۇپمۇ دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەت ئېلىپ بارغان ئىشانلارغا زەربە بەردى. شىڭ شىسەي كومپارتىيىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرىنى تارايتماقچى بولغان. لېكىن، لىن جىلۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشى نەتىجىسىدە، تەسىرى تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتكەن. شىڭ شىسەينىڭ شىڭ شىچىنى ئۆلتۈرۈپ، چېن شيۇيىڭدىن پايدىلىنىپ، كومپارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى، كومپارتىيىدىن ئاممىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن قوللانغان ئەڭ پەسكەش، ئەڭ رەزىل، ئەڭ زەھەرلىك سۇيىقەستى ئىدى. شىڭ شىسەي نېمە ئۈچۈن ئىلغارلىق نىقابىنى تاشلىۋېتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاشكارا قارشى تۇردى؟ 1942 - يىلى گېرمانىيە فاشىستلىرى ئوكرائىنانى بېسىۋېلىپ، موسكۋانى قورشىۋالغان، ئامېرىكا - ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، جۇڭگونى قۇربان قىلىۋېتىش ھېساۋىغا ياپونىيىگە ياخشىچاق بولۇشنى قارار قىلىشقان؛ جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى بولغان جاڭ جيېشى بولسا جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنى قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان يېڭى 4 - ئارمىيىنى يوقىتىۋېتىش خام خىيالىدا بولغان؛ جاڭ جيېشى ئىلگىرىكى رايونلاردا كومپارتىيىگە قارشى دولقۇن ئەۋج ئالغان بىر مەزگىل ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، فاشىست-

لار غەلىبە قازىنىدۇ، سوتسىيالىزم غۇلاپ كېتىدۇ، كومپارتىيىمۇ جۇڭگودا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دەپ قاراپ، پومىششىك مىلىتارىستلىق ئەسلى تەبىئىتىدىكى ئەسەبىيلىكى قايتا قوزغىلىپ، غالجىرلاشقان ئىدى. مانا بۇ ئاتالمىش «12- ئاپرېل توپىلاڭ قوزغاش سۇيىقەستلىك ئەنزىسى»نى پەيدا قىلىشتىكى ئاساسىي سەۋەپ، شۇنداقلا ئىچكى تاشقى سىياسى ئارقا كورۇنۇشتۇر. كوممۇنىستىك پارتىيىنى يوقىتىپ، جاڭ جيېشى باندىتلىرىغا يېقىنلىشىپ، گومىنداڭنى ۋاستىچى قىلىپ، فاشىزىم ئوق مەركىزىگە قاتنىشىپ، گېتلېر، مۇسسولىنى، دۇڭتاۋلارنىڭ سېپىگە قوشۇلماقچى بولغان شىڭ شىسەي، كىشىلەرنىڭ كوز - قۇلىقىنى ئېتىش ئۈچۈن، قارىسىغا ئەگەشمەيدىغان ئىنىسى شىڭ شىچىنى ئولتۇرگەن ئىدى.

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان جۇڭگو كومپارتىيىسى، شىنجاڭدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشنى ئالدىنئالا سېزىپ، بىر تەرەپتىن، بىرلىكسەپ پارچىلىنىشتىن بۇرۇن شىڭ شىسەيگە قارىتا ئەڭ ئاخىرقى قولغا كەلتۇرۇش خىزمىتى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن يولداشلارنى قەيسەرلىك بىلەن كۇرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگەن ئىدى. 1942 - يىلى كۈز پەسلىدە يولداش چېن تيەنچيۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆگىنىش ئۇيۇشمىلىرى قۇردى. تۇۋەندە نۇرغۇن شوبە ئۇيۇشمىلارنى تەسىس قىلدى، ھەر بىر شوبە ئۇيۇشما بىر جەڭگىۋار كوللېكتىپ بولۇپ شەكىللىنىپ، ۋەقەنىڭ ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى كورگەن ئىدى. تۈرمىدە دۈشمەنگە قارشى قىلىنغان بارلىق كۇرەشلەرنى ئۆگىنىش ھەيئىتى تەشكىللىگەن ئىدى.

1942 - يىلى 8 - ئايدا يولداش چېن تيەنچۇ نەزەر بەنت



قىلىنغان پارتىيىلىك يولداشلارغا: «شىنجاڭنىڭ تيانشان تېغى بېپايان دېڭىزغا ئوخشايدۇ، قانات بولسىمۇ ئۇچۇپ ئوتۇش تەس، بىز ھەر قاچان قولغا ئېلىنىشىمىز مۇمكىن، ....... بىزدە نامراتلاشقاندا تەۋرەنمەيدىغان، باي بولغاندا چىرىپ كەتمەيدىغان، ھەيۋە ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان پولاتتەك ئىرادە بولۇشى كېرەك. باش كەتسىمۇ ئىرادىدىن قايتمايدىغان جەڭگىۋار روھ بىلەن ھەر قانداق قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم» دىگەن ئىدى. دەرۋەقە، 1942- يىلى 9- ئايدا باندىت شىڭ شىسەي زەھەرلىك قولىنى سېلىپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان 150 نەچچە نەپەر كومپارتىيە ئەزاسىنى ئائىلە- تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ قولغا ئالدى. يولداش ماۋزېمىن، يولداش لىن جىلو ۋەكىللىگىدىكى جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى يولداش چېن تەنچيۇنىڭ روھى بويىچە قەتئى تىز پۈكمەستىن تۈرمىدە دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

## 3. شىڭ شىسەي تۈرمىدە قوزغىغان ئۈچ قېتىملىق ناھەق قىرغىنچىلىق

بىرىنچى قېتىملىق تۈرمە قىرغىنچىلىقى 1938- يىلى ئەتىيازدا باشلاندى. ئاتالمىش بىرىنچى قېتىملىق توپىلاڭ قوزغاش سۇيىقەست ئەنزىسىدىن كېيىن، زور كولەمدە تۇتقۇن قىلىش بولدى، گەرچە يېڭىدىن بەش تۈرمە كوپەيتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يېتىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم كونا جىنايەتچىلەرنى ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلدى. ئالدى بىلەن فۇچۇەن دىگەن

كەمشى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى: جىن شۇرېن شىڭ شىسەينى
باش قوماندانلىققا تەيىنلىگەن چاغدا، شىڭ شىسەي ئەسكىرى
يوق قوماندان بولۇپ، بۇيرۇغى ئۆتۈدىغىنى فۇچۇەن بىرىگادىسى
ئىدى. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندا فۇچۇەن قېرىپ كەتكەنلىك-
تىن، ئۆزىنى بوشىتىپ يۇرتىغا قايتۇرۇشنى قايتا- قايتا ئۆتۈن-
گەندە، شىڭ شىسەي ئۇنىڭ ئۆزلۈگىدىن ئەسكەر تاپشۇرغىنىغا
خوش بولۇپ، ئۇرۇمچىغا ئىپتىۋار بېرىش يۈزىسىدىن ئۆلكىلىك
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن،
كېيىن توھپەكورسەتكەن ئەمەلدارلارنى قىرغىن قىلىش خىيالىغا
كەلگەندە، فۇچۇەننى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى
بىلەن قوشۇپ قولغا ئالغان ئىدى. 1938 - يىلى مەن فۇچۇەن
بىلەن بىر كامېردا يېرىم يىل بىللە ياتتىم. ئۇ ماڭا ئۆز هايا-
تىنىڭ غېرىپچىلىقتا ئۆتكەنلىكىنى، خوتۇن- بالىلىرىمۇ، ئۆي-
بىساتىمۇ يوق بويتاق ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ تارى-
خىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ۋەقەلەرنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى.
ئۇ شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىغا قەتئى
ئىشىنەتتى. چۈنكى شىڭ شىسەي ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەس-
كىرىي كۈچكە تايىنىپ ماجۇڭيىڭنى يەڭگەن ئىدى. ئۇ، شىڭ شى-
سەينىڭ ئۆزىگە يازغان بىر پارچە خېتىنى گوھەردەك ئەتىۋالاپ
ساقلاپ يۈرەتتى. شىڭ شىسەي ئۆز قەلىمى بىلەن: «سىياسى جە-
ھەتتىكى ئېھتىياج كوزدە تۇتۇلغانلىقتىن، ۋاقتىنچە ئازار يەي-
دىغان بولدىڭىز، ئەنسىرىمەي خاتىرجەم بولغايسىز!» دەپ يازغان
ئىدى. 1938- يىلى كۈزدە ئۇنى كامېردىن ئېلىپ چىقىدىغان
چاغدا، يۈزلىرىدىن كۈلكە يېغىپ، كوزلىرىدىن خوشاللىق نۇر-



لىرى چاقناپ، كوتىرەڭگۈ، روھلۇق- تېتىك بولۇپ، مەن بىلەن
قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن تۈرمىدىن بوشى-
تىلىش شاتلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى. 1942- يىلى ئەتىيازدا مەن
پەۋقۇلئاددە تۈرمىگە يوتكەلدىم. بۇ تۈرمە باندىت شىڭ شىسەي-
نىڭ قىرغىنچىلىق مەيدانى ئىكەنلىگىنى بىلەتتىم. بۇ يەردىكى
كورۈمسىز قارا تامدا ئۆششاق قىلىپ ئويۇلغان بىر قانچە خەت
تۇرغانلىقىغا كوزۇم چۈشتى. يېقىن بېرىپ قارىسام، «ئوخشاش
ئەنزىدىكىلەرنىڭ كوپىنچىسى مەشەدىن كەتتى، دۇبەن ماڭا
زىيانكەشلىك قىلمايدىغان بولسا، بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كېلىپ
قالدىم؟ فۇچۇەن. 27- يىل 8- ئاي» دىگەن خەتلەر ئىكەن. ئۇ
ئېيتقان ئوخشاش ئەنزىدىكىلەردىن جىڭ رۇنچىڭ، يىڭ جەنبىياۋ،
ياڭ ياۋجۈن قاتارلىق شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ ھەربى ئە-
مەلدارلىرى بولۇپ شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ هاكىمىيەت قۇرۇشتا
توھپە كورسەتكەنلەر ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئۇلارغا بەرگەن
مۇكاپاتى: ئالدى بىلەن بېشىغا كالتەك ئۇرۇپ هوشىدىن كەت-
كۈزۈپ، ئاندىن كېيىن بوينىغا سىرتماق سېلىپ دارغا ئېسىپ
قويۇشتىن، ياكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۈرمىنىڭ هويلىسىغا
ئەچىقىپ پىلىموت بىلەن قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، تۈرمىدىن
قېچىشقا ئۇرۇندى دىگەن بەدنامىنى چاپلاپ، كىشىلەردە ئۇلارنىڭ
تۈرمىدە ئولتۇرۇلگىنى ھەق بوپتۇ دىگەن قاراشنى پەيدا قىلىش-
تىن ئىبارەت بولدى.
تۈرمىنى ئىككىنچى قېتىم قانغا بوياش ۋەقەسى 1942-
يىلىنىڭ 3- 4- ئايلىرى ئارىلىقىدا يۈز بەردى. چۈنكى دۇچۇڭ-
يۈەن ئەنزىسى يۈز بېرىپ، تۈرمىگە يەنە ئادەم سىغىشماي قالدى،
بۇ قېتىمقى قىرغىن قىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ كوپىنچىسى 1937-

يىلىدىن 1938- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قولغا ئېلىنغانلار ئىدى. شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق ئەرباپ، قومۇل ۋالىيسى لىيزۇڭلىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى خۇاڭ خەنچاڭ، مائارىپ نازىرى جاڭ شىن، قۇرۇلۇش نازىرى شى چاڭ، خەلق ئىشلار نازىرى ماشاۋۋۇ، مالىيە نازىرى خوشۇۋكاڭ، دېخانچىلىق- كانچىلىق نازىرى يۈنۇسبەك، قەشقەر ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شيۇڭ شاۋيۈەن، ئىلى ۋالىيسى چېن دېلى ۋە مېنىڭ سەپداشىم يەنى مەن بىلەن بېيجىڭدا بىر ئاستى خىزمەت ئىشلىگەن كومپارتىيە ئەزاسى گاۋيۈيۈ بار ئىدى. بۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىقتا تۈرمە باشلىقى چېن شۈجۈڭ، جاڭ سىشىن، لۇجۇيكۇي، ۋاڭ جاۋشياڭ، لى چۇنشىڭ، لۇدىيەنكۇي قاتارلىق جاللاتلار قاتناشتى. قىرغىنچىلىق ئۇسۇلى ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشايتتى. ئۆلتۈرۈلگۈچىلەر ئىچىدە تۈرمە باشلىقى بىلەن شەخسى ئاداۋىتى بارلار بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئانا (ئارتىرىيە) تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتى، بۇلارنىڭ قېنى ئېقىپ تۈگىگەندىن كېيىن قىينىلىپ ئۆلۈپ قالاتتى، قەبىھ ۋاستە بىلەن ئەڭ پاجىئەلىك تۈردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى شىڭ شىسەينى يۆلەپ تەختكە چىقارغان ياڭ شۇتاڭ ئىدى. ئۇ تۈرمە باشلىقى ۋاڭ جاۋشياڭنى تىللىغان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن ياڭ شۇتاڭنى دارغا بىر ئېسىپ بىر چۈشۈرۈپ، يەتتە- سەككىز قېتىم تەكرارلاپ ئۆلتۈرگەن، يەنە بىرسى قازاقنىڭ ئىنقىلاۋىي قەھرىمانى شارىپقان بولۇپ، ئۇ، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا ماركسىزم- لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئىگىز بويلۇق، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، كالتەك بىلەن ئۇرغاندا يىقىلماي قارشىلىق كۆرسەتكەن. ياۋۇزلۇقتا يىرتقۇچ



ھايۋانلاردىن قېلىشمايدىغان تۈرمە ئەمەلدارلىرى قولىغا بىردىن قىلىچ ئېلىپ ئۇنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىسمىغا شىڭ شىسەي ئۆزى بەلگە ئۇراتتى. تۈرمە قىرغىنچىلىقىدىن بۇرۇن ھەر قايسى تۈرمىلەر ئىسىملىك يوللايتتى، قىزىل بەلگە ئۇرۇلغىنى ئۆلتۈرۈلەتتى، قىزىل بەلگە ئۇرۇپ بولۇپ ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش زۆرۈر دەپ قارىسا، قىزىل بەلگىنىڭ ئۈستىگە كۆك سىيا بىلەن × بەلگىسى سىزىپ قوياتتى. مەيلى قانداق قەھرىمان شەخس بولسۇن، مەيلى ئۇ خەلق ئۈچۈن قانچە زور تۆھپە كۆرسەتكەن بولسۇن، ئىسمىغا قىزىل قەلەم سىزىلسىلا تۈگىشەتتى. شىڭ شىسەيگە ئىگىلىك يارىتىپ بەرگەنلەردىن ياڭ شۇتاڭ، نيۇجىنخەن، مادېشەنلەر، جاڭ پېيۈەننى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەن ليۇبىڭ، جىن شۇرېننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغان خايۇيلياڭ، ئۆزى بىلەن جاپا- مۇشەققەتتە بىللە بولغان جاۋتيېمىنلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ كىچىك قېيىنىنىسى ياۋجىجۇڭ، ئۆز ئېرى چيۇزۇڭجۈننىڭ قېرى قىزى ۋۇرۇيىنى ئۆي خىزمەتچىسى قىلىپ ئېلىشىغا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈنلا توپىلاڭ قوزغاش ئەنزىسىگە چېتىلغان دەپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. باندىت شىڭ شىسەي باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن، ئەھۋالنى بىلىدىغان چېن ۋىنخەن، يۈي سەنمۇ، شىڭ شىچېنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قاتىل ۋاڭ قاتارلىقلارنى سوراققا تارتىپ ئۆلتۈرمايلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋەتتى.

ئۈچىنچى قېتىملىق تۈرمە قىرغىنچىلىقى 1943- يىلى كۈزدە جياڭ جيېشى ئەۋەتكەن سۇن مېيلىڭ، دۇڭ شيەنگۇاڭ قاتارلىق بان-

دىتلارنىڭ كورسەتمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس زور تۆھپە ياراتقان چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار شۇ قېتىمدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇ باندىتلار خوجايىنىغا چوڭ گەپ قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مەسئۇللىرىنى كومپارتىيىدىن ۋاز كەچتۈرىمىز، ياكى پارتىيىدىن ئاجرىتىۋېتىمىز دەپ، قاراڭغۇ تۈرمىگە قاماش، قامچا بىلەن ساۋاش، كومۇرنىڭ ئىسىدا بۇرۇختۇرما قىلىش، جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىپ خورلاش، ۋەھشىلەرچە قىيناپ ئۇرۇش ۋە باشقا خىلمۇخىل قىيناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق قىلمىغىنى قالمىدى. بۇ يولداشلار بولسا قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇردى. دۈشمەنلەر لەنەتتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ بىر ناھەق ئەنزىنى ئاياقلاشتۇرۇشنىڭ ھېچ بىر ئامال چارىسى قالمىغاندا، دۈشمەن ئىزا-ئەلەمنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاغامچا بىلەن بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتتى (1943- يىلى 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاراڭغۇ كېچىدە چوڭ ئىشپىيون لى يىڭچى، جاڭ سىشىن، ياڭ يوغانباش قاتارلىق باندىتلار شىڭ شىسەينىڭ كورسەتمىسى بويىچە ئىبلىس چاڭگىلىنى سالغان ئىدى). يولداش ماۋزېمىن زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن ئىدى: ۋەتەننى، ئىنقىلابنى دەپ بىزنىڭ ئائىلىدىن يەڭگەم، سىڭلىم، ئىنىم قۇربان بولدى. مېنىڭ سىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىم دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر. سىلەرنىڭ مېنى پارتىيىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشۇڭلار خام خىيال!».



غالجىرلاشقان مۇناپىق شىڭ شىسەي شىڭ شىچىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جاۋاپكارلىقنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ، چېن شيۇيىڭ ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىگە تۆھمەت چاپلاپ، زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى. بۇ يىرتقۇچلار چېن شيۇيىڭنى زادىلا قويۇۋەتمىدى. شياۋدۇڭلياڭدىكى كاتولىك چېركوسى تۈرمىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە 137- نومۇرلۇق بىر قاپ-قاراڭغۇ كامېر بولۇپ، بۇ كامېر ئاساسلىق جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىدىغان سورۇن ئىدى. چېن شيۇيىڭ شۇ يەرگە قامالدى. بىر-قانچە قېتىملىق قىيناش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بەدىنىدە ساق يەر قالمىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنىمە ئۇندۇرۇپ ئالالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ چوڭ يەڭگىسى (شىڭ شىسەينىڭ خوتۇنى) چيۇ يۇيفاڭنى ئىشقا سالدى. چيۇ يۇيفاڭ 137- نومۇرلۇق كامېرغا كېلىپ چېن شيۇيىڭغا: «سىز كىچىك ئوغلىڭىزنى سېغىنغانسىز؟ ئىقرار قىلسىڭىزلا بالىڭىزنى ئەكىلىپ بېرىمىز، سىزنى قويۇۋېتىشكىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ. چېن شيۇيىڭ بالىسىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن شياۋزۇشىن بىلەن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، بۇ ئىش بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى يوقلۇقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. چيۇ يۇيفاڭ گېپىدە تۇرۇپ، شىڭ شىچىنىڭ كىچىك ئوغلىنى 137- نومۇرلۇق كامېرغا ئەكىلىپ بېرىدۇ. چيۇ يۇيفاڭ ئازراق نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چېن شيۇيىڭنى قىستاشقا باشلايدۇ: «سىز شياۋ بىلەن..... بولغاندىن كېيىن كومپارتىيە بىلەن.... قىلماي قويامسىز، بۇنداق بولغاندا ئىش تۈگىمەيدۇ-دە! پەقەت سىز × × × بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى بوي-

نىڭىزغا ئالسىڭىزلا ھەر قانداق شەرتىڭىزنى ئورۇنلاپ بېرىمىز. سىزنى × × × بىلەن يۈزلەشتۈرىمىز. يۈزلەشكەندە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت سىزدىن سورىغاندا „بولغان“ دېسىڭىزلا ھەممە مەسىلە بىراقلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سىزنىڭ زور بىر تۆھپىڭىز بولىدۇ. بالىلىرىڭىزنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بولسىمۇ سىز ماقۇل دەڭ“ دەيدۇ. چېن شيۇيىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ: „گەپلىرىڭ ئوسورۇق! ئۇنداق ئىپلاس ئىشلار پەقەت سىلەرنىڭ چيو فەمىلىلىكلەرنىڭ ئويىدىنلا چىقىدۇ. كوممۇنىست شەرەپلىك ھايات كۆچۈرىدۇ. ئۆلسىمۇ پاك كېتىدۇ. ماڭا بالىنىڭمۇ كېرىكى يوق. ئۆلۈپلا قۇرتۇلسام دەيمەن. تەنتەنە بىلەن شۇنى جاكالايمەنكى، ھېلىقى شىياۋ پەمىلىلىك كىشىنى پەقەتلا تونۇمايمەن.“ قانخور چيۇيۇفاڭ قۇرغان قاپقان كارغا كەلمەي، سۈيىقەستى بەرباد بولغانلىقىنى كۆرۈپ، جان - جەھلى بىلەن غەزەپكە كېلىپ، دۇنيادىكى باشقا جاللاتلار ئويلاپ يەتمەيدىغان مۇدھىش جازا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جىنسىي يولىغا لامپۇچكا كىرگۈزۈپ توك ئۆتكۈزىدۇ. كېيىن يەنە پۈتۈن كىيىمىنى سالدۇرۇپ تاشلاپ، يۇڭ ئاغامچا بىلەن چاتراقنى ھەرىدەيدۇ. تاكى گوش كېسىلىپ سۆڭەك كۆرۈنگەندە، چېن شيۇيىڭ چىلىقلاپ ئاققان قان ئىچىدە جان ئۈزىدۇ.

ئەسلىدە، سۆك مېيلىڭ بىر سوراقچىلار ئومىگىنى باشلاپ شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. باندىت شىڭ شىسەي چيۇيفاڭلار بىر تۇزاق قۇرۇپ، پەردە ئارقىلىق يۈزلەشتۈرىدىغان بىر ئويۇن تەييارلاپ سۆك مېيلىڭغا كۆرسەتمەكچى، شۇ ئارقىلىق چېن شيۇيىڭنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن پاھىشە قىلغانلىقىنى راست ئىكەنلى-



گىنى، شىڭشىسەينىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن يوشۇرۇن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى راست ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئاتالمىش «12 - ئاپرېل» توپىلاڭ قوزغاش سۇيىقەست ئەنزىسىنىڭمۇ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان ئىدى. گەرچە چېن شيۇيىڭ كومپارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ لېكىن كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن سۆيەتتى. پارتىيىمىزنىڭ ئابروي - ئىناۋىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، خېيىم - خەتەردىن قورقماي، ئادەتتىكى كىشىلەر چىدىيالمايدىغان ئازاپ - ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز ھاياتى بىلەن فاشىستلارغا قارشى تۇرۇشتا ئىنقىلاۋىي قۇربان بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلغان. مۇشۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىلا مەردانىلىق بىلەن يېزىلغان تارىخىي داستاندۇر.

## 4. شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن قانداق كەتتى؟

ماۋجۇشى: بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: „مىڭلىغان - مىليونلىغان ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىپ، ئۇلارنىڭ قان ئىزلىرىنى بېسىپ، ئالغا چامدايلى!“ ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى، بىرلىكسەپ تۈزۈش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن باندىت شىڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خالىغىنىچە زوراۋانلىق قىلىۋېرىشىگە مۇتلەق يول قويمىدى. چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئىستىخىيىلىك قوزغىلاڭلار ئۈزۈلمەي كۆتۈرىلىپ تۇردى. بولۇپمۇ 1944 - يىلى ئەتىيازدا، ستالىن رەھبەرلىك قىلغان فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇش غەربىي سەپتە غەلىبە قىل-

دى. خېلى بۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇلغان ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى 1944 - يىلى 5 - ئايدا ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە
قوزغىلىپ، بىرىنچى ئوق ئېتىلدى، كېيىنكى يىلى
10 - ئايدا نىلقا ناھىيىسى ئازات قىلىندى. گومىنداڭ
توپىلاڭنى تىنجىتىش بانىسى بىلەن زور تۈركۈمدىكى ھەربى كۈچىنى
شىنجاڭغا كىرگۈزدى. جياڭجيېشى باندىتلىرى شىنجاڭنى چاڭگىلىغا
كىرگۈزۈۋېلىشنىڭ پۇرسىتى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ،
غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جۇشاۋلياڭنى
ئەۋەتىپ، شىڭ شىسەينى ئىچكىرىگە يۆتكەش غەرىزىنى ئۇقتۇردى
ۋە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دېخانچىلىق - ئورمانچى-
لىق مىنىستىرى بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلغۇزدى. شىڭ شىسەي
كورۇنۇشتە ئۇستۇرۇپ ئەمەلىيەتتە چۇشۇرىدىغان مەنسەپنى ئاسان-
لىقچە قوبۇل قىلمايتتى. ئىشپىيونلار ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىپ
12 يىل ئولتۇرغان يەرلىك خاقانلىق تەختىدىن ئوڭايلىقچە ئاي-
رىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئايلىنىپ قالغان بېشىدا يېڭى شىرىن
خىياللار پەيدا بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ستالىنغا ناماقۇل بو-
لۇپ توۋە قىلىپ، ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىنغان مەخپى ئىلتى-
ماسنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش كونسۇلىغا تاپشۇ-
رۇپ بەردى. مۇبادا گومىنداڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، قىزىل
ئارمىيە ئاسمان زېمىننى قاپلاپ يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىت
قىلدى. ئىككىنچى تەرەپتىن، يەنە بىر رەت ئاتالمىش توپىلاڭ
قوزغاش سۇيىقەست ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، گومىنداڭ-
نىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەتتىكى چوڭ ئەمەلدارلىرىنى تۇتقۇن قىل-
ماقچى بولدى. 1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن
كېيىن، پۈتۈن شەھەردىكى ئالى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇ-



چىلىرىنى يىغىپ، „ھازىر يەنە بىر قېتىملىق توپىلاڭ قوزغاش
سۇيىقەست ئەنزىسى سېزىلدى. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ بۇنىڭغا
قاتناشقانلار خېلى كۆپ. ھۆكۈمەت ئىسپات - پاكىتلارنى تولۇقى
بىلەن قولغا چۈشۈردى، ھازىر سىلەرگە يېڭىۋاشتىن ئادەم بو-
لۇش يولى كۆرسىتىپ بېرىمەن. ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، مەسىلىسىنى
تاپشۇرغانلارغا ھۆكۈمەت چوقۇم كەڭچىلىك بىلەن چارە كۆرىدۇ“
دەپ نەسىھەت قىلىپ، ھەممەيلەننى رەتلىك تىزىپ، ئالدىن-
ئالا تەييارلاپ قويۇلغان جوزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، جوزىنىڭ
ئۈستىگە قەغەز - قەلەم قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا „توپىلاڭ قوز-
غاش سۇيىقەست ئەنزىسىگە قاتناشقانلار ئۆزلۈكىدىن ئىسمىنى
يازسۇن“ دىگەن خەت يېزىلغان ئىدى. ھەممە ئادەم جوزا ئالدى-
دىن ئۆتتى. لېكىن بىرمۇ ئادەم ئىسىم يازمىدى. شىڭ شىسەي
غالجىرلىق بىلەن داۋراڭ سېلىپ: بۇ كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئىقرار
قىلىشنى خالىمىغانلىقتىن، ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشنى
قارار قىلدى، دەپلا يانچۇقىدىن بىر قەغەزنى چىقىرىپ، ھەش-
پەش دىگىچە يۈز ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە
تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن گۆدەك باللاردىن خېلى بار ئىدى.
ئۇلار ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، بۇ چاغدا ئالدىنئالا
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىشپىيونلار بۇ ياش باللارنى ماشىنىغا
سورەپ چىقىرىپ تۈرمىگە ئاپىرىپ قامىۋەتتى. تەبىئىكى، بۇ چاغدا
لىۋبىڭدى باشچىلىقىدىكى تەپتىش باشقارمىسىنىڭ توپىلاڭ قوز-
غاش ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان مۇتەخەسسىسلىرى جىددى
ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئارىدىن ئىككى ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ستالىنغا ئەۋەتىلگەن
تېلېگراممىلارنىڭ ئۇچۇرى بولمىدى، شىڭ شىسەينىڭ توپىلاڭ

قوزغاش سۇيىقەست ئەنزىسى ھامىدار بېتىچە توختاپ قالدى، گومىنداڭ ئالدى بىلەن قول سالدى، بىر تەرەپتىن ئوقيا قىلىچ-لىرىنى تەييارلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېلىشىپ باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەينى توھپىسى بار دەپ ماختايدىغان تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. شىڭ شىسەينىڭ مەركىزىي دىخانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىگە مىنىستىرلىققا تەيىنلەنگەنلىكىنى گېزىتتە چوڭ خەت بىلەن ئېلان قىلدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ زاۋالغا يۈزلىنىپ، تۈگىشىشكە باشلىغانلىقىنى سېزىپ، توپلىغان مال-دۇنياسى بىلەن كوپ قېتىملىق توپىلاڭ قوزغاش سۇيىقەست ئەنزىسىدە مۇسادىرە قىلىنغان قىممەتلىك بايلىقلىرىنى ئايروپىلان ماشىنىلارغا تولدۇرۇپ قاچىلاپ ئات-تۆگىلەرگە ئارتىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھوكۇمىتىگە ئېلىپ بېرىپ ياخشىچاق بولۇشتىن باشقا يول تاپالمىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلىمىسا، گومىنداڭ شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزەلمەيتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا كىرمىسە، 12 يىل ھوكۇمرانلىق قىلغان يەرلىك خاقان شىڭ شىسەي تەختىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيتتى. دېمەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھوكۇمرانلىقىنىڭ بەربات بولۇشى ئىدى.

## شىڭ شىسەينىڭ تارىخقا يېزىلماي قالغان ئىشلار

شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىش ئەھۋالى ھەققىدە ئۆزەمنىڭ بىلىدىغانلىرىمىنىڭ مۇھىملىرىنى ئوتتۇرىغا



قويدۇم. ماۋزۇنىڭ سىرتىدىكى بەزى ئىشلارنىمۇ، شىڭ شىسەينى تەھلىل قىلىشتا قوشۇمچە بولۇپ قالار دەپ يېزىپ قويماقچىمەن.

1- شىڭ شىسەينىڭ قىياپىتىنى سېزىشتا، ئۇنىڭ خەتەرلىك، ۋەھشى ۋە زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر كەڭ ھەجىمدە تەسۋىرلىگەن بولساممۇ، لېكىن بەزىلەر يەنىلا ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئومۇمى قىياپىتىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. شىڭ شىسەينىڭ يۈزلىرىنى يىرىك ساقال باسقان، يۇمۇلاق كوزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، كوز ئېقى سىرتىغا چىقىپ تۇرىدىغان، غورا قاپاق، گۇمانخور بىر نەرسە ئىدى. ئۇ دائىم ھەربى كىيىم بىلەن يۈرەتتى. بېلىگە قىسقا خەنجەر ئېسىۋالاتتى، ئۇنىڭ سوزلىرى، رەڭگى-روھى كىشىلەرگە خۇددى ئۇ ئادەم ئولتۇرۇشكىلا تۇغۇلغاندەك، ئادەم يەپلا چوڭ بولغاندەك بىر خىل سۇرلۇك تۇيۇلاتتى. ئۇ دائىملا ئادەم ئولتۇرۇشنى ئويلاپ، ئادەم ئولتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ ھەر دائىم باشقىلارنىڭ پەيىگە چۈشەتتى. كۈنلەرنىڭ ئوتۇۋېرىشى بىلەن بۇ بىر تۇرلۇك شەرتلىك رېفلېكسكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ كانسۇيى جاڭ ۋېنتيەن تۇرمىدە ياتقاندا ماڭا: „ئۇنىڭغا كوپ يىل ئەگىشىپ يۈرۈش نەتىجىسىدە، شىڭ شىسەينىڭ كىشىلەر بىلەن سوزلىشىشتىكى مەلۇم قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋالدىم. سوزلەشكەن ئادەمدىن رازى بولسا ساقىلىنى سىلايدۇ، گۇمان قىلسا بۇرنىنىڭ قاڭشىرىنى ئۇگىلايدۇ. ئەگەر سوزلىشىۋېتىپ ئوينىڭ توروسىغا تىكىلىپ قارىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئولتۇرۇلۇش ئوبيېكتىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ دېگەن ئىدى.

2- شىڭ شىسەينىڭ تۇرمۇشتىكى پارچە-پۇرات ئىشلىرىدىن قارىغاندا، ئوي ئىچىدە ئۇ چيۇيۇيفاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا

ئىتتائەتمەنلىك بىلەن يېزىدە - يۈز بېرىۋاتاتتى. چيۇيۇيفاڭ ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ جۇرېنى بولۇپ، پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاياللار خىزمىتىگە قاراتقان ئىدى. ئۇ، «بالا كېلىن بېقىشقا قارشى تۇرايلى، دېدەك - چاكارلارنى كىچىك خوتۇن قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرايلى» دېگەندەك بىرمۇنچىلىغان جاراڭلىق شوئارلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. لېكىن بۇ شوئارلار ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى چيۇزۇڭجۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولسىمۇ، يەنىلا قانائەت قىلماي، ۋۇرۇينى كۈتكۈچىلىككە ئالىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاندا ئىش ئەپلەشمەي قېلىپ، ئىككى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. دېمەك، شىڭ شىسەي تىكلىگەن قانۇنمۇ ئۇنىڭ يەككە قارا نىيىتى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، ئاياللار جەمئىيىتى بەزى ئىشلارنىمۇ قىلدى، ئۇلار پومىشچىك - زومىگەرلەر، كونا ئەمەلدارلارنىڭ ئىشىگىدىن بىر تۈركۈم ئاياق - ئاستى قىلىنغان قىزلارنى ئازات قىلىپ، بىر قۇتقۇزۇش بولۇمى قۇرغان ۋە ئوقۇش يېشىدىكى قىزلار ئۈچۈن بىر كەسپىي مەكتەپ ئېچىپ بەرگەن ئىدى، لېكىن چيۇيۇيفاڭ ئازات قىلىنغان قىزلار ئىچىدىن بەدىنى ئاق، چىرايى، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن قىزلارنى شىڭ شىسەي ۋە چيۇزۇڭجۇنىڭ ھەرەمخانىسىغا تاللاپ ئەكىرگەن ئىدى. بۇ قىزلار دېدەكمۇ ئەمەس، ئوردا خوتۇنىمۇ ئەمەس، بېقىۋالغان كېلىنمۇ ئەمەس، لېكىن ھەر بىرىگە ئايرىم بولمە ئاجرىتىپ بەرگەن ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە شەن يۇيفۇ، جۇدىڭخۇڭ ۋە چېن يۇيشۇاڭ دېگەن قىزلارنى تۇرمۇشتا ئالاھىدە كۆتۈپ غەمخورلۇق قىلغان ئىكەن. بىراق ئۇلارنى جەمئىيەتتىن ئايرىپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ قىز بالا بېقىۋېلىشتىكى ھەقىقىي مەق-



سىدىنى ئوقۇيالىغۇچە بىلگىلى بولمايتتى. بىر خىل ئالامەت جەمئىيەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىدى؛ ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنلىرى باندىت شىڭ شىسەي ئولتۇرىدىغان پىكاپ بىر تۈركۈم بېقىۋېلىنغان قىزلارنى تيەنچى كۆلىگە يۇيۇندۇرۇشقا ئاپىراتتى. ئەتراپنى پوسلار ئورىۋالغان. ھېچكىم يېقىنلىشالمايتتى. شىڭ شىسەينىڭ بېقىۋالىدىغان قىزلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بىرى كەتسە يەنە بىرى ئىز بېسىپ ئالمىشىپ تۇراتتى. ئاڭلىشىمىزچە چيۇيۇيفاڭ بۇ قىزلارنى بەكمۇ قاتتىق باشقۇرغان ئىكەن. ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا شىڭ شىسەي بىلەن پاراڭلىشىشقا يول قويمايدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ئۇلارغا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان 12 يىل مابەينىدە، بېقىۋېلىنغان قىزلار كۆپ قېتىم ئالماشقان ئىدى.

چيۇيۇيفاڭ ياتاقخانىدا تۇرغۇزۇۋېرىشنى نالايىق دەپ ھېسابلىغانلارنى باندىت شىڭ شىسەينىڭ كانۋىيلىرىغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئايرىملىرىنى بولسا شىڭ شىسەينىڭ ئىشەنچلىك كادىرلىرىغىمۇ ياتلىق قىلىپ بېرەتتى.

شىڭ شىسەينىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا ئادەمدەك كورۇنگىنى بىلەن ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى ھايۋاندىن بەتتەر رەسۋا ئىدى. مەن بىلەن شىنجاڭغا بىللە كەلگەن بىر كىشى ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇپ كەلگەنلىكتىن ھېلىقى جاناپ دەپ ئاتىلاتتى. ھېلىقى جاناپنىڭ خوتۇنى بۇرۇن بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسىنىڭ سېستىراسى ئىدى. رەڭگى ئاق - سېمىز، گۈزەل ئىدى، مەن ئۇنىڭغا يۈيخۇەن (ياقۇت) دەپ ئات قويغان ئىدىم. سۈيىۋەندىن

شىنجاڭغا كەلگىچە ئۇزۇن يولدا شۇنداق ئاتاۋەردىم.
ئۇ مۇخاپا بولمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنى ياقۇت خېنىم دەپ چاقىر-
سام خۇددى كىچىگىدىنلا ئىسمى شۇنداقتەك „ھە“ دەپ جاۋاپ بېرەتتى.
ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېلىقى جاناپ ئۇلىكىلىك
دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مەن بىلەن بىر ھويلىدا
تۇردى. يۈيخۇەن قىزلار مەكتىۋىنىڭ باشلانغۇچ سىنىپلىرىغا
مۇئەللىم بولدى. ئۇ قىزلار مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى چيۆ يۈيفاڭنىڭ
ئۆيىگە بارغان بولسا كېرەك. شىڭ شىسەي ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ
قاپتۇ. ئىككى قېتىم پىكاپ بىلەن ئېلىپ كېتىپ،
قوندۇرۇپ قالدى، بۇنى سىرتقا قارىتا „شىڭ شىسەي-
نىڭ ئاپىسىنى يەڭنە بىلەن داۋالىدى“ دېدى. بىركۈنى ھېلىقى
جاناپ يوقاپ كەتتى. بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. خېتىدە:
„مۇنداق مۇھىتقا زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم، شۇڭا چىقىپ كەت-
تىم“ دەپ يېزىلغان ئىدى. يۈيخۇەن خەتنى كورگەندىن كېيىن
ئالدىراپ تېنەپ يېتىپ كېلىپ مەلۇم قىلدى. مەن ئورغۇنلىغان
ئوقۇغۇچىلارنى چىقىرىپ ئىزدەتتىم. ھېلىقى جاناپنى شەرقىي
تاغ باغرىدىن تېپىپ كېلىشتى. كېيىن ئۇقسام ھېلىقى جاناپ
ئاچچىغىدا بەس كېلەلمەي ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغ
ئىچىگە بېرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان ئىكەن. شىڭ-
شىسەي 3- قېتىم پىكاپ ئەۋەتكەندە ھېلىقى جاناپ ئاللىقاچان
جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغان ئىدى، ئۇ، ماشىنىنىڭ ئالدىنى
توساپ، ماشىنا ئېلىپ كەلگەن فۇگۇەنگە: „ئۈرۈمچىدە ئالى
دەرىجىلىك ۋىراچلار بىلەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى تولۇپ تۇر-
سا، مېنىڭ خوتۇنۇمنىلا ئېلىپ بېرىشىڭلا زادى قانداق گەپ؟



دۆبەنگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، مېنىڭ ئايالىم بارالمايدۇ“ دېدى.
ھېلىقى جاناپنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، پىشانەمدىن سوغاق
تەر چىقىپ كەتتى. شىڭ شىسەي ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالارمىكىن
دەپ قاتتىق قورقتۇم. ئەمما ھېلىقى جاناپ ھېچ ئىشقا يولۇقماي
تىپ - تېنچ يۈرۈۋەردى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تېخى
ھېلىقى جاناپنىڭ مەنسىۋى ئۆستۈرۈلدى. ئۇ چوچەك ۋىلايەتلىك
مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىغى، قوشۇمچە چوچەك ئوتتۇرا مەك-
تىۋىنىڭ شياۋجاڭى قىلىپ ئەۋەتىلدى، مېنىڭ ئەندىشىلىرىم ئار-
تۇقچە بولۇپ چىقتى. 1937 - يىل 8 - مارت ئاياللار بايرىمىدا،
ئاياللار خىزمىتىگە كوڭۈل بولىدىغان شىڭ شىسەي، ئادىتى بو-
يىچە سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سوزلىدى. ئۇ نۇتقىدا ئومۇمەن،
„يېڭى ھوكۇمەت پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى تە-
شەببۇس قىلىدۇ. سىلەر ئاياللار تېجەشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈڭ-
لار، ئوزەڭلارغا پەداز قىلىپ، غەلىتە غارايىپ ياسانماڭلار. 12-
ئاپرېلدىن كېيىن بىزدە ئاياللار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدى. بۇنىڭ
مەقسىدى ئاياللارنى ئازات قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن كوپ خوتۇن-
لۇق بايۋەچچىلەر بىلەن چورە - دېدەكلىرى كوپ بيۇروكىراتلار-
نى قويماي يوقىتىش كېرەك. ئاجىز ئاياللارنى خورلاپ ئاياق-
ئاستى قىلىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى قەتئى باستۇرۇش لازىم.
بىز ماركسىزىم - لېنىنىزىمغا ئېتىقات قىلىمىز. بىر ئەر - بىر
خوتۇنلۇق تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ھورمەت قى-
لىمىز. سىلەر ئاياللارمۇ ئوزەڭلارنى قەدىرلەپ پاك يۈرۈڭلار،
مەن فېوداللىق ئەدەپ - قائىدىلەرنى ياقتۇرمايمەن. لېكىن تە-
لىمچىلەرنىڭ تەلىماتىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈش ھېچگەپ ئەمەس.
ئۆزىنى بۇلغاش چوڭ مەسىلە دېيىلىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ نورمال

مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق بولغىنى توغرا دەپ ھېساپلايمەن»، دېدى. بۇ چاغدا مەن ھېلىقى جاناپ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغان ئىدىم. ئۇنىڭ چىرايى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، قولىدىكى گېزىتنى مەقسەتلىك تۇردە يىرتىپ تاشلىغانلىقىنى كوردۇم .... شىڭ شىسەينىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇشۇ پارچە - پۇرات ئىشلار ئۇنىڭ ئوكتەم ۋە زالىم پادىشا بولۇپلا قالماستىن، ۋەھشى ياۋۇز بورە ئۇرۇغىدىن بولغان چوشقا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە ئاياللارنى ئاياق - ئاستى قىلىپ خورلايدىغان ئەڭ پەسكەش ھارامزادە لۈكچەك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

3 - شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللار تاللانمىسىنىڭ 2 - توپلىمىدىن مەلۇم بىر يولداش يازغان «مەن بىلىدىغان شىنجاڭ پادىشاسى شىڭ شىسەي» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ كورسەم ئۇنىڭدا شىڭ شىسەينىڭ چاقماقتەك تېز ھەركەت قوللىنىپ پاكلاشتۇرۇش ۋە ئەپيۇن چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى يېزىلىپتۇ. شىڭ شىسەي ئوزى خىيانەت قىلاتتى. ئەپيۇن چېكەتتى؛ شىڭ شىسەينىڭ ئاشكارا نۇتۇقلىرىدا نەپرەت بىلدۇرۇپ قارشى تۇرغان نەرسىلىرى دەل خەقلەردىن يوشۇرۇنچە ئوزى قىلىۋاتقان ئىشلار ئىدى، تارىختىكى ئەكسىيەتچىل ھوكۈمرانلار سىنىپىنىڭ شەرمەندىچىلىكلىرىگە، بۇزۇقچىلىق تىپلىرىغا باش ۋەكىل بولغان شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى شىڭ شىسەي مانا شۇنداق رەزىل ئىدى!

1980 - يىل، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.



# شىنجاڭ ئولكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە ئاخىرلىشىشى

ئەسلىمىنى سوزلەپ بەرگۈچى ۋە رەتلىگۈچىلەر:
جياۋ جيەنفېڭ، شىن جۇنزاۋ، ليۇ دېخې، شۈي تەيخې، جىن گوجېن

## كىرىش سوز

ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ، گۈزەل ۋە باي چېگرىسى بولغان شىنجاڭ، دولىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم دولەت مۇداپىئە بازىسىدۇر. ئوتمۇشتىكى ھوكۈمران سىنىپلارنىڭ جاھالەت سىياسىتى ئاستىدا بۇ يەردىكى مىللەتلەر مەدەنىيەتتە ئارقىدا بىلىم - سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق جاھانگىر مەملىكەتلەر بۇ مۇنبەت جايىنى يۇتۇۋېلىش ياكى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز يوسۇندا بۇ رايوندا پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ بولگۈنچىلىك سېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقۇرى قاتلام ئۇنسۇرلارنى قۇترىتىش ئارقىلىق مىللىي بولگۈنچىلىكلەرنى تۇغدۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئوتمۇشتە شىنجاڭغا ھوكۈمرانلىق قىلغان مانجۇ، خەنزۇ

ئەمەلدارلار، خىيانەت قىلىپ، خەلققە زۇلۇم ئېكسپىلاتاتسىيە
سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، چىرىكلىشىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كو-
زىگە ئىلماي يەكلەپ كەلگەنلىكتىن، شىنجاڭدا چوڭ قالايمىقان-
چىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا، مىللى قىرغىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىشىغا سەۋەپ بولدى. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
شىنجاڭدىكى ھەربى ۋە خەلقلەر چىرىكلەشكەن جىن شۇرېن ھا-
كىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىڭ شىسەينى ۋاقىتلىق دوبەن-
لىككە تەيىنلىدى. بۇ زالىم ھىلىگەر سىياسى ئالدامچى ھاكىمى-
يەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ھىلە - مىكىرلىك ۋاستىلەرنى
قوللىنىشقا باشلىدى. سىياسى جەھەتتە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ
ياپونىيىدە بىللە ئوقۇغان ئاتالمىش «ئون چوڭ پروفېسسور»
دەپ ئاتالغان ساۋاقداشلىرى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە
ئىلغار زاتلارنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلدى. ئاتالمىش شىنجاڭنى
ئىسلاھ قىلىش، جۇڭگونى ئازات قىلىش، جاھانگىرلارنى يوقىتىش-
تىن ئىبارەت ئۈچ بۈيۈك ۋەزىپە بىلەن ھەممە مىللەت ھوقۇقتا
باراۋەر بولۇش، دىنىي - ئېتىقاتتا ئەركىن بولۇش، ئىدارە ئىش-
لىرىنى ساغلام يۈرگۈزۈش، ئەدلىيە - قانۇننى ئىسلاھ قىلىش ما-
لىيەنى تەرتىپكە سېلىش، يېزا ئىگىلىگىگە ياردەم بېرىش، مائا-
رىپنى كېڭەيتىش، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت 8
ماددىلىق خىتاپنامىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدەك جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىل-
لەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، تېچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى
ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ھوكۈمەت ئالدىدىكى 5 مۇھىم ۋەزى-
پىلەرنى تۈزەپ چىقتى. كېيىن بۇنىڭغا، پارىخورلۇققا قارشى
تۇرۇش ماددىسىنى قوشۇپ 6 بۈيۈك سىياسەتنى شەكىللەندۈردى.



شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ رەھبەرلىگىنى رەت قىلىپ، گومىن-
داڭ پىرقىسىنى ياپتۇرۇۋەتتى. گوڭ بىچىڭ، ۋۇئەيچىن قاتارلىق-
لارنى ئارقىمۇ - ئارقا شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ-
نىڭ ئارقىدىنلا: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»
قۇرۇپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ۋە شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ مەڭ-
گۈ ئايرىلماس زىمىنى ئىكەنلىگىنى تەشۋىق قىلىدىغان كادىرلار-
نى تەربىيىلىدى. شۇنىڭدەك مالىيە تەپتىش ھەيئىتى ۋە ھەر
مىللەتنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ھەمدە شىنجاڭ مىل-
لەتلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. مائارىپ ۋە
رەتلەش ئىشلىرىنى شۇ تەقلىتتە ئىشلەش ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ
ئىجتىمائى كەيپىياتى بىلەن سىياسى ۋەزىيىتىنى يېڭى تۈسكە كىر-
گۈزدى. سەھىيە، مەدىنىيەت، مائارىپ، دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق،
سودا-سانائەت جەھەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. پارىخورلۇق،
زۇلۇم-ئېكسپىلاتاتسىيە، ئەپيۈن چېكىش، قىمار، پاھىشە قاتارلىق
چۈشكۈنلەشكەن ئىستىللارنى تازىلىدى، ھەربى جەھەتتە: قىسىم-
لارنى رەتكە سېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربى مۇشاۋىر
ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىپ، ھەربى تەلىم-تەربىيە ۋە تېخنىكى
خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدۇردى، ھەربىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى
ياخشىلاندۇردى، ماجۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ
تۇغدۇرغان قالايمىقانچىلىقلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ
شىنجاڭدىكى قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى، كورۇنۇشتە ئۇستۇرۇپ
يوشۇرۇن جازالاشنى ئۇزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇسۇلى-
نى قوللىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى بويسۇندۇ-
رۇپ، ساغلام، جۇشقۇنلۇق، خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش

ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكە-
سى مەملىكەت بويىچە بىر مەزگىل ئىلغار ئۆلكىگە ئايلىنىپ ئىچ-
كى ئۆلكىلەردىكى ياشلار بىلەن زىيالىيلارنى شىنجاڭغا كېلىپ
خىزمەت ئىشلەشكە جەلپ قىلدى، بۇ يېڭى مىللىتارىست شىڭ
شىسەينىڭ خانلىق دەۋرىنى باشلاش ۋاقتىدىكى ساختا كورۇنۇش-
لىرىنىڭ بىر تەرىپى. ساۋساۋنىڭ «مەن ھېچكىمگە بويسۇنماي-
مەن، ھەممە ئادەم ماڭا بويسۇنۇشى كېرەك» دېگىنى بىلەن جياڭ
جېيشىنىڭ «بىر ئادەمنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن،
مىڭ ئادەمنى خاتا - ئۆلتۈرسەممۇ مەيلى» دېگەن سوزى بويىچە
ئىش كورگەن شىڭ شىسەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فېئوداليزم
ۋە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى تازىلاش ۋە «گېپېئو» تەسىرى ئاستىدا
قورقىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ھەرخىل ئاتالمىش سۇيىقەست
ئەنزىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ياپون
جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى، جاسۇس، خائىن، تىروتسكىچى دې-
گەندەك جىنايى قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، خائىنلار ۋە خائىنلار-
نىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى دەپ، شىنجاڭدا ئۇنىڭ ئۈچۈن خىز-
مەت كورسەتكەن ھەر تەبەقىدىكى ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلدار-
لارنى، ھەرمىللەت ئاممىسىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى،
رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلىپ تالان - تاراج قىلدى، بۇ
قانخور يالماۋۇز، ھەقىقەتەن قان ئىچكۈچى جاللات ئىدى، شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى شىڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا
شۇ قەدەر غەزەپلىنىدۇكى، ئۇنىڭ گوشىنى چايناپ پۈركۈپ
تاشلىسىمۇ دەردى چىقمايدۇ.

شىڭ شىسەي 6 بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغاندا، «شىن-
جاڭدا گومىنداڭنىڭ سەنمىنجۇيىسى يوق، شۇنداقلا گۇڭچەنداڭ-



مۇ يوق، پەقەت 6 بۈيۈك سىياسەتلا بار. 6 بۈيۈك سىياسەتنى
بوتۈن جۇڭگوغا قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ،» دېگەن ئىدى. ئۇ شۇ
ۋاقىتتا دولەت بايرىقىنىلا قوللاندى. كوك ئاسمان ئاق كۈن
بايرىقىنى قوللانغىنى يوق. گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئورنىغا جا-
ھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى، دولەت ئارمىيىسى-
نىڭ ئورنىغا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنى دەسسە-
تىپ، ئۆزىنى «ئۇلۇغ داھى» دەپ ئاتىغان ئىدى، ئۇ، ئۆز ھاكى-
مىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قۇرغان جامائەت خەۋپسىزلىك
ئورگانلىرى توۋەندىكىچە:

## 1 - دۇبەن مەھكىمىسىدە تەپتىش باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

(1934 - يىلى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە)

1934 - يىلى 6 - ئايدا، شىڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ فۇگۇەنجاڭى (ئادىيوتانتلار باش-
لىقى) جياۋجەنفىڭغا بىر مەخپى تەكشۈرۈش ئورگىنى قۇرۇپ،
ھەرقايسى نازارەت، باشقارما، ئىدارە، مەكتەپ، ھەربى قىسىم-
لاردىكى كىشىلەرھوكۇمەتكە نارازى سوز -ھەركەتلەردە بولدىمۇ-
يوق، 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولۇشنى تاپشۇرغاندا، جياۋ-
جېنفىڭ بۇ ئىشنى قانداق ئىشلەش، قانداق تەشكىللەشتۈرۈشكە
ئاجىزلىق قىلىدۇ، شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسى ھەربى ئىشلار
باشقارما باشلىقى شۈي يۇشىڭ سوۋېتلىك مۇشاۋىر بوگانىن،

ۋاڭ يۈيشيۇ، لى فىڭشۇ قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شىنجاڭ تەپتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ باشلىقلىقىغا ۋاڭ يۈيشيۇ، مۇئاۋىنلىقىغا لى تىڭشۇ، كاتىپلىقىغا فەن شى يۈەنلەرنى بەلگىلىدى. خادىملاردىن لى يىڭشىن، لى ۋېي، جىن گۇچىڭلار بار ئىدى، باشقا خادىملارنى دۇبەن مەھكىمىسى تەيىنلەپ ئەۋەتمەكچى بولدى. شىن جۇنزاۋ ۋاقىتلىق 6-بولۇمگە مەسئۇل بولۇپ، پوچتا تېلېگىراففلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. باشقا بولۇملەرنىڭ خىزمىتى سوۋېت مۇشاۋىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن بەلگىلەنمەكچى بولۇۋاتقاندا، مۇشاۋىر بوگانىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتماقچى بولۇپ قېلىپ خىزمەتلەر توختاپ قالدى.

## 2 - شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت سىياسى تەپتىش باش ئىدارىسى

(1934 - يىل 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە)

1934 -يىلى 8- ئايدا شىڭ شىسەي، جاڭ يىۋۇ، ۋاڭ لىشاڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن) سوۋېتلىك مۇشاۋىر بوگانىنلارنى قايتا تەشكىللەپ، ئىلگىرىكى تەپتىش باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت سىياسى تەپتىش باش ئىدارىسىنى قۇرۇپ جاڭ يىۋۇ جۇيجاڭلىقىغا، بوگانىن ئورۇنباسارلىقىغا، ۋاڭ لىشياڭ فەن شى يۈەن، ليۇجىچاڭلار باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى، تەرجىمانلىقىغا لى زىڭشيەن (چاۋ شيەن مىللىتى) شى يۈەنفۇ (شىۋە)تەيىنلەندى 1-ئومۇمى ئىشلار باشلىقى شۇن شياۋيۈەن،



(سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن) مۇئاۋىنى لى ۋېنشېن؛ 2 - ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ باشلىقى جىڭ گوچىڭ مۇئاۋىنى كافاكىن (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن)؛ 3-سىياسى بولۇمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يەنلىڭ (ياپونىيىدە ئوقۇغان)؛ مۇئاۋىنى خۇپىڭجىي (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن)؛ 4 - مىللى ئىشلار بولۇم باشلىقى لىۋېي؛ مۇئاۋىنى قادىرھاجى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن)، ئاباۋ (قازاق)؛ 5 -خارجى ئىشلار بولۇم باشلىقى چىڭ دۇڭبەي (ياپونىيىدە ئوقۇغان) كېيىن ساۋتيەنجوي، باتۇرۇۋ، (سوۋېتلىك)؛ 6- مالىيە - ئىقتىسات بولۇم باشلىقى لاڭ داۋخىڭ (ياپونىيىدە ئوقۇغان) مۇئاۋىنى ۋاڭ يىزى (ياپونىيىدە ئوقۇغان، رۇسچە بىلىدۇ)؛ 7- پەۋقۇلئاددە بولۇم باشلىقى شىن جۇنزاۋ (تېلېگىراف مەكتىۋىدە ئوقۇغان، رادىست)؛ مۇئاۋىنى ليەن جىزبۇ (مانجۇ، شىنجاڭلىق)لاردىن تەشكىل تاپتى. ئادىيوتانتلار باشلىقى لى رېمىن ئەزالىرى لىزۇڭدې (سانجىلىق) خۇكېچاڭ (شىنجاڭلىق) لار بولۇپ، بۇلار ئالاقە خەۋەر ئىشلىرىنى قىلاتتى.

دۇبەن مەھكىمىسىدە قۇرۇلغان تەپتىش باشقارمىسىنىڭ ئورنى دۇڭخۇايۈەن (شەرقىي باغچا)دا ئىدى. ئوزگەرتىلىپ ئولكىلىك ھوكۇمەت سىياسى تەپتىش ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلغاندا ئورنى نەنمىڭنىڭ ئىچىدىكى بىداشياڭخاڭ ھويلىسىدا بولدى. ھەر قايسى بولۇملەر ئوز ئىدارە، جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىن مەخپى خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئادەملەرنى ئوزىگە جەلپ قىلىپ، شۇلار ئارقىلىق توپلىغان خەۋەرلەرنى رەتلەپ شىڭ شىسەيگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

# شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى

(1934 - يىل 10 - ئايدىن 1936 - يىل 5 - ئايغىچە)

1934- يىلى 10- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت سىياسى تەپتىش باش ئىدارىسى، ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى بولدى. بۇ ئىسىم ئۆزگىرىشى بولۇپ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە ئادەم مەسىلىسىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. بەلكى خىزمەت جەھەتتە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ تەشكىلىدە باشلىق، ئورۇن باسار ۋە باشقا تىپلار بولغاندىن تاشقىرى يەنە كاتىۋات ئىشخانىسى بولۇپ، بۇلار تىلېگراممىلارنى تەرجىمە قىلىش، خەت-ئالاقە، تامغا، باشقۇرۇش، مەخپى خىراجەت ئىشلىرىغا، مالىيە - بوغالتىر ئىشخانىسى كىرىم-چىقىمىغا مەسئۇل بولاتتى. بىرىنچى بولۇم ئومۇمى ئىشلار بولۇمى بولۇپ ئاشلىق، قورال-ياراق، ئورۇن كورپە، ئات-ھارۋا، ساقلاش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. 2- بولۇمدىن 8-بولۇمگىچە ئاخبارات توپلاش ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. 2-بولۇم ھەربى ئىشلار بولۇمى بولۇپ ھەربى قىسىم ۋە ھەربى ئىدارىلاردىن ئاخبارات توپلاشقا؛ 3 - سىياسى ئىشلار بولۇمى ئىدارە جەمئىيەت ئورۇنلىرىدا 6 سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈشكە؛ 4-مىللى ئىشلار بولۇمى ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدە ھوكۇمەت سىياسىتىگە نارازى بولىدىغان سوز ھەركەتلەرنىڭ بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈشكە؛ 5 - خارجى بولۇم، چەتئەل گىراژدانلىرى تيەنجۇتاڭ، فويىنتاڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇرىتلارنىڭ ھەركىتىنى تەكشۈرۈشكە 6- ئىقتىسادى بولۇم ئىدارىلاردا خىيانەتچىلىك بار-يوقلىقىنى، قانۇنسىز تىجارەتچى، ئىق-



تىسادى ئىشلارنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئەتكەسچى-ھايانكەشلەرنىڭ ھەركىتىنى تەكشۈرۈشكە؛ 7- سىنزور بولۇمى، خەت - چەك تىلېگراممىلارنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى. شۇنىڭدەك بازارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان 4 - 5 ئادىمى بولاتتى. ئۇلار چەتئەل ئىبادەتخانىلىرىغا كىرگەن - چىققانلارنى، مۇرىتلارنى، چەتتىن كىرگەن ساياھەتچىلەرنى نازارەت قىلاتتى ۋە تەكشۈرۈپ تىزىملايتتى.

8- قاتناش بولۇمى ئىچكى ئۆلكىلەردىن قانۇنسىز كىرگەن ۋە يېزىتتا پەيدا بولغان بۇلاڭچىلىق ئەنزىلەرنى تەكشۈرەتتى. بولۇملەردە 4 - 5 كىچە ئادەم بولۇپ بۇلار ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ئىدارە جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىن 2 گىچە خەۋەرچىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى. خىزمەت قىلغۇچىلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن جەدۋەل تولدۇراتتى ۋە مەخپى ئىسىم قوياتتى. جەدۋەلگە ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىپ كاتىۋات باشلىقىغا تاپشۇراتتى. بۇ مەخپى خادىملار بەلگىلەنگەن كۈن، ۋاقىت، ئورۇندا مەسئۇل كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىش تاپشۇرۇپ ۋەزىپە ئالاتتى. مەخپى خادىملار بەرگەن ماتىرىيالنىڭ راستلىقى، قايسى ۋاقىتتا بولغانلىقى ۋە سانىغا قاراپ ئېيىغا 4-5 دوللار ياكى ئون نەچچە دوللار مۇكاپات بېرەتتى. مەلۇمات بېرەلمىگەنلەرگە مۇكاپات بېرىلمەيتتى، يېزىلغان ماتىرىياللارغا مەخپى ئىسىم يېزىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا بىر مۇھاپىزەتچى گۇرۇپپا بولۇپ مەخسۇس دۇبەنىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. گۇرۇپپا باشلىقى رىن جىڭرۇ، يەنە 4 نەپەر ئەزاسى بار ئىدى.

ئۇلارغا ئىدارىنىڭ باشلىقى ۋە باش كاتىپ رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى 2 ئورۇندا تۈرمە، بىر سوپۇن زاۋۇدى ۋە ئامانلىق ساقلاش ئەترىدى بارئىدى. 1- تۈرمىگە لى يىڭتىڭ (سو-

ۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن) كېيىنچە لى گۈي (شىنجاڭلىق تۇيغۇر) باشلىق بولدى. 2- تۈرمىگە لوخەنجاڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن) كېيىنچە فۇشيۇ (ساقچى مەكتىۋىدە ئوقۇغان) باشلىق بولدى. سوپۇن زاۋۇدىدا گۇناكارلار سوپۇن، كون-خروم، ئاياق كىيىمى ئىشلەپچىقىراتتى ۋە ماشىنا رېمونت قىلاتتى. لى تىڭ دېگەن كىشى جورېن ئىدى، ئامانلىق ساقلاش ئەتردىگە جاڭ بىن كېيىنچە جاڭزۇدى، جاڭچۇەنجىڭ دېگەنلەر باشلىق بولدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تۇرپان، پىچان، توخسۇندا شۆبىسىنى قۇردى. ۋاڭ يۈيشيۇ جۇيجاڭ بولۇپ تەيىنلەندى، ئاندىن گۇچۇڭ، قۇمۇلدا شۆبە ئىدارە قۇرۇلۇپ، لى يەنشۇ گۇچۇڭ شۆبە ئىدارىگە، لى ۋېي قۇمۇل شۆبە ئىدارىگە جۇيجاڭ بولدى. داۋانچىڭ، توخسۇن ئىككى ئورۇندا ئامانلىق ساقلاش پەيچۇسو (شۆبە ساقچى ئورنى) قۇرۇلدى. 1935- يىلى 1- ئايغا كەلگەندە غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، قارا شەھەرلەردە شۆبە ئورۇنلار قۇرۇلدى. شۇ يىلى 5- ئايدا ئاقسۇ، كۇچار، مارالۋېشى ناھىيىلىرىگە شۆبە ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ ئاخبارات خىزمىتىنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قانات يايدۇردى.

شىڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە ئىچكى-تاشقى ئاخبارات پائالىيىتىنى تولۇقلاش ۋە كونتۇرۇل قىلىش ئۈچۈن ئاخبارات توپلاشنى 2 چوڭ سېستىمىغا ئايرىدى: بارلىق ھەربى قىسىملاردىكى ئاخبارات خىزمىتى بىلەن چەت دولەت ۋە چەت ئۆلكىلەردىن ئاخبارات توپلاش خىزمىتىنى دۇبەن مەھكىمىسىدىكى چېگرا ئىشلار باشقارمىسىغا؛ ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، ئىدار



مەكتەپ ھەربى ئورگانلار مىللى، ئىجتىمائى تەشكىلاتلەردىن ئاخبارات توپلاشنى ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىگە يۈكلەپ مەسئۇل قىلدى. بۇ شۇ ۋاقىتتا ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئاشكارا تەكشۈرۈش ئورگىنى ئىدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سىياسى تەلىم-تەربىيە باشقارمىسى، ئادەتتە كىشىلەر بارمايدىغان تەكشۈرۈش ئورگىنى ئىدى. بۇ باشقارما ھەرقايسى ھەربى قىسىملاردىكى ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنىڭ سۆز-ھەركىتىنى تەكشۈرەتتى. پولك، باتالىيونلارغا سىياسى كومىسسار ئەۋەتىپ شۇلار ئارقىلىق ئەھۋال ئىگەللەيتتى. بۇلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دوكلات بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا شىڭ شىسەينىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قويۇلغان ئادەملىرى بولاتتى. بۇلار شۇ جايدىكى خىزمەتچىلەرنى نازارەت قىلىپ مەخپى مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. بۇ كىشىلەر ھەر ۋاقىتتا بىۋاستە ئالاقە قىلاتتى، ئادىيوتانتلار باشلىقى جياۋجېيەنفىڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: „ھەر ئاخشىمى شىڭ شىسەي بىلەن 3-4 ئادەم بىۋاستە كورۇشەتتى“. تولاراق كورۇشىدىغانلار: شۇي يۇشىڭ، (ئون چوڭ دوكتۇردىن بىرسى)، زوشياۋشيەن، جۇۋەنچىڭ، جاڭۋېنخۇا قاتارلىقلار. شىڭ شىسەينىڭ ئاخبارات تورى، ئۆلكە بويىچە، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە، يېزا-كەنت، تاغ رايونلىرىغىچە تارقالغان ئىدى. ئاشكارىلانغان ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى بولۇپلا قالماستىن كېيىنكى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ج خ ئىدارىلىرى ۋە شۆبە ساقچى ئورۇنلار (پەيچۇسولار) نىڭ ھەممىسى ئاخبارات توپلايتتى. مەسىلەن، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى زوشياۋشيەننى ئىخۋا تارقىتىش ئۈچۈن ئالتايغا ئەۋەتكەندە ئالتاي ج خ ئىدارىسى بۇ

ئادەمنى قولغا ئېلىپ سوراق قىلغاندا، ئۆزىنى شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن دەپ ئاشكارىلاپ قويىدۇ، كېيىن بۇ ئادەمنى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ مەخپى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە دۇبەن مەھكىمىسى يەنە ئامانلىق قوغداش ئىدارىسى ئىچىدە پەۋقۇلئاددە سوت تەسىس قىلىپ خىيانەت ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ساتقۇچىلارغا جازا ھۆكۈم قىلاتتى. جاڭ يىڭۋۇ قوشۇمچە سوت باشلىقى ئىدى. كاتىپ ۋاڭمىڭگۈي، كېيىنچە جاڭشۇيجۇ، دوڭ ۋەنچاۋلارمۇ كاتىپ بولغان.

## 4 - ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىگى باشقارمىسى

(1936- يىل 5- ئايدىن 1944- يىل 9 - ئايغىچە)

ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە ئىدارە جەمئىيەت خادىملىرى، بۇ ئىدارىدىن قورقۇپ خاتىرجەم بولالمىغان ئىنكاسلار پەيدا بولدى. شىڭ شىسەي بۇ خاتىرجەمسىزلىكنى ئوڭشاش ئۈچۈن 1936-يىل 5- ئايدا ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىگى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىپ قۇردى. ئۇلكە بويىچە ئىلگىرىكى ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى ج خ باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ج خ ئىدارىلىرى ۋە پەيچۇسولار قۇرۇلدى. (ئىلگىرىكى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىلىرى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى) بۇ چاغدا ج خ



باشقارمىسىغا جاڭ يىڭۋۇ باشلىق بولدى. ليۇ شەنچىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن. ئەسلى خۇنەنلىك) ئورۇنباسار قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىغى بولدى. (بۇ گاڭنىڭ بىلەن ۋاڭلىشياڭ 1935-يىل 11- ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن ئىدى) باشقارمىنىڭ تەشكىلىدە كاتىۋات ئىشخانىسى ۋە تەپتىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئادىيوتانتلار ئىشخانىسى بىلەن مۇھاپىزەتچى گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدى. بەش بۆلۈم بولۇپ 1- ئومۇمى ئىشلار بۆلۈمى: ئاشلىق، قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. 2- بۆلۈمى: ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى ئىلگىرىكى 2-3-4-5-6-7-8- بۆلۈملىرى كىچىك بۆلۈمچىلەرگە ئۆزگەرتىلىپ ئەسلىدىكى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولدى. 3- بۆلۈم: مەمۇرى ئىشلار بۆلۈمى بولۇپ ساقچى مەمۇرىيىتى ۋە نوپۇس ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. 4 - بۆلۈمى: قانۇن ئىشلار بۆلۈمى بولۇپ زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى توشۇغۇچى ۋە يوتكىگۈچىلەرنى، خىيانەتچىلەرنى سوت قىلىش ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. شۇنىڭدەك قارمىقىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى قۇرغان ئىدى. 5- سى مالىيە بۆلۈم بولۇپ، مالىيە ھىساۋات، كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى قىلاتتى.

ھەرقايسى بۆلۈملەردىكى خادىملار: كاتىۋات ئىشخانىسىنىڭ كاتىۋى يۈەنچىڭيۈي، شۈيتەيخې (قوتو بىلىق) شى يۈەنپۇ (شىۋە) كېيىنچە ۋۇزىفەن، سۈيجىژىڭلارمۇ كاتىپ بولدى.

تەپتىش ئىشخانىسىنىڭ باشلىغى پىڭجىجىن (شىڭشىسەينىڭ تۇققىنى، قورچاق مەركىزى ساقچى مەكتىۋىدە ئوقۇغان) كېيىنچە چىڭيۈنچاڭ، نيەفۇلىلارمۇ باشلىق بولدى. 1- ئومۇمى

ئىشلار بۆلۈم باشلىقى يۈي جىڭگو (خۈيزۇ)، مۇئاۋىنى ۋۇ جەنيى،
كېيىنچە ياڭ بىڭجۇ، چىڭ خۇفېڭ، شى رېن، بىي داۋچى، تيې كۈنلار-
مۇ باشلىق بولدى. 2- ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىگە ليۇ شەنچىڭ
قۇشۇمچە باشلىق بولدى. ئورۇنباسارى ئابباۋ، سېيىت ھاجى،
كافاگىمىن (بۇ كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بولۇپ،
ئالدىنقى ئىككىسى بىر مەزگىلدىن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى
بولغان) ئەڭ ئاخىردا شىن جۇنزاۋ بۆلۈم باشلىقى بولدى.
ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى ۋاڭ يەنشيەن (شىنـ
جاڭلىق)، ئۇنىڭدىن كېيىن جاڭ گوچۇەن (شەرقىي شىماللىق) ۋاڭ
خۇاشىن (شىنجاڭلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن) لەرمۇ
كاتىپ بولدى. بۆلۈمچىلەر تۆۋەندىكىچە: 1- ھەربى بۆلۈم: باشـ
لىقى دۇڭ جياشىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن جاڭ چۈەنجىڭ، سۇجىنشيۇ
(شىنجاڭلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان) باشلىق بولدى. بۇ-
نىڭ قارمىقىدا ئىدارىلەر گۇرۇپپىسى ۋە ھەربى قىسىملار گۇرۇپـ
پىسى دەپ ئىككى گۇرۇپپا بار ئىدى. ھەر گۇرۇپپىدا 2- 3 كىشى
بولاتتى. 2- سىياسى بۆلۈم: باشلىقى رېن جىگرۇ، كېيىنچە ۋاڭ
داتۇڭ، ۋاڭ يەنشيەن، ۋاڭ خۇاشىن، لىن چۈسەي قاتارلىقلارمۇ
باشلىق بولدى. بۇنىڭ قارمىقىدا، پارتىيە گۇرۇھ، خىيانەت، تىـ
جارەت، جەمىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرىدىغان 4 گۇ-
رۇپپا بار ئىدى. ھەر گۇرۇپپىدا 2-3 كىچە ئادەم بولاتتى. 3-
خارجى بۆلۈمچە: باشلىقى ليۇ شياگشۇەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سىدىـ
رۇشكىن (ئاق ئورۇس، كېيىن رۇسىيىگە قېچىپ كەتكەن). بۇنىڭ
قارمىقىدا خەۋەر توپلايدىغان ۋە چەتئەل ئىبادەتخانىلىرىنى
تەكشۈرىدىغان 2 گۇرۇپپا بولۇپ ھەر گۇرۇپپىدا 2-3 كىچە ئادىـ
مى بار ئىدى. 4- مىللى ئىشلار بۆلۈمچىسى: بۇنىڭ باشلىقى



سېيىت ھاجى (قوشۇمچە) مۇئاۋىنلىرى ياسىن (ئۇيغۇر) بازارباي
(قازاق، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن) جاڭ گۇاڭچەن (ئازاتلىقـ
تىن كېيىن باستۇرۇلدى) قاتارلىقلار. بۇنىڭ قارمىقىدا، كاتىـ
ۋات، تەرجىمە، ئاخبارات، سوت قىلىش گۇرۇپپىلىرى بولۇپ
ھەممىسىگە سېيىت ھاجى مەسئۇل ئىدى. تەرجىمە ئىشلىرىغا
ليۇ بىندى (غۇلجىلىق خۈيزۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا ئامما
تەرەپتىن ئۇرۇپ ئولتۇرۇلدى)، ۋاڭ كېگۇڭ (غۇلجىلىق خۈيزۇ)،
ياۋشۇرۇڭ (سەندۇڭلۇق)، لى خۇگيۇن (شىنجاڭلىق، ئازاتلىقتىن
كېيىن باستۇرۇلدى)، 5- تەپتىش بۆلۈمچىسى: باشلىقى لوگۇيفۇ،
كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇشياگېن باشلىق بولدى. بۇ كىشى
خىزمەتتىن بوشىتىلغاندا ئورنىغا ۋاڭ شىنچى (دۇڭبېيلىق، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن) باشلىق بولدى. بۇنىڭ قارمىقىدا
پوچتا ئالاقىلىرىنى تەكشۈرۈش، بازار تەكشۈرۈش، ئىستاتىستىكا
قاتارلىق 3 گۇرۇپپا بولۇپ ھەر گۇرۇپپىدا 2-3 كىچە ئادىمى
بار ئىدى. بازار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ۋاڭ شۇنفۇ باشلىق
بولدى. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا چاڭ ئەنزەن كەلگەن. ئىستاتىستىكا
گۇرۇپپىسىغا تاڭ جىسەي باشلىق بولدى. بۇ گۇرۇپپا قاماقتىكىـ
لەرنىڭ مۇددىتى ۋە قويۇپ بېرىلگەنلەرنى تىزىملاشقا مەسئۇل
ئىدى. 6- موڭغۇل - قازاق بۆلۈمچىسى: بۇنىڭ باشلىقى لولىن
ئىدى. كېيىن جىڭ گوجىن باشلىق بولدى. 2 نەپەر بۆلۈم ئەـ
زاسى بار ئىدى. 7- مالىيە-ئىقتىسات بۆلۈمچىسى: بۇنىڭ باشلىـ
قى مىڭ دۇڭشياڭ، كېيىنكى باشلىقى يەن بىنجۇ ئىدى. يۇقۇرقى
خادىملار 1938- يىللاردىكى ھەمدە 1939- يىلى لى يىڭچى باشلىق
بولغان ۋاقىتتىكى خادىملاردۇر.

2- بولۇمنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە لىيۇشەنچىڭ قوشۇمچە رەھبەرلىك قىلاتتى. ئورۇنباسار باشلىقلاردىن سىيىت ھاجى مىللىي ئىشلار خىزمىتىگە، ئاباۋ، خارجى ئىشلار بىلەن، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە موڭغۇل قازاق بولۇمچىلىرىگە؛ شىن جۇنزاۋ، ھەربى ئىشلار ۋە تەپتىش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى.

3. مەمۇرى ئىشلار بولۇمىگە باشتا شىن جۇنزاۋ باشلىق ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا نيەفۇلى بىلەن لىيچۇنپۇ باشلىق بولدى.

4. قانۇن بولۇمىگە جاڭشۇيجۇ؛ 5- بوغالتىرىيە بولۇمىگە ليۇخۇيۋىن باشلىق بولدى.

1937- يىلى ياز ئايلىرىدا جاڭيىۋۇ، ليۇشيەنچىڭلار ئامانلىق ساقلاش بولۇمىگە ھەربى قىسىملاردىكى تەلىم - تەربىيە ۋە قوراللىنىش ئەھۋاللىرىدىن دوكلات بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى، بۇ دوكلات سۇنۇلغاندىن كېيىن شىڭشىسەي بۇلاردىن گۇمانلاندى ۋە نارازى بولدى. ئاندىن ئۇ 2 باشلىقنى چاقىرتىپ سوھبەتلەشتى ۋە باشقا بولۇم باشلىقلىرىنى چاقىرتىپ سوراق قىلغاندىن كېيىن بۇيرۇق بىلەن ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ خىزمىتىنى توختاتتى ۋە مۇھاپىزەتچى ئەترەتتىن ئادەم ئەۋەتىپ دېلو - ئالاقىلارنى تەكشۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەربى ئىشلار توغرىسىدا ۋە ھەرقايسى ھەربى ئىدارىلەر ئۈستىدىن ئاخبارات توپلانمىسۇن دەپ يوليورۇق بەردى. 1938- يىلى لى يىڭچى باشلىق بولۇپ كەلگەندىن كېيىن بۇ خىزمەت يەنە ئەسلىگە كەلدى، شىڭشىسەي ھەربى ئاخبارات توپلاش خىزمىتىنى چەكلەپ ئاردىن يېرىم ئاي ئۆتكەندە جاڭ بىلەن ليۇ ئىككىسىنى خىزمەتتىن



بوشاتتى. كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن دۇبەن مەھكىمىسىدىن جياۋجيەنفېڭنى ج خ باشقارمىسىغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. مۇئاۋىنلىققا گەن يۈن، ۋاڭچىنيۈن، سىيىت ھاجى، ئاباۋلار تەيىنلەندى. بۇلار خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن خىزمەت تەقسىم قىلىپ ئىشقا كىرىشتى.

1937- يىلى شىڭشىسەي ئاتالمىش سۇيىقەست ئەنزىسىنى پەيدا قىلىپ كىشىلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. لى بولىن، لى يىڭچىلارنى سوراق قىلىشقا ئەۋەتىپ ئۇلار ئارقىلىق يالغان ئىقرارلارنى ئېلىپ ئىدارە خادىملىرىنى كوپلەپ قولغا ئالدى. بۇ چاغدا جياۋجيەنفېڭ شىڭشىسەيگە تەكلىپ سۇنۇپ: «بۇ يېقىندىن قولغا ئېلىنغانلار بەك كوپ. ھەر مىللەت ئاممىسى قورقۇنچ ئىچىدە، خاتىرجەمسىزلىنىش ئەھۋاللىرى تۇغۇلدى. بۇ ئىشنى باشقىدىن ئەستايىدىل ئىشلەش لازىم. ھەقىقىي پاكىت ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىياللار بولغاندىلا قولغا ئېلىش لازىم، ئۇلارنىڭ مەجبۇرى ئىقرار قىلىشى ياكى شەخسلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بويىچە قولغا ئالماسلىق كېرەك. ھازىر قامالغانلار ئۈستىدىن ج خ باشقارمىسى ئامانلىق ساقلاش بولۇمى ھېچقانداق تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەس،» دەپ پىكىر قىلغاندا، شىڭشىسەي بۇ ئادەمنى نوۋەتتىكى خىزمەتكە پايدىسىز دەپ ھىساپلاپ چوچەك ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ يۆتكىۋەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن گەن يۈن، ۋاڭچىڭيۈن، جاڭزۇلارنى سۇيىقەستكە قاتناشقان دىگەن گۇنا قويۇپ قاماققا ئالدى. بۇ چاغدا سىيىت ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن. جياۋجيەنفېڭ چوچەككە كەتكەن بولغاچقا شىڭشىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدىن لى يىڭچىنى ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئەۋەتىپ ئورۇنباسارلىققا، ئاباۋ بىلەن

قۇربان نىياز (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان كېيىن تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى) نى تەيىنلىدى. 2- بولۇمنىڭ باشلىقى شىن شاۋنىدو جياۋجيەنفېڭغا ھەمداشلىق قىلدى دەپ چوڭ ئەككە يۆتكىۋەتتى. بۇ بولۇمنىڭ مەسئۇللىقىنى لى يىڭچى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مىللى ئىشلار بولۇمىنى ئاباۋ بىلەن قۇربان نىياز ئىككىسى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1938- يىلى قىشتا مۇتەخەسسىس ھاشىم ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەنلىكتىن ج خ باشقارمىسىدا 6- بولۇم قۇرۇلۇپ، ئەسلىدە مىللى ئىشلار بولۇمى باشقۇرۇۋاتقان ئىشلارنى 6- بولۇمگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ ئىشنى ھاشىم ھاجى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ج خ باشقارمىسىنىڭ رازۋېتكا خىزمىتىگە 2- 6- بولۇملەر مەسئۇل بولدى.

6- بولۇمدە لى خۇگيۇن، شى يۈەنپۇ تۇرسۇن (قۇربان نىيازنىڭ تۇققىنى) قاتارلىق 3 كىشى كاتىپ ئىدى. بولۇم قارمىقىدا 6 بولۇمچە بولۇپ 1- بولۇمچىسى ئۇيغۇر، تارانچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەيتتى. باشلىق تۇرسۇن سابىتوۋ (ئۇيغۇر، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن) ئىدى. 2- بولۇمچە ئۆزبەك، تاتار مىللەتلىرى ئەھۋالىدىن ئاخبارات توپلايتتى. بۇنىڭ باشلىقى تۇرسۇن دەريا (سوۋېت گرازدانى، تۈرمىدىن بوشىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى). كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا نەبىجان باشلىق بولدى (نەبىجان ئۇيغۇر، ئۈچ ۋىلايەت شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، ئازاتلىقتىن كېيىن تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان). 3- بولۇمچە قازاق - قىرغىز مىللەتلىرى ئەھۋالىدىن ئاخبارات توپلايتتى. بۇنىڭ باشلىقى بازارباي (قازاق، مۇڭغا سىفەندە ئوقۇغان)، ئورۇنباسارى شەرىپ (قازاق، مۇڭغا



سىفەندە ئوقۇغان. خەنزۇچە تىل ۋە خەتتە راۋان ئىدى. ئالتايدىكى شەرىپقانغا كاتىپ بولغان). كېيىن بۇنىڭ ئورنىغا ئايتقازى بولدى. (خەنزۇچە ئىسمى ئاگوخۇا ساقچى مەكتىۋىدە ئوقۇغان). 4- بولۇمچە پوچتا - تېلېگراممىلارنى تەكشۈرەتتى. بۇنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم (سوۋېت ئىتتىپاقىدا 2- قارار ئوقۇپ كەلگەن) ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتىنى مەردان ـ مادىيەنشىڭ (ساقچى كۇرسىدا ئوقۇغان، كېيىن ئىزسىز يوقاپ كەتتى) ئۆتكۈزۈۋالدى. 5- بولۇمچە سوراق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. باشلىقى ئوسمان (ئۇيغۇر. ساقچى كۇرسىدا ئوقۇغان). 6- بولۇمچە تەرجىمانلىق قىلاتتى. ۋاڭ كېگۇڭ باشلىق. ماجىڭسەي (غۇلجىلىق، خۇيزۇ) تەرجىمان ئىدى.

شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا 3 قارار ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ كەلدى، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ھەرقايسى ئىدارىلەرگە خىزمەتكە تەيىنلەندى. بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىگە ئالاقىدار، تولاراق سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەسىلەن، 2- بولۇمدە كاتىپلىق قىلغان ۋاڭ خۇاشىن ھەر ھەپتىنىڭ 6- كۈنى كېچىكىپ كېلەتتى ياكى ئىشقا كەلمەيتتى. بولۇم باشلىقى بەزىدە بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، ۋاڭ خۇاشىن: «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەر ھەر ھەپتىنىڭ 6- كۈنى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئۆگىنىشكە بارىمىز. بۇ مەخپى بەلگىلىمە» دېگەن ئىدى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغاندا، شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت جاسۇسلىرى دەپ گۇمانلىنىپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

1939 - يىلى قىش پەسلىدە شىڭ شىسەي، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىملار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بولگۇنچىلىك سېلىش، ئىغۋا تارقىتىپ قۇترىتىش ھەركەتلىرىدە بولۇۋاتىدۇ، دەپ داۋراڭ كوتەردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ج خ باشقارمىسىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىش خىزمىتى سوۋېتلىك مۇتەخەسسىس ھاشىم ھاجىنىڭ كونتروللۇغىدا بولغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەركەت ئەھۋالىنى ئىگەللەش، راست - يالغانلىقىنى پەرق ئېتىشكە ئامالسىز قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ سىياسى يونىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. شۇ سەۋەپتىن لىيەكچى 4 - تۈرمىدە تەكشۈرۈش باشقارمىسى قۇرۇپ 6 - بولۇمدىن ئاجرىلىپ چىقتى. بۇ باشقارمىنىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت ناھىيىلەردىن كەلگەن مەلۇماتلارنى، خەت، ئالاقە، يوليورۇقلارنى، بۇرۇن توپلىنىپ قالغان ئەنزىلەرنى ئېنىقلاپ، دوكلات قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىغى جاڭ گۇاڭچەن، ئەزالىرى: ليۇ بىندې، جىن گوجېڭ، مىڭ دۇڭشياڭ، ياڭ شۇزۇ، جاۋ جىلياڭ قاتارلىقلار. بۇ كىشىلەر چەت ناھىيىلەرگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەندە تولۇقلانغان تەكشۈرگۈچىلەر شى يۇەنپۇ، تيەن رۇيۇۋ، لى شۇلىن، خې زۇجىڭ، يۈي جۇنيى، يۈي شىۋېن، يۈي باۋجېڭ قاتارلىقلار. تەرجىمانلار: ما فۇرۇڭ، ۋاڭ كېگۇڭ، ليۇ يەنچىش، رېن مىڭيۇەن، ۋاڭ رۇيشىن، فۇۋېنبىڭ قاتارلىقلار. كېيىن تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى بېسىلىپ قالغان ئەنزىلەرنى سوراق قىلىش، ئايرۇپىلانلارنى تەكشۈرۈش



ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ۋاقىتلىق ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق كەسپىي ئىشلاردىن ئىبارەت بولدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن كەلگەن خەت، ئالاقە، دوكلات، يوليورۇق قاتارلىقلارنى، تۈرمىدىكى گۇناكارلاردىن ۋۇچەنجۇن، جاڭ تيەنشىڭ، سولىيەنخې...... قاتارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى ئايرىپ شىڭ شىسەيگە يوللايدىغان ھەپتىلىك، ئايلىق دوكلاتلارنى تەييارلىتاتتى. 1940 - يىلى 3 - ئايدا ھاشىم ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتتى. ئاباۋ، قۇربان نىيازلارنى ئارقىمۇ - ئارقا قاماققا ئالدى. 6 - بولۇمنى تارقىتىۋېتىپ، رازۋېتكا خىزمىتىنى 2 - بولۇمگە قوشۇۋەتتى.

1942 - يىلغا كەلگەندە تەپتىش باشقارمىسى كېڭەيتىلدى. تەپتىش باشلىغىنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا ليۇبىندې تەيىنلەندى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا چىن شىلىڭ، تيەن رۇيۇۋ، لى شۇلىنلار كاتىپ ئىدى. باشقارما قارمىقىدا 6 بولۇمچە يەنى ئىلى، چوچەك، ئالتاي بولۇمچىسى؛ قەشقەر، خوتەن، يەكەن بولۇمچىسى؛ ئاقسۇ، قاراشەھەر قۇمۇل بولۇمچىسى؛ بىۋاستە قاراشلىق ناھىيىلەر بولۇمچىسى؛ گۇناكارلارنى ئىستاتىستىكا قىلىش ۋە تېلېگرام تەرجىمە قىلىش بولۇمچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى تاپشۇرۇۋېلىش، تارقىتىش، خەت بېسىش، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئىشخانىلار قۇرۇلدى. ھەر بىر بولۇمچىدە 3 - 4 كىچە ئادەم خىزمەت قىلاتتى. بۇ ئادەملەر گۇناكارلار ئىچىدىن تاللاپ چىققان بۇرۇن باشقارما باشلىغى، بولۇم باشلىغى بولغان گۇناكارلار ئىدى. ئۇلار ھەممە ئالاقىلارنى كورۇپ رەتلەپ دوكلات ۋە ئايلىق مەلۇمات تۈزۈپ چىقاتتى. ئىشقا سالغان گۇناكارلارنىڭ تامىقىنى بىر-

ئاز ياخشىلىغاندىن تاشقىرى ھەر ئېيىغا 10 نەچچە يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىپ تۇراتتى. شىڭ شىسەي كېتىپ گومىنداڭ كەلگەندە بۇ گۇناكارلار تۈرمىدىن بوشىتىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تەپتىش باشلىقى تۈرمىلەرنى باشقۇراتتى. ج خ باشقارمىسىنىڭ 2 تۈرمىسى بار ئىدى. 1937 - يىلى شىڭ شىسەي ئاتالمىش سۈيىقەست ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن يەنە 4 ئورۇندا تۈرمە قۇرۇپ 7 گە يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بىر ئورۇندا سوپۇن زاۋۇدى ۋە كېسەللەرنى داۋالاش ئورنى بار ئىدى.

بۇ بىرقانچە تۈرمىلەرگە باشلىق بولغانلار گۇناكارلارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ خورلايتتى. ئاخىرغىچە شىڭ شىسەيگە ساداقەت كۆرسەتكەن جاللاتلاردىن مەسىلەن، جاڭ سىشىڭ، لۇ جىكۇي، ۋاڭ جەنشىڭ، لۇ چىڭفۇ، چەن شۈجۇڭ، ۋاڭ جياۋشياڭ قاتارلىقلارنىڭ تولىسى ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلۇپ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىنتىقامى ئېلىندى.

تەپتىش باشقارمىسى 1944 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە ج خ باشقارمىسىنى ئۆزگەرتىپ ساقچى باشقارمىسى قۇرۇلغاندىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ساقچى باشقارمىسىنىڭ 1 - بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى.

ھەرقايسى ۋىلايەت ناھىيىلەردىكى ئامانلىق قوغداش ئىدارىلىرى ج خ ئىدارىلىرىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بۇ ئورۇنلار يەرلىك ئامانلىقنى قوغدىغاندىن تاشقىرى مەمۇرى ئىدارىلەرنى كۆزىتەتتى يەرلىك ھوكۇمەت، ئىدارە، جەمئىيەت، ئامما ئۇس-



تىدىن تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ 6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، خىلاپ كېلىدىغان ۋە نارازى بولىدىغان سۆز-ھەركەتلەرنى رازۋېت قىلىپ ھەپتىلىك، ئايلىق دوكلات يوللايتتى، ھەر ۋاقىتتا تېلېگرامما بېرەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ج خ ئىدارىلىرىگە x x دىن كېلىپ مۇئاۋىن جۈيجاڭ بولغانلار ھەر مىللەت خەلقىنى خالىغانچە قولغا ئېلىپ، خورلاپ ئۆلتۈرگەن ئىشلار بار. بولۇپمۇ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئالتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە شۇنداق بولغان ئىدى. مەسىلەن، 1940 - يىلى ئۆلكىلىك ھوكۇمەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان بېسىلىپ قالغان ئەنزىلەرنى ئېنىقلاش ھەيئىتىنىڭ دوكلادىنى قارىغاندا، خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىگە خۇي شۇدې جۈيجاڭ، ئالىنزا مۇئاۋىن جۈيجاڭ بولغان مەزگىلدە تەكشۈرۈش مۇمكىن بولغانلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر 300دىن ئارتۇق. تۈرمىدە يەنە 20دىن ئارتۇق گۇناكار بولغان؛ قادىر ھاجى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدە جۈيجاڭ بولغان مەزگىللەردە ئۆلتۈرۈلگەنلەر 300 دىن ئارتۇق. تۈرمىدە يەنە 221 كىشى بولغان؛ شۈي يۈشىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە تۈرمىدە ئاغرىپ ئۆلگەنلەر 100 نەچچە، قاماقتا 280 نەپەر ئادەم بولغان؛ شۈي يۈشىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە جۈيجاڭ بولۇپ بارغاندا 3 تال سەرەڭگە ئەنزىسى پەيدا قىلىپ خەنزۇ، قازاقلاردىن 60-70 ئادەمنى قولغا ئالغان؛ ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈي چىڭفا كوپلىگەن تىجارەتچى ۋە تۇگمىچىلەرنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسى ۋە خائىنلار دەپ قولغا ئالغان. شۇنىڭدەك كۆڭ چىڭرۈي، ۋۇشياۋبىڭ قەشقەر، ئاقسۇ ج خ ئىدارىلىرىگە

جۇيجاڭ بولغان مەزگىللەردە خەلق ئاممىسىنى ئۆز مەيلىچە قولغا ئالغان. بۇ جاللاتلار شىڭ شىسەيىنىڭ تېرروورلۇق سىياسىتىگە سا- داقەتلىك كورسەتكەنلەردۇر.

## 5 - ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسى

(1943 - يىلى 7 - ئايدىن 1944 - يىلى 10 - ئايغىچە)

سىياسى ئالدامچى شىڭ شىسەي سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى جىددىلىشىپ موسكۋا خەۋپ ئاستىدا قالغاندا، جياڭ جيېشى بە- لەن تىل بىرىكتۈرۈپ گومىنداڭ تەرەپكە يۈزلەندى. سوۋېت ئىتت- تىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ھەربى مۇشاۋىرلىرى، مۇتەخەس- سىسلەر، ئوقۇتقۇچى، تېخنىك خادىملارنى شۇنىڭدەك قومۇلدا تۇ- رۇشلۇق قىزىل 8 - پولك (ئەمەلىيەتتە مېخانىكىلاشقان بىرىگا- دا) نى ئارقىمۇ - ئارقا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ شىنجاڭغا ھەربى كۈچلىرىنى ئەۋەتتى. 1943- يىلى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇپ، زو مىقداردا پىرقە ۋە مەمۇرى خادىملار ئەۋەتتى. ئەسلىدىكى شىن جاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى گومىنداڭ مەركىزىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى تەپتىش باشقارمىسىنى ئامانلىق قوغداش باشقارمىسىغا بىرلەشتۈرۈپ 1 - بولۇمگە ئۆزگەرتىلدى بولۇم باشلىقى كۆك چىگرۇي بولدى. كېيىنچە لى شۇچەن، ليۇجۇ- فىلارمۇ باشلىق بولغان. 2 - ساقچىلىق بولۇمىگە چۇي جىژچىڭ



3 - قانۇن بولۇمىگە ليۇ بىندې، كېيىنچە جاۋجىلياڭ، ليۇئېلار باشلىق بولدى. 4 - نوپۇس بولۇمىگە ۋاڭ خۇاشىن؛ 5 - ئومۇمى ئىشلار بولۇمىگە بەي دۇچى باشلىق بولدى. ئامانلىق قوغداش ئەتىرىدى ئۆزگەرتىلىپ ساقچى ئەتىرىدى بولدى. بىرئورۇندا كەنشو- سور قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى تۈرمىلەر ئۇرۇمچى تۈرمىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇلدى.

كاتىۋات باشلىقى ۋۇجۇفەن ئوستۇرۇلۇپ باشقارمىغا ئو- رۇنباسار باشلىق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇچىجۇن كاتىۋات باشلىقى بولدى. چاڭ تيەنشىڭ، سۇليەنخې، جاڭ چاڭ- رۇڭ، جاڭ دېگجۇ، شى يۈەنپۇلار كاتىپلىق قىلاتتى. تېلېگىرامما تەرجىمە ئىشخانىسىنىڭ جۇرېنى جۇچاڭلىن، رېن جاۋتەي، بو- غالتىرلار باشلىقى يەن جۇنفىڭ، كېيىنچە گوجىڭ ليۇدېخې قا- تارلىقلار بولدى. گەرچە شۇنداق ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئىسىم جەھەتتىكى ئۆزگىرىش بولۇپ 1 - بولۇمنىڭ رازۋېتكا خىزمىتى ئاۋالقىدەكلا يۈرگۈزۈلگەن ئىدى. 1944 - يىل 9 - ئايدا شىڭ شىسەي ئىچكى ئۆلكىگە يوتكەلگەندىن كېيىن 10 - ئايدا لى يىڭ- چى ساقچى باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقىنى مەركىزي گومىنداڭ ئە- ۋەتكەن خۇگوجىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى نەچچە ۋاقىتتىن قاقتى - سوقتى قىلىپ توپلىغان مال - مۈلكىنى ئېلىپ ئىچكى ئۆلكىگە قايتىپ كەتتى. جاللات لى يىڭچى ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ھوكۇمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ شىرىكلىرىدىن جاڭ گۋاڭچيەن، فۇباۋلەنلەر بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ خەلق مەيدانىدا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. جاللات شىڭ شىسەي چۇڭچىنغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ دېخانچىلىق-

ئۇرمانچىلىق بۇجاڭى بولۇش پىرىنسىپىدا بىرمۇنچە قارا ئىسىم-
لىكلەرنى تۈزۈپ ھەر قايسى ئىدارە - جەمئىيەت خادىملىرى بى-
لەن ھەر مىللەت ئاممىسىنى قولغا ئالماقچى ۋە تۈرمىلەرگە ئوت
قويۇپ كويدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ھەتتا كىروسىن تۇڭلىرىنى
تۈرمىگە ئاپىرىپ تەق قىلغان ئىدى. بۇ ئىشنى گومىنداڭ تەرەپ
بىلىپ چەكلەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ سۇيىقەستى
ئەمەلگە ئاشمىدى.

لى يىڭچى خىزمەت ھوقۇقىنى ھەربى سوستاۋدىكى ئىشپى-
يونلار باشلىقى خۇگوجىنغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ
باش كاتىۋى خۇبۇشۇ (ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى)، خۇ-
گىزجىن ئۈرۈمچىدە ھەربى سوستاۋدىكى ئىشپىيونلار پونكىتى قۇر-
دى. ساقچى ئورگانلىرىدا ساقچى گۇرۇپپىسى، تەپتىش ئىشخا-
نىسى تەسىس قىلدى. ھەر قايسى ۋىلايەت ناھىيىلەردە ھەربى
سوستاۋدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلارنى قۇردى. ساقچى باشقار-
مىسىدا ھەربى سوستاۋ ۋە مەركىزىي ساقچى ئورگىنىدىن ئىبارەت
ئىككى قەۋەت رەھبەرلىك قىلىشنى يولغا قويدى. خۇگوجىڭ مۇشۇ
ئاساستا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە ھەربى سوستاۋدىكى ئىشپىيون-
لار پونكىتى قۇردى. مەسىلەن، خوتەن پونكىتىنى خوتەن ۋىلا-
يەتلىك ساقچى باشلىقى چىڭ شىلەن، ئاقسۇ پونكىتىنى ۋىلايەت-
لىك ساقچى باشلىقى ۋۇشياۋبىڭ، ئۈرۈمچى خۇيىزۇ پونكىتىنى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھوكۇمەتنىڭ ئورۇنباسارى مابولىياڭ قو-
شۇمچە باشقۇرغان ئىدى (بۇ ئۈچ كىشى ئازاتلىقتىن كېيىن
باستۇرۇلدى). ھەر بىر پونكىتتا بىر دانىدىن رادىيو بېرىلگەن
ئىدى. ساقچى باشقارمىسى كېيىن ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ



ساقچىلىق بولۇمىگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى ئىچ-
كى ئىشلار نازارىتىنىڭ شەرقىدىكى بىر ھويلىدا تاشقىرىدىكى
رازۋېتكا قىلغۇچىلار باش قوشۇدىغان بىر پونكىت قۇرۇلدى. بۇ
پونكىتنىڭ تېلېفون نومۇرى 194 (بۇ ئىلگىرىكى شۇ ھويلىدا
تۇرىدىغان 2 - تۈرمىنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىدى). بۇ پونكىتقا
جاڭ زىجۇڭ بىلەن جاڭ فۇ مەسئۇل ئىدى. تاشقىرىدا رازۋېتكا
قىلىدىغان بۇ كىشىلەر ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە ھەرگىز كەلمەيت-
تى. ئۇلارغا نازارەتتىكى ساقچىلىق ئىشلىرى بولۇمىنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى چى شاڭشىڭ رەھبەرلىك قىلاتتى. مەزكۇر پونكىت-
تىن چىن شۇدې ئىسىملىك بولۇم ئەزاسى كېلىپ ماتېرىيال ئا-
لاتتى. يەنە سوۋېت كونسۇلخانىسى ئالدىدا بىر كىچىك دۇكان
قۇرۇپ، شۇ دۇكان ئارقىلىق سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە نەنلياڭ
تەرەپنى تەكشۈرەتتى. بۇ پونكىتقا ۋاڭ يۇشىڭ
(سوۋېت ھەربى مۇشاۋىرى مالىنكوۋ، پىدىنلارغا
تەرجىمان بولغان، ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى). ئۇنىڭ
ياردەمچىلىرى گاۋشۇيى، شى يۈەنپۇلار مەسئۇل ئىدى.
يەنە 8 - ئارمىيە بەنسىچۇسىغا يېقىن يەردە بىر پونكىت، نەن-
لياڭدا بىر پونكىت قۇرۇلغان ئىدى.

4 - تۈرمىنىڭ جەنۇبىدىكى قوراسىغا 8 - ئارمىيە جەڭچى-
لىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى توپلاپ ئىدارە قىلغان ئىدى. بۇلار
ھەر كۈنى شېئىر ئېيتاتتى، ئۆگىنىش قىلىپ مەجلىس ئاچاتتى.
خۇگوجىڭ بۇلارنى ئايرىپ قاماققا ئېلىپ، پارچىلاش ئۈچۈن
بولۇم باشلىقى ليۇئېنى ئەۋەتكەندە جۇدەنخۇا، ليۇمەن قاتارلىق-
لار ئۇنى تىللاپ يېقىن كەلتۈرمىدى. كېيىن خۇگوجىڭ ئۆزى

كېلىپ پارچىلىماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىسۇ تىللاپ رەسۋا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇگوجىڭنىڭ پارچىلاپ تاشلاش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى.

گومىنداڭ مەركىزى، شىڭ شىسەي قولغا ئېلىپ قالمىغان گۇناكارلارنىڭ ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى. بۇلار كېلىپ بىر قىسىم گۇناكارلارنى قويۇپ بەردى. ئەمما 8 - ئارمىيە جەڭچىلىرىنى قويۇۋەتمىدى. خۇگوجىڭ ئۆز ئادەملىرىدىن ۋاڭ يەنشۇەن، ۋاڭ خۇاشىن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ سوراق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى پارتىيىدىن يۈز ئۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلاردىن فەن بىنەن (خوتەن گارنىزون سىلىڭى بولدى. ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى) بىر كىشى پارتىيىگە خائىنلىق قىلدى. مىڭ يىمىڭ (مائارىپ نازىرى بولغان، پارتىيىدىن نىسبىي ئايرىلغان، مۇھىم ئادەملەرنى پاش قىلمىغان) شۇنىڭدەك گاۋيۈيىچىڭ (ھەقىقى ئىسمى گاۋ دىڭباڭ) يەكەن باج ئىدارىسىگە مۇئاۋىن جۇيجاڭ بولغان چەنپىڭ (ئازاتلىقتىن كېيىن نېفىت ئىدارىسىگە جىڭلى بولدى) لەرنى خۇگوجىڭ ئالداپ پارتىيىدىن يۈز ئۆرۈشكە مەجبۇر قىلىپ: ئەگەر پارتىيىدىن ئايرىلساڭ قەشقەرگە ياكى يەكەنگە شىيەنجاڭ قىلىمەن، خوتۇن - باللىرىڭ بىلەن بىر يەرگە جەملەپ قويىمەن دىسىمۇ، ئۇلار رەت قىلىپ ئېغىر جازالارغا تارتىلغان.

1945 - يىلدىن 1946 - يىللاردا گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلى پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۆرلىدى. خەلق تۇرمۇشى كۈندىن كۈنگە قىيىنلاشتى. تۈرمىگە تاشلانغانلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشقان ئىدى. قاماقتىكى 8 - ئارمىيە جەڭچىلىرى خورلاشقا



ۋە قوساقنىڭ تويماۋاتقانلىقىغا نارازى بولۇپ كوللېكتىپ ھالدا 7 كۈن ئاچلىق ئېلان قىلدى. خۇگوجىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغانلارغا سۈت ئۇكۇل ئۇرۇپ قوغداپ قېلىشقا بۇيرۇق قىلغان ئىدى. بۇ ئىشنى گېنېرال جاڭ جىجوڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزى تۈرمىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ خورلانغان ۋە تويۇنغىچە تاماقلانمىغان ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، غەربىي زالدا ئېچىلغان بىر يىغىندا خۇگوجىڭنى تەنقىت قىلىپ: «سىياسىي جىنايەتچىلەرنى خورلىماسلىق، ئادەمگەرچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ تويغىچە تاماق بېرىش، تۇرمۇشىنى ياخشىلاندۇرۇش كېرەك» دەپ يوليورۇق كۆرسەتتى. خۇگوجىڭ باشقارمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بوغالتىرىيە جۇرېنى گۇۋجىن ۋە مۇئاۋىن ليۇدىخېلارغا: «گۇناكارلار تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ۋە قۇسىقىنىڭ تويماسلىقىنى، مالىيە نازارىتى بەرگەن پۇلنىڭ ئازلىقىدىن كۆرۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايمەن دەپ، ئۆزەمنىڭ ئايلىقىنى بېرىشىم كېرەكمۇ؟ يۇقىرى رەھبەرلىك تەنقىت قىلمەن دىسە - قىلىۋەرسۇن! سىلەرمۇ بىۋودۋېت تۈزەپ مالىيە نازارىتىگە مەلۇم قىلىۋېرىڭلار!» دىدى. كېيىنچە قاماقتىكى 8 - ئارمىيە خادىملىرى يەنئەنگە قايتىپ كەتتى.

خۇگوجىڭ، گېنېرال جاڭ جىجوڭ تەرىپىدىن تەنقىتلەنگەندىن كېيىن بىرىر ئاي ئۆتمەيلا يەنى 1946 - يىل 4 - ئايدا ئىچكىرىگە كەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇخەندۇڭ (ھەربىي سوستاۋدىكى ئىشپىيون) ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ

ئۆلكىلىك ھوكۇمەت بىلەن ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت
ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا تېچلىق بىتىم بولۇپ بىرلەشمە ھو-
كۇمەت قۇرۇلۇپ، ساقچى باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ
ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ ساقچىلىق بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى.
ئۇنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە باش كاتىۋى خوبۇچيۇ، كېيىنچە سۇڭ
تيەنمىڭ بولدى.

## 6. تەشكىلىي مۇناسىۋەت ۋە خىراجەت

دۇبەن مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى دەسلەپ قۇرۇل-
غان ۋاقىتتا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ،
شىڭ شىسەي ئۆزى قوشۇمچە باشلىق بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ-
نىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسى ئىككى قاتلام بو-
لۇپ، بارلىق مەسىلىلەر سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ قارار قىلى-
شىغا باغلىق ئىدى. سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن شىڭ شىسەي
ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق قىلاتتى. مەسلىھەتچىلەر كونسۇلنىڭ
يوليورۇقىنى ئالاتتى. شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ پىكرىگە بويسۇنات-
تى. دېمەك بارلىق مەسىلىلەر شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت مەس-
لىھەتچىلىرى مۇناسىۋەتلەشكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئورۇنلاشتۇ-
رۇلاتتى. شۇ ۋاقىتتىكى تەپتىش باشقارمىسى ۋە ئۆلكىلىك ھو-
كۇمەتنىڭ سىياسى تەپتىش باش ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسىگە
سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى قوشۇمچە مۇئاۋىن باشلىق ۋە باشلىق
بولغان ئىدى. تەكشۈرۈلگەن بارلىق دوكلات ماتېرىياللىرى خەن-



زۇچە ۋە رۇسچە يېزىلىپ خەنزۇچىسى شىڭ شىسەيگە رۇسچىسى
سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىگە يوللىناتتى. كېيىنچە ئامانلىق قوغ-
داش باش ئىدارىسى، ج خ باشقارمىسى قاتارلىقلارنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى باش كاتىۋى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرگە
كۆپىنچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن خادىملار قويۇلدى. دېمەك
تەشكىلىي جەھەتتە باشتىن - ئاياق ئىككى قەۋەت بولسىمۇ،
لېكىن ئىلگىرىكىدەك بەك ئاشكارا ئەمەس ئىدى.

خىراجەت مەسىلىسىدە، مەمۇرى خىراجەت ۋە پەۋقۇلئاددە
خىراجەت مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى. سىياسى تەپتىش باش ئى-
دارىسى، ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىگى
باشقارمىسى قاتارلىقلار ئۆلكىلىك ھوكۇمەت قارمىقىدىكى ئىدا-
رىلەر بولغانلىقتىن ئۆلكىلىك ھوكۇمەت مەمۇرى خىراجەتتىن
ئايمۇ - ئاي چىقىم قىلاتتى. پەۋقۇلئاددە مەخپى پائالىيەتلەر
خىراجىتىنى ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ئاجرىتىپ بېرەلمەيتتى. شىڭ
شىسەي پەۋقۇلئاددە خىراجەتنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربى
خىراجىتىدىن ئاجرىتىپ بېرەتتى. لېكىن ئايمۇ - ئاي ئاجرىتىلى-
غان ھەربى خىراجەت زور بولغانلىقتىن داۋاملىق بېرىۋېرىشكە
بولمايتتى. شۇڭا ئۆلكىلىك ھوكۇمەت بىلەن دۇبەن مەھكىمىسى
مەسلىھەتلىشىپ ج خ باشقارمىسىنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئۆلكى-
لىك ھوكۇمەت ئاجرىتىپ بەرمەكچى بولدى. پەۋقۇلئاددە خىرا-
جەتكە ئۆلكىلىك ھوكۇمەت غەزنىسىدىن بىر قىسىم مەبلەغ ئاج-
رىتىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربى خىراجىتىدىن ھەر ئايدا
ياردەم بېرىدىغان، ئەمەلىي چىقىم بويىچە مەلۇم قىلىپ ھىساپ-
تىن كۆتۈرىۋېتىدىغان بولدى.

ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ج خ ئىدارىلىرى ئاتاقتا ۋىلايەت ناھىيىلەرگە قاراشلىق ئىدارە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ج خ باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدىغان بولغانلىقتىن ۋىلايەتلەردىكى ج خ باشقارمىسى ۋالى مەھكىمىسى بىلەن ناھىيىدىكى ج خ ئىدارىسى ناھىيىلىك ھوكۇمەت بىلەن تەڭ دىگىدەك بولۇپ قالغان ئىدى. سىياسى جەھەتتە ج خ ئىدارىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، ۋىلايەت مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەردىن ئېشىپ چۈشەتتى.

ۋىلايەت ـ ناھىيىلەردىكى ج خ ئىدارىلىرىنىڭ خىراجىتى ۋە پەۋقۇلئاددە خىراجەتلىرىنى ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسى ئۆلكىلىك ھوكۇمەت بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىدىن ئېلىپ بىۋاستە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ۋىلايەت، ناھىيە ج خ ئىدارىلىرى تاپشۇرۇپ ئېلىپ خىراجەت قىلغاندىن كېيىن ۋىدىموستلىرى بىلەن ئەۋەتىپ ھىساپ ئۆتكۈزەتتى.

خادىملار سىياسى تەپتىش ئىدارىسى ۋە ئامانلىق قوغداش ئىدارىسىدە بولغان ۋاقىتتا ھەربى دەرىجە بويىچە مائاش ئالاتتى. ج خ باشقارمىسىغا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئەسلىدىكى دەرىجىسى بويىچە مائاش ئالدى.

## 7ـ خادىملارنىڭ كېلىش مەنبەئى

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، 1934-يىلى ئۈرۈمچىدە ژاندارما مەكتىۋى قۇرۇپ، ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى بولدى. نيۇ يۈيتىڭ، دۇڭ لۇيجىنلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تەلىم-تەربىيە مۇدىرى بولدى. شەرقىي شىمال ساقچى مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان چېڭ يۈنچاڭ، نيەفۇلى قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولدى. بىرىنچى قاراردا 240 نەپەر بولۇپ بۇنىڭ كۆپچىلىگى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ياشلار بولۇپ 60%نى تەشكىل قىلاتتى. قالغان 40% شىنجاڭلىق ياش ئوقۇغۇچىلار ئىدى. بۇلار 2 يىل ئوقۇدى. 1935-يىلى بۇ مەكتەپتىن ياخشى ئوقۇغان 40 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ئامانلىق قوغداش باش ئىدارىسىگە پىراكتىكىغا چىقاردى. قالغان ئوقۇغۇچىلار 1936-يىلى ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن ھەممىسىنى ج خ باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ يەردە پىراكتىكا قىلغاندىن كېيىن ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە خىزمەتكە ئەۋەتتى. مەكتەپتىكى دۈيجاڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى بولسا ج خ باشقارمىسىغا بۆلۈم باشلىقى، تەپتىش باشلىقى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ مەكتەپنى تارقىتىۋەتتى.

1938-يىلى ئەتىيازدا ج خ باشقارمىسى، ج خ خادىملىرىنىڭ مەدەنى ۋە سىياسى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆز قارمىقىدا ساقچى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. نيەفۇلى كۇرس باشلىقى بولدى. باشقارمىدىكى ھەر دەرىجىلىك خادىملار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ھەر قاراردا 50 نەچچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر قايسى ج خ ئىدارىلىرى ئەۋەتكەن ھەر دەرىجىلىك خادىملاردىن ئىبارەت بولۇپ ۋاقتى 6 ئايلىق ئىدى. 6 بۈيۈك سىياسەت كۇرسى ۋە ساقچىلىق مەمۇرىيىتى قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتىلاتتى. ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن ھەر قايسى ج خ ئىدارىلىرىگە تەقسىم قىلىناتتى. 1940-يىلغىچە جەمى 3 قارار كۇرس ئېچىپ 150

دىن ئارتۇق ساقچى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىنى. 1940-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا بۇ كۇرسنى كېڭەيتىپ شىنجاڭ ساقچى كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىۋى قىلىپ شىڭ شىسەي ئۆزى مۇدىر بولدى. مۇئاۋىن مۇدىرلىققا لى يىڭچى بەلگىلەندى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش ۋاقتى 2 يىل بولۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن 160 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. جەمى 3 قارار ئېچىلىپ تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنى باشقارما ئۆزىدە قالدۇرۇپ ئاندىن ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلدى. 1945-يىلىغا كەلگەندە بۇ مەكتەپنى مەركىزىي ساقچى مەكتەپ شىنجاڭ شۆبە 3-مەكتىۋى دەپ ئۆزگەرتىپ، مۇدىرلىققا جياڭ كەيشى ئىلىم مۇدىرلىقىغا خۇ گوجىن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا چىن يىشىڭ تەيىنلەندى. بۇ مەكتەپتە يۇقۇرى ۋە باشلانغۇچ سىنىپ ۋە تەرجىمانلىق سىنىپى بار ئىدى. خۇگوجىن لەنجۇ ساقچىلىق مەكتىۋىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى يۆتكەپ كەلسە، باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما يۈنۋېن رەھبەرلىك قىلىپ چەت ناھىيىلەردە پىراكتىكا قىلدۇرغاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلاتتى. 1946-يىلىنىڭ 3—4-ئايلىرىدا بۇ مەكتەپ لەنجۇغا كۆچۈرۈلدى.

## 8 - تەرتىپ - تۈزۈم

شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدە تەپتىش باشقارمىسى ۋە ئامانلىق قوغداش باش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغاندىلا بىر يۈرۈش مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلايدىغان تۈزۈم ۋە ئەمەل قىلى-



دىغان تەرتىپ بەلگىلىگەن ئىدى. مەسىلەن، دوكلات مەخپىيەتلىكى، ئەنزە ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلار. ئادەتتىكى كۈنلەردە ھەر بىر بۆلۈملەردىكى خادىملارنىڭ سوز-ھەركىتى ۋە خىزمەتتە ئاكتىپچانلىقى قاتارلىقلار ھەر قانداق ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ، بۇنى دەرىجە ئۇستۇرۇش ۋە چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە مەسئۇل خىزمەتكە ئەۋەتىدىغان ئاساس قىلاتتى.

### 1 - مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈمى

ئومۇمەن ئامانلىق قوغداش باش ئىدارىسى ۋە ج خ باشقارمىسى ۋە ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىدىكى خادىملار كەسپىي خىزمىتى توغرىسىدا تاشقىرىغا قارىتا قەتئىي مەخپىيەت ساقلاش، ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق كىشىگە ھەتتا يېقىن ئادەملىرىگە دوست-ئاغىنىلىرىگە ئاشكارىلىماسلىق ناۋادا ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولسا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈمى بويىچە (شىكايەت قىلىش، قاماققا ئېلىش، جازا ھۆكۈم قىلىش) بىر تەرەپ قىلىش، مەخپى خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى توۋەندىن يۇقۇرىغا قارىتا ئۇدۇل سىزىق بويىچە بولۇش. كوندىلەڭ سىزىق بويىچە بولماسلىق، بۆلۈم كاتىپلىرى ئادەتتە بىر بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقانلارغا ئۆزى توپلاۋاتقان ماتېرىياللارنى سوزلىمەسلىك ۋە ھۆججەتلەرنى كورسەتمەسلىك؛ ئەگەر باشقا بۆلۈملەرگە كىرمەكچى بولسا ئالدى بىلەن ئىشىكنى چېكىش، رۇخسەت بېرىلگەندە ئاندىن كىرىش؛ بۆلۈم ئەزالىرى كۈندىلىك توپلىغان خەۋەرلەرنىڭ تۈرى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن ئالدى بىلەن ئۆزى رەتلەپ

ئاندىن بولۇم مەسئۇلى بىلەن بولۇم باشلىقىغا مەلۇم قىلىپ
تەستىقلاتقاندىن كېيىن داگىئەن خالتىسىغا سېلىش، تەستىقلاپ
كورسىتىلگەن يولىيورۇق بويىچە مەخپى خىزمەت خادىملىرى تەك-
شۈرۈش، ئەگەر مۇھىم ماتېرىياللار بولسا بولۇم باشلىقى، باش
كاتىپ ۋە باشقارما باشلىقلىرىغا دوكلات قىلىش، ماتېرىياللارنى
ساقلاشتا، ھەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن ئىشكاۋى بولۇش ۋە ئۆزى
بېكىتىش، ئىشكاپنىڭ سىرتىغا «قەتئىي مەخپى» دېگەن خەت يېزىل-
غان بولۇش.

2 - دوكلات قىلىش ۋە تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش

بولۇم ئەزالىرى ئۆزى تاپشۇرۇۋالغان ماتېرىياللارنى دوك-
لات قىلغاندىن تاشقىرى ئۆزى ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ ھوكۇ-
مەت سىياسىتى ئۈستىدىن قىلغان سوزلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋەتلىرىنى دوكلات قىلىشنى تۈزۈم دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ كۈن-
دىلىك، ئون كۈنلۈك ۋە ئايلىق دوكلات قىلىش، ھەر بىر كىشى
خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن سىرتقا خىزمەتكە چىقىش زورۇر
تېپىلسا، بولۇم باشلىقلىرىدىن رۇخسەت سوراش، قايتىپ كەلگەن-
دىن كېيىن دوكلات قىلىش.

3 - تەكشۈرۈش تۈزۈمى

توپلانغان ئاخبارات ئەنزەماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش خىز-
مىتىنى مەيلى كوللىكتىپ ياكى ئايرىم تەكشۈرگەن بولسۇن يېرىم
يىلدا بىر نوۋەت ئىز قوغلاش سۈرئىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش،
ئەگەر مۇھىم ماتېرىيال ئىكەنلىكى سېزىلسە دەرھال رەتلەپ چى-
قىپ باش كاتىپ ياكى جۈيجاڭغا تاپشۇرۇش، ئادەتتىكىلىرىنى
بولۇم باشلىقلىرىغا تەستىقلىتىپ داگىئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش،



جۈيجاڭ ۋە باشقارما باشلىقلىرىنىڭ كورسەتمىسى بىلەن تەكشۈ-
رۈپ رەتلەنگەن خۇلاسىلارمۇ بولىدۇ. بولۇم باشلىقى مەخپى
خادىملارنىڭ مۇكاپات فوندىنىڭ كىرىم - چىقىم مەسىلىلىرى
ئۈستىدە بەزىدە تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ، ئۇلار ئالغان مۇكاپات-
نىڭ سانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، بولۇم خادىملىرى ئىچىدە خىيا-
نەت قىلىش ئەھۋاللىرى بار - يوقلىقى ئېنىقلىنىدۇ. شۇنىڭ-
دەك مەخپى خادىملار بىلەن سوھبەت ئوتكۈزۈپ ئۇلار يەتكۈز-
گەن ئاخبارات ماتېرىياللارنىڭ راست بولۇشى تەكىتلىنىدۇ.
ئەگەر يالغان مەلۇمات بېرىش ئەھۋاللىرى سېزىلسە ئاگاھلان-
دۇرۇش بېرىپ ئەيىپلىنەتتى.

4- ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش تۈزۈمى.

ئامانلىق قوغداش باش ئىدارىسى، ج خ باشقارمىسىنىڭ
باشقارما باشلىقى، بولۇم باشلىقلىرى ۋە ۋىلايەت ناھىيە جۈي-
جاڭلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىش-
لىرى شىڭ شىسەيىنىڭ تەستىقى بىلەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا
بولۇم، ئىشخانا خادىملىرىنى ئىدارە - باشقارما ئۆزى تەيىنلەپ
ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ تەكشۈرۈپ - تەستىقلىشىغا يوللايتتى.

5- مەخپى خىزمەت خادىملىرىنى قوبۇل قىلىش قائىدىسى.

مەخپى خىزمەت خادىملىرىنى قوبۇل قىلىشتا ئالدى بىلەن
جەدۋەل تولدۇرىدۇ ۋە ئىلتىماسنامە يازىدۇ. جەدۋەل بىلەن
ئىلتىماس قەغىزى باسمىدا بېسىلغان بولۇپ، جەدۋەلدە ئىسىم-
پەمىلىسى، يۇرتى، يېشى، قىسقىچە تارىخى قاتارلىق كاتەكچىلەر
بار ئىدى. ئىلتىماس قەغىزىنىڭ مەزمۇنىدا × × × ھوكۇ-
مەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتىگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن

قاتنىشمەن، ئۇلۇغ داھىمىز شىڭ دۇبەنگە ساداقەت بولىمەن،
6 بۈيۈك سىياسەتنى ھىمايە قىلىمەن، بۇيرۇققا، يولىيورۇققا بويـ
سۇنۇمەن. خىزمەت ئۈستىدە ھەممە ئىشلاردا مەخپىيەتلىكنى
قەتئىي ساقلايمەن، ھەر قانداق يېقىن ئاغىنىلىرىمگەمۇ مەخپىـ
يەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويمايمەن. ئەگەر ئاشكارىلاپ قويسام
ھوكۇمەتنىڭ قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشىغا رازى بولۇمەن،
دىگەندەك سوزلەر بار ئىدى. ئاستىغا ئوزگەرتىلگەن ئىسمى
بىلەن ئوز ئىسمى يېزىلىپ تامغىسى بېسىلاتتى. ياكى قول باـ
ساتتى. ئەسكەرتىش كاتەكچىسىدە بۇنىدىن كېيىن ئۇچرۇشىدىغان
ئىشلاردا بەلگىلەنگەن كىشىگە ماتىرىيال تاپشۇرۇش ياكى ۋەزىپە
تاپشۇرۇپ ئېلىش، تاپشۇرۇلغان ماتىرىيالغا ئوزگەرتىلگەن ئىسمىـ
نى يېزىش، ئاي كۇن يېزىلغاندىن كېيىن تامغا ياكى قولىنى
بېسىش قاتارلىقلار ئەسكەرتىلگەن ئىدى. جەدۋەل بىلەن ئىلتىـ
ماسنامىنى باش كاتىپ تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىشكاپتا ساقلايتتى.
ۋىلايەت - ناھىيىلەردە كاتىپ ساقلايتتى.

6 - نوۋەتچىلىك تۈزۈمى.

ئىدارە، باشقارمىلاردا ھەر كۇنى نوۋەتچى خادىم بولاتتى.
نوۋەتچىلەر ئىدارە، باشقارمىلارنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن تەرـ
تىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. ھەر بىر بولۇملەردىمۇ نوۋەتـ
چىلىك قىلاتتى. نوۋەتچىلەر تېلېفون ئېلىش، پەيدا بولغان
ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش، خىزمەتكە كېلىش - كەلمەسلىك
جەدۋىلىنى تولدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى.

## 9- قورال - ياراق ۋە قاتناش قوراللار

دۇبەن مەھكىمىسىدە تەپتىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندا
دۇبەن مەھكىمىسى تەرىپىدىن 10 تالدىن ئوقى بىلەن 3 - 4



تاپانچا تارقىتىپ بەرگەن ئىدى. ئامانلىق قوغداش باش ئىداـ
رىسى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا ئامانلىق ساقلاش ئەتىرىدى قۇرۇلۇپ،
ئۇلارغا ھەربى ئىسكىلاتتىن بىر قىسىم مىلتىق ۋە ئوق تارقىتىپ
بېرىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىگى باشقارمىسى قۇرۇلغاندا شىنـ
جاڭ بويىچە ۋىلايەت ناھىيىلەردە ج خ ئىدارىلىرى شوبە ج خ
ئىدارىلار (پەيچۇسو) تەسىس قىلىندى. بىر ئولكىلىك ج خ ئىداـ
رىسى، 9 ۋىلايەتلىك، 80 ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى 196 شوبە
ج خ ئىدارىلىرى (پەيچۇسو) قۇرۇلدى. بۇ ئورۇنلاردا جەمى
5000 تالدەك ھەر خىل مىلتىق، 100 دىن ئارتۇق تاپانچا بار
ئىدى.

قاتناش قوراللىرى جەھەتتە ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىلىرىـ
دا 8 - 9 چە ئات بولدى. تازىلىق ئەتىرىدىدە 10 ئات، ناھىـ
يىلىك ج خ ئىدارىسىدا 2 - 3 ئات بولاتتى. ئولكىلىك ج خ
باشقارمىسىدا 20 - 30 دەك ئات، 10 نەچچە ئاپتوموبىل، 4 - 5
چە كىچىك ماشىنا (پىكاپ) 4-5 پوچتا بار ئىدى. ۋىلايەتلىك
ج خ ئىدارىلىرىدا چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىل بىردىن ئىككىـ
گىچە بولاتتى. پوچتا ۋە ئات ھارۋىسى 3 - 4 بولاتتى.

## 10- ئاخىرقى سوز

شىنجاڭدا 11 يىل ھوكۇمرانلىق قىلغان جاللات قانخور
شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن باشلاپ ئىككى يۈزلىمىلىك
سىياسەت قوللۇنۇپ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئوزىگە
تارتىپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ھەربى قالايمىـ

قانچىلىقلارنى بېسىقتۇردى. بۇنىڭ ئارقىدىنلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خادىملىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلار ئارقىلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق، سودا - سانائەت، مائارىپ، ئىسلاھات جەھەتلەردە چارە - تەدبىر قوللىنىپ ئىلگىرىكى خىيانەتچىلىك، ئېكسپىلاتاتسىيە، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىشتەك كونا جەمئىيەتتىن قالغان چىرىكلەشكەن قالاق ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى خاتىرجەملىكتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى گۈللەندۈرۈش يولىغا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇ گومىنداڭ مەركىزىنىڭ رەھبەرلىكىنى رەت قىلىپ گومىنداڭ پىرقىسىنى تاقاپ، ھەيئەت ئەزالىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ بىر مەزگىل شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە ھەممە ئۆلكىلەردىن ئىلغار ئۆلكىگە ئايلاندۇردى. شىڭ شىسەي ئۆز ئورنىنى ساقلاپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئامانلىقنى قوغداش باش ئىدارىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى قۇرۇپ چىقتى. لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ قانخور جاللات، مىللىتارىست، ئارقا تايانچىنىڭ تەسىرى، ئۆزلۈكسىز قىلغان ياردىمى ئارقىسىدا، سوۋېت ھەيئىتىدىكى لى بولىن، لى يىڭچىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان بىرقانچە قېتىملىق ئاتالمىش «قوزغىلاڭ كوتۇرۇش ئەنزىسى» ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى خىزمەت كۆرسەتكەن يېقىنلىرىنى، قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى قاماققا ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا × × × تىن ئەۋەتكەن سوۋېت خادىملىرىنىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا ئەنزىنى كېڭەي-



تىپ ھەر قايسى ۋىلايەت - ناھىيىلەردىن خىزمەتچى خادىملارنى ھەر مىللەت موتىۋەرلىرىنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈردى. قول ئاستىدىكى ئۆز ئادەملىرىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى ئۆلتۈرۈشتەك زوراۋانلىق ھەركەت تارىختا ئاز ئۇچرايدۇ. كېيىن ئۇ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق جياڭ كەيشىگە تەسلىم بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، گوڭچەنداڭغا قارشى چىقتى. كېيىن يەنە جياڭ كەيشىگە قارشى چىقىپ مۇستەقىل بولماقچى بولدى. مۇنداق تەكرار ئۆزگىرىش جەريانىدا لى بولىن لى يىڭچىلەر ج خ باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالدى. ج خ باشقارمىسى ئۇلارنىڭ يوليورۇقىغا بويسۇناتتى. شۇ ۋاقىتلاردا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە نارازى بولغان ياكى تەشكىلات قۇرغانلىقى توغرىسىدا ج خ باشقارمىسى ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىدە ھېچقانداق ماتېرىيال يوق ئىدى. شىڭ شىسەي بولسا مۇشۇنداق دەھشەتلىك تېررورلۇق ۋاستە ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ «يەرلىك پادىشا» بولۇشتەك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ناھەقتىن - ناھەق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى.

لېكىن شىڭ شىسەي ئاجايىپ رەڭۋازلىق ۋاستىلار بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بەختكە يارىشا گۈزەل باي چېگرا رايونىنى ۋەتەندىن ئاجرىتىپ چەتئەلگە سوغات قىلىپ بېرىپ قويمىدى.

ئەسكەرتىش: بۇ ئىشلارغا ئۇزۇن يىللار بولغانلىقتىن چۈشۈپ قالغان ۋە ئىگىز - پەس بولغان جايلىرى بولۇشتىن خالى ئەمەس. بىلگۈچىلەرنىڭ تولۇقلاپ تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# تۈرمىدىكى سەككىز يىل

جۇدۇڭجياۋ يېزىپ قالدۇرغان

1938 - يىلى 2 - ئايدا، مەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتاي ناھىيىسىدە قولغا ئېلىنىپ، 1945 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۈرمىدىن چىقتىم. تۈرمىدە ھەممىسى بولۇپ 8 يىل، كۈن ھېسابىدا ئېيتقاندا 7 يىل 2 ئاي ياتتىم.

بۇندىن ئىلگىرى تۈرمىدە ياتقان 8 يىل توغرۇلۇق بىرنەچچە قېتىم ماقالا يازغان بولساممۇ، بىراق يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ كۆپلىگى، مۇرەككەپلىگى شۇنىڭدەك يېزىش ۋاقتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدەك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن يېزىپ بولالمايلا توختىتىپ قويغان ئىدىم. ئەمدى ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ يازماي بولمىدى. ئېغىر يۈرەك كېسىلى مېنى قايسى دەقىقىدە ئۇ دۇنياغا يولغا سالىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. ئەمەلىيەتتە مەندەك بىر ئادەتتىكى شەخسنىڭ ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى قەغەز ۋە سىياھنى زايا قىلىپ يازغۇچىلىگى يوق ئىدى. بىراق بۇ 8 يىلدىكى ئاڭلىغانلىرىم ھەم كۆرگەنلىرىم بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يېتەرسىزلىگىنى تولۇقلاپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا پايدىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. بەزىدە بىر تامچە سۇدىمۇ كەڭ جاھان ئەكس ئېتەلەيدىغۇ!



# زۇلمەتلىك كېچە

1938 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئاخشىمى ئالتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋتيەنجۇدىن تېلېفون ئالدىم. تېلېفوندا ۋالى شەرىپقاننىڭ ئىدارىسىدا مۇھىم يىغىن بارلىقىنى ۋە مېنىڭ دەرھال بېرىپ قاتنىشىشىمنى ئېيتتى.

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئالتاي ناھىيىسىگە بۇرۇن دۇبەن مەھكىمىسىدە مۇھاپىزەتچى بولغان زوشياۋشەن دېگەن بىرسى كېلىپ ئۆزىنى شىڭ شىسەينىڭ خىزمەت تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى دەپ يۈرگەن ۋە ئالدامچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ قاماپ قويغان ئىدى. تۇنجى سوراقتا ئۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دۇبەن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى دۇبەن ئۇنىڭغا بىۋاستە يوليورۇق بېرىپ، ئالتايدا ھۆكۈمەتكە قارشى سۇيىقەست گۇرۇھىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭغا سابىق ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇبىن، ۋالى مەھكىمىسىنىڭ كاتىۋى مەنكەي قاتارلىقلار قاتنىشىپ ئالتايدا „خەنزۇ - مۇسۇلمان دولىتى» قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان، دەپ ئىقرار قىلدى. ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى بۇ ھەقتە ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىغا تېلېگرامما يوللىغاندا، ج خ باشقارمىسى زوشياۋشەننىڭ ئېيتقانلىرى يالغان، ئۇنى دەرھال ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىدى. نەچچە كۈن ئىلگىرى شارىپقان ۋالى ھەرقايسى ئىدارە باشلىقلىرىنى يىغىپ بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى قىسقىچە يەتكۈزدى. شۇ يىغىندا ساۋجۇيجاڭ،

ۋوشياۋشيەنىنىڭ ئولكىگە ئەۋەتىلگەنلىكى بىراق يەرلىكتە ھەقـ
قەتەن خاتىرجەمسىزلىك ئالامەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇغى، كوپچىلىكـ
نىڭ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ لايىھەلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ
كورۇشنى ئېيتقان ئىدى. ساۋدىن تېلېفون ئالغاندىن كېيىن،
بەلكى مۇشۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئوخشايمىز دەپ ئويلاپ
ئاتلىنىپ ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىغا يېتىپ كەلدىم. ما-
ڭا ئىشىك ئېچىپ بەرگەن كىشى 1935 - يىلى ئۈرۈمچىدە مەندە
ئوقۇغان ئوقۇغۇچىم ئىكەن.

ئۇ مېنى „جۇ مۇئەللىم، مەرھەمەت“ دەپ كۈتۈۋالدى.
ھويلىدا ۋالىنىڭ پىكاۋى تۇراتتى. مەن بۇ ئوقۇغۇچىمدىن: „ۋالى
كەلدىمۇ“ دەپ سورىدىم. ئۇ: „كەلدى“ دەپ جاۋاپ بەردى ۋە
مېنى ئوتتۇرىدىكى ھويلىغا باشلاپ كىردى.
ئاندىن ئارقا ھويلىغا قاراپ ماڭدى. مەن ئارقا
ھويلىدا پەقەت قاماقخانا بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. لېكىن
بۇ يەرگە كېلىپ قالغاچقا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭماي بولـ
مىدى.

قاماقخانا جەنۇپقا قاراپ تۇرىدىغان 4 ئېغىزلىق كامېر-
دىن ئىبارەت ئىدى. قاماقخانىغا قارايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى
تونۇيتتىم. ئۇلاردىن بىرسى ئىلگىرى مەندە ئوقۇغان ئوقۇ-
غۇچىم ئىدى. ئۇ ماڭا: „سىز، بىر نەچچە كۈن ياتىدىغان بولدى-
ڭىز، بۇ يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغى“ دىدى.
ئاختۇرۇپ يېنىمدىكى پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى ئېلىپ
قېلىپ، بىر كامېرغا سولاپ قويدى.
ئۇزۇن ئوتمەي نۆۋەتچى ئىشىكنى ئېچىپ، بىر ئۇيغۇر كى-



شىنى ھەمرا بولسۇن دەپ ئەكىرىپ قويدى. ئوتتۇرا ياشلىق بۇ
ئۇيغۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر ياغاچچى بولۇپ، قامالغىنى بىر
ئايدىن ئېشىپتۇ، قامىلىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئۇقمايدىكەن. سو-
راقمۇ قىلىنماپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھويلىدىكى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇ-
رۇڭلىرى ۋە كامېرلارنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىشلىرى
يېرىم - كېچىگىچە داۋاملاشتى. مەن بار كامېرغا ئىلگىرى - كې-
يىن بولۇپ يەنە 2 ئادەم سولاندى. بىرسى قەشقەردىن كەلگەن
بوۋاي بولۇپ، موللا ئىكەن؛ يەنە بىرسى ئۇزۇندىن بېرى ئالتاي-
دا تۇرۇۋاتقان ئاق ئورۇس دىنىكوۋ بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە چارروسى-
يە دەۋرىدە رۇسىيىنىڭ ئالتاي ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخا-
نىسىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ روتا كوماندىرى بولغان ۋە رۇ-
سىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ دېخانچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن.

شۇ كېچىسى قامالغانلارنىڭ ئىچىدە ئالتاي ئالتۇنكان
ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭى فاڭ جېڭيۈەن، ۋالىي مەھكىمى-
سىدىكى بولۇم باشلىقى سەلىم، شابدان، بىر قولى چولاق قازاق
چارۋىچى تومۇر غالىبلارنىڭ بارلىغىنى ئۇقتۇق.

قامالغانلارنىڭ كۆڭلىدە تۈرلۈك ئوي - خىياللار بار
ئىدى. مەن ئاساسەن نېمە ئۈچۈن قامالغانلىغىمنى ئويلايتتىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1937 - يىلى كۈزدە كاماندىروپكا بىلەن
بىر ئايدىن ئارتۇق يول — يۈرۈپ ئالتايغا يېتىپ باردىم. ۋەزى-
پەم ئاساسەن چارۋىچىلارغا جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىنكى ۋەزىيىتى ۋە ئىستىق-

ھالىنى تەشۋىق قىلىش ئىدى. ئالدىنقى يىللاردا بۇ يەردىكى
قازاقلار كەينى - كەينىدىن گەنسۇغا قېچىشقا باشلىدى. ئادەت
تىكى قەبىلە باشلىقلىرىدىنمۇ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە نىسبە
تەن چوڭقۇر گۇمان ۋە قورقۇنۇش بولۇپ، ئالتاينىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقى يولىدا مېڭىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ياپون باس
قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن بۇ خىل پىتنە -
ئىغۋالار تېخىمۇ كۆپەيدى. مەن بىلەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ
باش كاتىۋى مەنكەي (قازاق) كوكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي
دائىرىسىدىكى چارۋىچى مىللەتلەر ئىچىدە تەشۋىق خىزمىتى
ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىلدۇق، ئەمەلىيەتتە ئۇ جايلاردا ھېچقانداق
داۋالغۇش بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي شىنجاڭنىڭ چېگرا
مۇداپىئەسى ئىنتايىن چىڭىتىلغان، قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىق
لىرىمۇ ئالدىراپ چېگرىدىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان
بولۇپ قالغان ئىدى. قايتىپ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە ئولك
مەركىزىدە خېلى چوڭ سىياسىي ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى
ئاڭلىدۇق.

ئالتاي ناھىيىسىگە قايتىپ كەلگەندە 11 - ئاي كىرىپ
قالغان ئىدى. ھۆكۈمەتتىن ئەۋەتىلگەن رادىوگراممىلاردىن
ئۈرۈمچىدە ئەكسىلئىنقىلابىي سۈيىقەستنىڭ تارمار قىلىنىپ
مائارىپ نازىرى جاڭ شىيىن، خەلق ئىشلىرى نازىرى ماشاۋۇ
مالىيە نازىرى خۇشۇكاڭ، دېخانچىلىق - كان ئىشلىرى نازار
تىنىڭ نازىرى يۈنۈسبەك قۇرۇلۇش نازىرى شى شىچاڭ، ئولك
لىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجا نىياز ھاجى، دۇبەن
مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى خۇاڭ خەن جاڭ ... لارنىڭ ئى



گىرى كېيىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇق. ئوكتەبىردە ئۈرۈم
چىدە ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىندا ئېلان قىلىنىشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ
بۇ ئەمەلدارلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى خېلى كۆپ
ئەربابلار جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە سېتىلغان بولۇپ،
ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يۈرگۈزۈۋات
قان ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغانىمىش، قولغا ئېلىنغانلار
ئىچىدە مېنى شىنجاڭغا كېلىشكە تونۇشتۇرغان شۈي لىيەنمۇ
بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ 1930 - يىلى تونۇشقان ئاغىنەم بولۇپ، شۇ
چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۈينىڭ يېقىن دوستلىرى
خې يۈجۇ قاتارلىقلارمۇ قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا قولغا ئې
لىنغانلار ئىچىدە يەنە 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋە
تىلگەن كوممۇنىستلارنىڭ ئەزالىرىدىن ۋاڭ شۇچىڭ (جاھانگىرلىككە
قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى) ۋەن شيەنتىڭ (تاشقى
ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى)
قاتارلىقلار بار ئىدى.

مەن 1935 - يىلىنىڭ باشلىرى شىنجاڭغا كەلگەندە ھېچقان
داق پارتىيە، گۇرۇھ بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى. ئۈرۈمچىدە
«تيانشان گېزىتى» (كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلگەن)
نىڭ باش تەھرىرى، گېزىتخانا باشلىقى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا بىرقانچە مەكتەپلەردە دەرس ئۆتتۈم. 1936 - يىلىنىڭ
بېشىدا ئالتايغا يۆتكىلىپ «ئالتاي شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ
باشلىقى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە قوشۇمچە ۋالىي مەھ
كىمە تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى
ئۆتىدىم. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن جاھانگىرلىككە

قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقاندىن باشقا، ھېچقانداق تەشكىلىي مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى. 1937 - يىلى ئۆكتەبىردىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىكى باشلىقلار ۋە ئىدارە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ خېلى كۆپى قولغا ئېلىنىپ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت، مەدەنىي - مائارىپ ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئالماشتۇرۇلدى، ئالتايدا بۇ ئىش ناھايىتى كېچىكىپ يۈرگۈزۈلدى، يىل ئاخىرىدا ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ بارلىق خادىملىرى يۆتكەپ كېتىلدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا ئۆلكىلىك بانكا شۆبە بانكىسىنىڭ جىگىلىسى ئاقموللا، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ كېجاگى گو xx ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن مەلۇملىرىلا قولغا ئېلىنغان ئىدى. مەن قولغا ئېلىنغان كۈنلەرگە كەلگەندە ئاندىن كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىش باشلاندى.

ئەينى ۋاقىتتا تازىلانغان ئادەملەر مەيلى سىياسىي ئىدىيىسى، ئىجتىمائىي تەركىۋى تەرەپتىن بولسۇن ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئالاھىدە بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرلىشىپ قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز ئىدى. مېنىڭ ئاغىنەم شۈيلىيەن قاتارلىقلار شىڭ شىسەينىڭ بىر يۇرتلۇقلىرى ئىدى. ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋى بويىچە مىڭ چاقىرىملاپ يوللارنى بېسىپ كەلگەچكە ئەقەللىي قائىدىدىن ئېيتقاندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ يۆلەنچىگىگە قارشى چىقىشى ھەتتا ئۇنى ئاغدۇرۇشقا قەست قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق مەن ۋە باشقىلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇيۇقسىز تازىلاشقا دۇچار بولدۇق؟



مەن ئالتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدا توپتوغرا بىر ئاي ياتتىم. بىر كۈندە ئىككى ۋاق تاماق بەردى. باشقا ۋاقىتلاردا بىر كامېردىكىلەر بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردۇق. بىر ئايدىن بېرى ئىچىمىزدىن ھېچكىم سوراققا ئېلىپ چىقىلمىدى، ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە خەت ئالاقە قىلىش چەكلەنگەن ئىدى. ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىر كېچىسى نۆۋەتچى ئىشىكنى ئېچىپ، بىزنى نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، ئالدىنقى ھويلىغا چىقىشقا بۇيرۇدى. نۆۋەتچى، مەن، دېڭكوۋ ۋە بىر قولى چولاق قازاقنى ئوتتۇرا ھويلىغا باشلاپ چىقتى، باشقا كامېردىكىلەرمۇ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان فاڭ جىڭيۈەن، سەلىم، شابدان، ۋە ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان يەنە ئىككى قازاق بار ئىدى.

ھويلىدىكى ئاتخانا يورۇتۇلغان، ئوتتۇرىسىغا بىر جوزا قويۇلغان ئىدى. جوزىنىڭ كەينىدە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋ تيەنجۇ، ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇۋەنچىڭ ئولتۇراتتى. تۆت ئەتراپىنى 20—30 ساقچى ۋە ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى قورشاپ تۇراتتى. ساۋ تيەنجۇ مۇنداق دېدى: «سىلەرنى دۇبەننىڭ بۇيرۇغى بويىچە قاماققا ئالغان ئىدۇق، ھازىر دۇبەن يەنە تېلېگرام بېرىپ، ئۆلكە مەركىزىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئايدىڭلىشىدۇ. بۈگۈن كېچە يولغا چىقىسىلەر، يولدا خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرنى ساقچىلار مۇھاپىزەت قىلىپ بارىدۇ. تۆۋەندىكىلەر يۈز خاتىرە قىلمايدۇ. ھەممىڭلار ئۆزەڭلارنى ئايىغى-

نىڭلار تۇزۇك!» ئۇنىڭدىن كېيىن تېگى پەس جۇۋەنچىڭمۇ مۇرادىغا
يەتكەن قىياپەتتە بىرنەچچە ئېغىز سوز قىلدى.

ساۋ تيەنجۇ كېيىن ناھايىتى تېز ئورلەپ 1943-يىلغا كەل
گەندە ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. 1944-يى
لى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. شىڭ شىسەي ش
جاڭدىن كەتكەندىن كېيىن تۇرمىدىن ئازات قىلىنىپ غۇلجىغا
ئەۋەتىلدى، 1945-يىلى غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى ھاكىمىيىتى تەر
پىدىن ئېتىپ ئولتۇرۇلدى. جۇۋەنچىڭ 1939—1940 يىللىرى قول
غا ئېلىنىپ 1942-يىلى 2-تۇرمىدە ئولتۇرۇلدى.

شۇ مەيداندا بىز سەككىزىمىزنىڭ پۇتىغا كىشەن سالدى
مەن، فاڭ جېڭيۇەن ۋە ھېلىقى بىر قولى چولاق قازاقدىن باش
قىلارغا يەنە كويزىمۇ سېلىندى. كوپ ئوتمەي تاشقارقى ھويلى
دىن بىر نەچچە توگىنى يېتىلەپ كىرىشتى. ھەر بىر توگىگە ئىك
كىدىن چوڭ ساندۇق ئارتىپ، ھەر بىر ساندۇققا بىردىن مە
ھۇسنى سالدى. يىگىرمە نەچچە ئاتلىق ساقچى مۇھاپىزەت قىلى
ھەيۋەت بىلەن ئېلىپ ماڭدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئالتايدىن ئۇرۇمچىگە بارىدىغان ئىككى يو
بولۇپ، بىرسى غەربىي شىمالدىكى بورچىن دەرياسى، قوشتولغايدى
ئوتۇپ غەرپتىكى دوربىلجىن ناھىيىسى ئارقىلىق جەنۇبقا قارا
مېڭىپ ئۇرۇمچىگە يېتىپ باراتتى. يەنە بىرسى قوشتولغاي ئارقىلى
جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ساۋەندىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ قۇتۇ
ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە يېتىپ باراتتى. ھەر ئىككى يولدا ئاپتو
بىل قاتنىيالايتتى. بىز ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ ئاددىمزات يو
قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇغى ئارقىلىق ماڭدۇق. بۇيول گەرچە بىر



يېقىن بولسىمۇ، لېكىن پەقەت قىش ۋە باش ئەتىيازدىلا ئات
ياكى توگە ئارقىلىق ماڭغىلى بولاتتى.

ئىككىنچى كۇنىدىن باشلاپ فاڭ جىڭيۇەن بىلەن ئىككى
مىزنى بىر توگىگە ئارتتى. ئۇ لياۋنىڭلىق بولۇپ، ئەر-خوتۇن
ئىككىسى 1936-يىلى ئۇرۇمچىگە كەلگەن ئىدى. فاڭ باشتا
ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھوكۇمىتىدە يېرىم يىل كاتىپ بولدى.
ئىككىنچى يىلى ئالتايغا يوتكىلىپ ئالتۇن كان ئىدارىسىغا مۇئا
ۋىن جۇيجاڭ بولدى.

بىزنىڭ قولغا ئېلىنىشىمىز، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي
ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىدىن
بولدى. ئۇزۇنغا قالماي مەسىلە ئايدىڭلىشىپ، تۇرمىدىن چىقى
شىمىز مۇمكىن دەپ پەرەز قىلاتتۇق. 1938-يىلى مارتنىڭ ئاخىر
لىرىدا، باھار تۇسىگە كىرىپ قالغان ئۇرۇمچى شەھىرىگە يېتىپ
كەلدۇق، بۇ يەردە بىللە كەلگەن سەككىزىمىزدىن فاڭ جىڭيۇەن
بىلەن مەندىن باشقا قالغان ئالتەيلەننىڭ ھەممىسى 1942-يىلى
ئەتىيازدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇمچىدىكى تۇرمە قىرغىنچىلىقىدا
ئولتۇرۇلدى.

## دەسلەپكى نەزەربەنت

1938-يىلى مارتنىڭ ئاخىرىدا توگە ئەترىدى شىمالىي
دەرۋازىدىن ئۇرۇمچىگە كىرىپ، غەربىي دەرۋازىدىكى 2-تۇر
مىگە يېتىپ كەلدى. مەن ئوقۇتقان جاڭ پەيلىلىك بىرسى بىز
نى بىر چوڭ تومۇر دەرۋازا ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇ بىزنى
يالاپ كەلگەن تىلىك كېچاڭ بىلەن رەسمىيەتنى ئوتەپ بولغاندىن

كېيىن ئاندىن بۇرۇلۇپ:

— سىلەرگە كىم كىشەن سالدى! تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، دۇبەن سىلەرنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلـگـەن سىلەرگە بۇنداق مۇئـامىلە قىل دەپ ئۇلارغا كـىم ئېيتىپـتۇ؟ يولدا جاپا چەكتىڭلەرمۇ؟ سوز شۇ يەرگە كەلگەندە كەينىگە بۇ رۇلۇپ: «بۇلارنىڭ پۇتىدىكى كىشەنلەرنى دەرھال ئېلىۋېتىڭلار» دەپ توۋلىدى. بىر نەچچە گىزندىپاي پۇتىمىزدىكى كىشەنلەرنى ئېلىۋەتتى. مـەھبـۇسلارغـا نىسبەتەن كوز ئەينەك تاقاش مەنئى قىلىناتتى. بەلكى جاڭ × × بىزنىڭ ئـوقۇتقۇچى-ئـوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئۇنتۇمىغان بولسا كېرەك. مېنىڭ كوز ئەينەك گىمنى ئېلىپ قالمىدى.

ئىككىنچى تۇرمە ئەسلىدە «غەربىي چوڭ ئىسكىلات» دەپ ئاتى لىدىغان قورال- ياراق ئىسكىلاتى ئىدى، تـوت تېـمى (كىچى سېپىل) ئەسلىدىلا ئىگىز ھەم قېلىن بولۇپ، ئـۈسـتىدە ئـادە ماڭالايتتى. توت بۇرجىكىدە كۆزۈتۈش راۋاقلىرى بـار ئـىدى 1934- يىلى ئەينى چاغدىكى سىياسى تـەپتىش ئـىدارىسى ئـۇنى سىياسى جىنايەتچىلەرنى قامايدىغان مەخسۇس تۈرمىگە ئوزگەر كەن ئىدى. ھويلىنىڭ شىمالىدا جەمى 9 ئېغىز چوڭ كامىر ب لۇپ ھەر بىرسىنىڭ ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن يېرىم جاڭ، كەڭلى بىر جاڭ ئەتراپىدا كېلەتتى، يېردىمىغـچە تـاختاي يېـپىتىلغ ئىدى. ھەر بىر كامىرنىڭ سول بۇرجىكىگە توت بۇرجەك جو ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر كىچىك تەرەت قاچىسى قـويۇلغ ئىدى، شىمالىي تامنىڭ تورۇسىغا يېقىن يېرىدە بـىر ئـەين دەرىزە بولۇپ ئىچىگە ئېچىلاتتى. دەرىزىنىڭ سـىرتىغا تـو



رەشەتكە مىخلانغان ئىدى، تومۇر ئىشىكنىڭ يۇقۇرقى قىسمىدىمۇ ئەينەك دەرىزە بار ئىدى، ئىچى تەرىپىگە تومۇر رەشەتكە مىخلان- غان بولۇپ سىرتقا ئېچىلاتتى. بۇ كامىرلارنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر كورپۇس ئوي بولۇپ، ئۈچ قاراڭغۇ كامىرغا بولۇنگەن ئىدى. كامىرلارنىڭ ئىشىگى غەرپ تەرەپكە ئېچىلاتتى، ھەر بىر ئېغىزدا بىردىن كارۋات بار ئىدى، توت تـېـمىدا دەرىزە بـولمـىغاچـقا، ئىشىك ئېتىلگەندە بەش بارماقنىمۇ كورگىلى بولمايتتى. كامىر- لارنىڭ سىرتىدا بىر ئۇزۇن كارىدور بار ئىدى. ھـويلىغا بـىرلا تومۇر ئىشىكتىن چىققىلى بولاتتى. لېكىن بۇ ئۇزۇن كارىدورنىڭ تېمى پۇتۇنلەي ئەينەك دەرىزە بولغاچقا، كامىرنىڭ ئىچىگە كۈن نۇرى يېتەرلىك چۈشۈپ تۇراتتى. ھەر ئىككى كامىرنىڭ ئوتتۇ- رىسىدا بىردىن يۇمىلاق تام مەش بار ئىدى. ئۇنىڭ سـىرتـىغا تومۇر قاپلانغان بولۇپ، ئۈچتىن بىر قىسمى ۋە ئـوچاق ئـاغزى كارىدوردا ئىدى. ھەر يىلى 5 ئاي ئوت يېقىلاتتى، كـارىدورغا ئېلېكتىر چىرىغى ئورنىتىلغان ئىدى، ھەر نوۋەتتە ئىككى گۇندى- پاي دىژورنىلىق قىلىپ 3 سائەتتە بىر قېتىم ئالمىشاتتى. كارى- دورنىڭ شەرق تەرىپىدە ھاجەتخانە بولۇپ، بىر كـۈندە ئـىككى قېتىم شامالغا ئېلىپ چىقاتتى. كـامىرنىڭ تـورۇسى نـاھايىتى ئىگىز بولغاچقا، ھاۋاسىنى يامان دېگىلى بولمايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا ھويلىنىڭ شەرق، غەرپ تەرەپىنىڭ ھەرقايى- سىدا ئون ئېغىزدىن كامىر بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قـارىغاندا، ئوسكۈنە ۋە شەكلى جەھەتتە شىمال تـەرەپتـىكى كـامىرلاردىن پەرقى يوق ئەمما كولىمى كىچىك ئـىدى.

مەن فاڭجىڭيۈەن، دېڭكوۋ، سەلىم ۋە شابدانلارنى شىمال

تەرەپتىكى 25- كامىرغا سولىدى. كامىردا بىرنەچچە ئادەم با
ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن تونۇيدىغانلاردىن خەلق ئىشلىرى
نازارىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن نازىرى لەنيەنشۇ (تۇڭگان) شى
جاڭ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى تايىربەگ (ئۇيغۇر) لا
بار ئىكەن. لەنيەنشۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرمىدە مەھبۇسلا
ئۈنلۈك سۆزلەشكە، ناخشا ئېيتىشقا
سىرتقا ماراپ قاراشقا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. يېتىپ - قوپۇ
ھەر بىر كىشىنىڭ ئىختىيارى بولۇپ، بىركۈن كەچكىچە ياتسا
مۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى، كامىردىكىلەر نۆۋەت بىلە
دىژورنىلىق قىلىپ يەر سۈپۈرەتتى، كىچىك تەرەت تۆكۈ
توكەتتى، يۇياتتى ۋە باشقا تازىلىق ئىشلىرىنى قىلاتتى، لەنيە
شۇ يەنە بىزگە: بۇ يەردىكى قاماقنىڭ نەچچە دەرىجىگە بولۇ
دىغانلىقىنى، ئالاھىدە شەخسلەر، مەسىلەن: موڭغۇللارنى
ۋاڭ گۈڭى، ئىسلام دىنى ئاخۇنلىرى قاتارلىقلارغا ئۆيىدىن تا
يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلا
نازىر چۇجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەر ۋاقىلىق تامىقىدا گوش، سا
بارلىقىنى، ئادەتتىكى مەھبۇسلارنىڭ ئەتىگەنلىك تامىقى گۈر
قايناتمىسى (مىتاڭ) موما، سەي، كەچلىك تامىقىمۇ سەي
موما ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. تۈرمىدە ھەر كۈنى كەچ
بىر قېتىم قايناقسۇ، ئەتىگەندە بىر قېتىم سوغاق سۇ بېرىلەتتى
كامىردا تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلىنماتتى، كىچىك دۇكا
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پالمىر، كازبېك ماركىلىق پاپىروسلىر
موخۇركا ۋە موخۇركا قەغەزلىرى قانچىلىك ئالىمەن دىسە ب
ئىدى. ھەر كۈنى بەش تال سەرەڭگە تارقىتىلاتتى. بۇ دۆ



ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم كامىرلارغا كېلىپ نەرسە- كېرەك
سېتىپ بېرەتتى، پۇلى بارلار تۈرمۈش لازىمەتلىرى ۋە قۇرۇق
مىۋە، چاقماق قەن، چاي قاتارلىقلارنى سېتىۋالالايتتى. ھەر
ھەپتىدە ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم پولو، پىشۇرۇلغان قوي
بېشى، قوي يېغى، سارماي قاتارلىقلار سېتىلاتتى.

تۈرمىگە كىرىش بىلەنلا سىرت بىلەن بولغان ئالاقە ئۈ-
زۈلەتتى. بالا- چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمەيتتى، خەت-
ئالاقە قىلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىر نەرسە زورۇر بولۇپ
قالغاندا، باغاقچە يېزىپ تۈرمە دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرسە،
ئۇلار ج خ باشقارمىسى ئارقىلىق مەھبۇسنىڭ ئۆيىگە ئادەم
ئەۋەتىپ ئالدۇرۇپ بېرەتتى. خەت ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىنمىسىمۇ
لېكىن پۇل ئېۋەتىشكە بولاتتى. قانچە بولسا چەكلىمە يوق
ئىدى. كاسسا خاتىرىگە ئېلىپ قويۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم
ئېلىشتۇراتتى. لەنيەنشۇ بۇ خىل ئەھۋاللار توغرۇلۇق ئۇرغۇن
سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

## ئاتالمىش سۈيىقەستلىك قوزغىلاڭ ئەنزىسى

تۈرمىگە كىرگەن دەسلەپكى ئايلاردا كامىردىكىلەرنىڭ
ئارىكى كۆپىنچە ئاتالمىش «چوڭ سۈيىقەستلىك قوزغىلاڭ ئەن-
زىسى» ئۈستىدە بولدى. لەنيەنشۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغان-
لىرىنى ماڭا ئېيتىپ مۇنداق دىگەن ئىدى: 1937- يىلى 9- ئاي-
نىڭ 18- كۈنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ
ھويلىسىدا «18- سېنتەبىر» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش
نىڭ يىغىنى ئېچىلغان كۈنى كەچتە، جاھانگىرلىككە قارشى

تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ كەينىدىكى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى
ياتاقلىرىنى ساقچىلار ئاقتۇرغان. شۇ كۈنى يىغىندا مەھبۇ
قىياپىتىدىكى بىر ئادەم سەھنىگە چىقىپ، دۈبەننى ئولتۇرمە
چى بولغان ئىكەن. مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن خې
كوپ قوغلىغان بولسىمۇ لېكىن تۇتالماپتۇ، دىگەن سوزلەر ش
ھەردە تارقىلىپ يۈرگەنمىش. شۇ يىغىندا لەنيەنشۇ بار بول
مۇ، لېكىن بۇنداق ئەھۋالنى ۋە ھېچقانداق ۋەقەنى كورمىگە
ئەمما شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ئولكە مەركىزىدە ئادەم تۇتۇ
باشلىنىپ، رەئىس لىرۇڭ ۋە ئولكىلىك ھوكۇمەت ئەزالىرىن
ھەممىسى دىگىدەك قولغا ئېلىنغان، ئۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغ
يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلار، مەسىلەن، شەھەرل
گارنىزۇن قۇماندانى يۇدې شېڭ، ئىشپيونلار باشلىغى س
يىڭ، بىرقانچە پولك كوماندىرلىرى..... قاتارلىقلارمۇ قو
ئېلىنغان. لەنيەنشۇ ئوزى و- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قولغا ئېلىن
كوپ قېتىم سوراققا تارتىلغان. ئۇنى مالىيە تەپتىش ھەيئىتىن
باشلىغى لى پۇلىن قاتارلىقلار سوراق قىلغان. لى، ياپون با
قۇنچىلىرىغا قارشى جىلىن ئارمىيىسىدىن چىققان شەرق
شىماللىق كونا ئوفىتسېر ئىدى، ئۇنىڭ لەنيەنشۇغا ئېي
بېرىشىچە، ئۇرۇمچى ۋە باشقا رايونلاردا مائارىپ نازىرى ج
شىڭ باشچىلىغىدىكى ئاتالمىش ھوكۇمەتكە قارشى قوزغ
كوتۇرۇش سۇيىقەست ئەنزىسى يۈز بەرگەنمىش. لەنيەنشۇن
سوزىگە قارىغاندا جاڭ شېيىڭ خۇبېيلىق ئىكەن، ئۇ 1915- ي
بېيجىڭدىن ئېۋەتىلگەن مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ، ياڭ زىڭش
دەۋرىدە ھاكىم بولغان ئىكەن. 1928- يىلى ياڭ زىڭشىن س



قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن جاڭ شېيىڭ ئۇنىڭغا چېتىلىپ، جىن شۇرېنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان. بىر يىلدىن كېيىن باشقىلار كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن بوشىغان. 1933- يىلدىكى جىن شۇرېننى ئاغ- دۇرۇش سىياسى ئوزگىرىشىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى ئىكەن. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ، ئولكىلىك ھوكۇمەت- نىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازىرى بولۇپ، قېتىقىنىپ ئىش- لەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق ئوزگىرىشلەرگە قاتناشقانلىغىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى سىياسى قارانىيەتچى دىسە ئىشىنىدىغانلار بار ئىدى.

لى بۇلىڭ سوراق ۋاقتىدا ئاشكارا ھالدا مۇنداق دىگەن ئىدى: «بۇ سۇيىقەست ئەنزىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربى، مەمۇ- رى ئەمەلدارلارغا چېتىلغان بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتتىن بول- غانلار نەچچە يۈزگە يېتىدۇ. كوپۈنچە ئادەملەر قولغا ئېلىنغان- دىن كېيىن راستىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە ھوكۇمەت خېلى بۇرۇنلا بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جاھانگىرلارغا سېتىلىپ، جۇڭگودىكى ئەك- سىيەتچىلەر، يەنى گومىنداڭ ۋەتەن ساتقۇچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شۇلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن 6 بۇيۇك سىياسەت يۈر- گۈزۈۋاتقان ھوكۇمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغانلىغىنى بىلەتتى. ھو- كۇمەت ئاللا بۇرۇنلا كوپ مىقداردىكى سۇيىقەست ماتىرىياللىرىنى- ئىگەللىگەن ۋە زور تۈركۈمدىكى پائالىيەت راسخۇتلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. ھازىر پەقەت سەمىمى، راستچىل بولۇش يولىلا قالدى. دۈبەن ئېغىر يىنىكلىگىگە قاراپ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغانلارغا ھامان چىقىش يولى بېرىدۇ».

لەنيەنشۇ بىزگە ئۆزىنىڭ يەرلىك شىنجاڭلىق ئىكەنلىكى، يېڭى ھوكۇمەت قورۇلغاندا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ، خۇيزۇ ياشلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلەرنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. لەنىنىڭ ئېيتىشىچە، جاڭ شىيىڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئادەتتە بېرىش كېلىش مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن سەمىمى بولۇش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ نۇرغۇن قىيناشلارغا ئۇچرىغان ئىكەن.

بىز بىلەن بىر كامېردا ياتقان تايىر بەگ كەمسۆز ئادەم ئىدى. بىر قېتىم ئۇنى سوراققا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بەش كۈن بولغاندا، ئىككى پۇتى كۆپتەك ئىششىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سوتچى ئۇنى مۇئاۋىن رەئىس خوجانىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە خەنزۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئەكسىل ئىنقىلاۋىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپسەن، دىگەن. سوراق ۋاقتىدا پەردە ئارقىسىدىن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇلارنى پاش قىلغان سۆزى ئاڭلانغان. پاش قىلغۇچى ئادەم ئۆزىنى ھەم گۇۋاچى ھەم ئۇلارنىڭ شېرىگى دىگەنمىش. تايىر بەگنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە سۆز بىلمەيدىكەن. پەقەت يۇقۇرى دەرىجىلىك خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن ھوكۇمەت يىغىنلىرى ۋە زىياپەتلەردە يۈز كۆرۈشكەندىن باشقا ئۇز ئارا ھېچقاچان شەخسى ئالاقە قىلىپ باقمىغان ئىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى سۇيىقەست پىلانلىدى، دىيىش قارىسىغىلا چاپلانغان تۆھمەت ئىكەن. بىز بىللە كەلگەنلەردىن بىرىنچى بولۇپ سوراق قىلىنغىنى شابدان بىلەن سەلىم



بولدى. ئۇلار كامېرغا يۈزلىرى قىپ- قىزىل قىزىرىپ كەتكەن ھالدا قايتىپ كېلىشتى. تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بىر ئېغىزمۇ زۇۋان قىلالمىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن باشقا يەرگە يۆتكەپ كېتىلدى. مەن پەقەت شابداننىڭ پەس ئاۋازدا سەلىمگە: سوراق قىلغان سوتچىنىڭ سوۋېتلىك ئادەم ئىكەن دەپ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئەتىمالىم ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بولسا كېرەك، مېنى تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ سول قانىتىدىكى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۆيگە قويۇلغان جوزىنىڭ كەينىدە بىر ئورۇس ئولتۇراتتى. ئۇ، ساپ خەنزۇچە تىل بىلەن مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مېنىڭ ئىسمىم- پەمىلەم ۋە قىسقىچە تەرجىمە ھالىمنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، ئالتايدىكى خىزمەت ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئىزاھات بېرىپ، ئۇنى شىنجاڭ ھوكۇمىتىنىڭ سوراق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى ھەممە ئىشتا شىڭ دۇبەننىڭ يوليورۇغى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، مېنىڭ گۇمانلانماسلىقىمنى ئېيتتى.

مەن شىنجاڭدىكى ئۈچ يىللىق تۈرمۈش ۋە خىزمىتىمنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ يەنە 1936- يىلى تاشقى موڭغۇلىيىگە بارغىنىمنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنداق دىدىم: شۇ يىلى يازدا ئالتاي چېگرا قوشۇنىنىڭ قازاقلاردىن تەشكىل قىلىنغان قىسمى ئادەت بويىچە يازلىق قاراۋۇل قىلىش ئورنى- ئۈچ كولگە بارىدۇ. ئۈچاغىلاردا موڭغۇلىيە- شىنجاڭ چېگرىسى ناھايىتى قاتتىق قامال قىلىنىماتتى. ئىككى

تەرەپىنىڭ چېگرا قاراۋۇللىرى ئاددەملەرنىڭ بولۇپمۇ ئېتەكسىچى-
لەرنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىنى توسايتتى. شۇ يىلى تاشقى موڭغۇل
چېگرا قوشۇنى تۇيۇقسىزلا ئۈچ كولگە كېلىپ، ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان شىنجاڭ قىسىملىرى قاراۋۇللۇق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىو-
رۇننى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تېررىتورىيىسى، دەپ، ئالتاينىڭ
چېگرا قوشۇنىنى ھەيداپ چىقىرىدۇ. مەن ئەينى ۋاقىتتا ئالتاي
مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىق-
لىقىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتاتتىم. چېگرا قاراۋۇل قوشۇنىنىڭ يازما
دوكلادى ۋە ۋالى شارىپقاننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بۇ ئەھۋال-
لارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە دۈبەن مەھكىمىسىگە دوكلات قىل-
دۇق. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن دۈبەننىڭ: شارىپقان ۋالىنىڭ
تاشقى موڭغۇل چېگرىسىغا بېرىپ تەنپەن ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى،
ئالاقىدار ئىشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق
باش ئەلچىخانىسى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن كېلىشىپ قويىغانلىقى،
تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ چېگرىدا كۈتۈۋالىدىغانلىقى، كوپچىلىك
ھەممەيلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش لاگېرىنىڭ ئەزالىرى
بولغاچقا، چېگرا سوھبىتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلالىشىغا ئىشىنىدىغان-
لىقى ھەققىدە يوليورۇق بېرىپ ئەۋەتكەن رادىيو گىرامىمىسىنى
تاپشۇرۇۋالدۇق، بۇ چاغلاردا قار يېغىپ قىش كىرىپ قالغاچقا
شارىپقان بېرىشنى خالىمىدى. دۈبەندىن رۇخسەت
سوراپ، مەن بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
ساۋتىيەنجۇ، مۇئاۋىنى شېرىپنى ئەۋەتتى. تەنپەنگە مەن رىياسەت-
چىلىك قىلىدىغان، ئەگەر مەسىلىلەر بىر تەرەپ بولمىسا قايتىپ
كېلىپ دوكلات قىلىدىغان بولدۇم.

1936- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ساۋتىيەنجۇ، تەر-



جىمان بەندىي ۋە 20 نەچچە ساقچى مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر
بىلەن بىللە ئالتايدىن يولغا چىقتۇق، يولغا چىقىش ئالدىدا
ئىشەنچلىك چېگرا خەرىتىسى ۋە رەسمى ھۆججەتلەرنى مۇتلەق
تاپالمىدىم. شىنجاڭ خەرىتىسى ۋە شۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى پىششىق
بىلىدىغان موڭغۇل، قازاقلارنىڭ ئېچىدىكى قېرىلارنىڭ ئاغزىدىن
بىر قىسىم ماتېرىياللارنى توپلىدىم، خالاس.

بىز ئون نەچچە كۈن ئاتلىق يول مېڭىپ ئاندىن چاغان
غول چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا باردۇق ۋە بەندىينى تاشقى موڭغۇل
چېگرىسىغا ئۇقتۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتۇق. ئۇ بىر كۈندىن كېيىن
تاشقى موڭغۇل قاراۋۇل باشلىقىنىڭ، يۇقۇرىنىڭ يوليورۇقىنى
تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق، سوھبەت ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىمىز يوق، شۇن-
داق بولسىمۇ 3 كۈندىن كېيىن شىنجاڭ — موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ
مەلۇم جايىدا سىلەرنى كۈتۈۋېلىپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ بېقىشنى خا-
لايمىز، دەيدىغان سۆزىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۈچ كولگە
بولسا، قىش كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ يوللىرىنى قار كۆمۈپ تاش-
لىغاچقا ھېچكىم بارالمىدى.

بىز بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ،
كىگىز ئۆي تىكىپ ساقلىدۇق. لېكىن ئۇلار كەلمىدى. بىز يەنە
بىر قېتىم بەندىينى ئەۋەتسەك تاشقى موڭغۇل قاراۋۇلى، يۇقۇ-
رىنىڭ يوليورۇقىسىز چەتنىڭ ئادىمى بىلەن ئۇچرىشالمايدىغانلى-
قىنى ئېيتىپتۇ. بىز ئامالسىز قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى ھۆ-
كۈمەتكە دوكلات قىلدۇق. لېكىن باشتىن - ئاخىر ھېچقانداق
يوليورۇق بېرىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1937- يىلى چېگرىدا بىرەر
ماجرا تۇغۇلمىغاچقا بۇ ئىشمۇ شۇ پېتى بېسىلىپ قالدى.

مەن بۇ قېتىم يول بويى كوكتوقاي، چىڭگىل، بۇرچىن، بۇرچىندا تەسىس قىلىنغان يېرىم ناھىيىدىن ئۆتتۈم. بۇ جايلار 1933- يىلى ئۆزلىگىدىنلا يوقاپ كېتىپ، ئۇنىڭ زور بىر تۈركۈم يەرلىرىنى تاشقى موڭغۇلىيە ئىگەللىۋالغان، لېكىن ئۆلكىلىك ھوكۇمەت بۇ يەرلەرگە بۇرۇنقىدەكلا ھەر ئايدا مەمۇرى راسخوت ئەۋەتىپ تۇرغان، كوكتوقاي چىڭگىللاردىكى يېرىم ناھىيىلەرمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەي كەلگەن ئىكەن. مەن ئالتايغا قايتىپ دۇبەنگە تەپسىلى دوكلات يازدىم. 1937- يىلى ھوكۇمەت كوكتوقاي، چىڭگىللاردىكى يېرىم ناھىيىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى. كوكتوقاينىڭ يېرىم ناھىيە باشلىقلىقىغا ئالتاي مەمۇرى مەھكىمىسى، موڭغۇلچە، قازاقچە تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان مانجۇ بولۇم خىزمەتچىسى شۈيچىڭنى تەيىنلىدى. چىڭگىلگە ئۆلكىلىك ھوكۇمەت جۇ فەمىلىلىك بىرسىنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. ئىدارە قازاق ئۆيىگە جايلاشقان بولۇپ، چارۋىچىلار بىلەن بىللە يۆتكىلىپ تۇراتتى. 1937- يىلى مەن بۇ جايلارغا بېرىپ، يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدىم.

مەن سوزلەپ بولغاندىن كېيىن سوۋېتلىك ئادەم بىر پارچە ھۆججەتنى چىقاردى، بۇ دەل ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ دۇبەنگە يازغان دوكلادىم ئىدى. ئۇ ماڭا بۇنى بىر قېتىم ئوقۇتۇپ بولغاندىن كېيىن گۇندىپايغا مېنى كامېرغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

ئىككىنچى كۈنى مېنى يەنە ئېلىپ چىقىپ، بىرنەچچە ۋاراق رۇسچە يېزىلغان خاتىرىگە قول قويغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىملىق سوراق ئاخىرلاشتى.

مەن سوراق قىلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، فاڭجىڭيۇەن-



نىمۇ بىر - ئىككى قېتىم سوراققا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى سوراق قىلغانمۇ سوۋېتلىك ئادەم ئىكەن.

مەن، سوۋېتلىك سوراقچىنىڭ شىنجاڭ تاشقى موڭغۇل مۇناسىۋىتىگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئېتىۋار بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئالتاي ۋە ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىگە تەۋە بولغان قوبدۇلارنىڭ ھەممىسى، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بىۋاستە باشقۇرۇلىدىغان ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئالتاي بىۋاستە بېيجىڭ ھوكۇمىتىگە قارايدىغان ئالاھىدە رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدار قويۇلدى. تاشقى موڭغۇلىيە، 1913- يىلى رۇسىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قوبدۇغا ھۇجۇم قىلدى. بېيجىڭ ھوكۇمىتى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى بۇيرۇغان بولسىمۇ، لېكىن قوبدۇ يەنىلا قولدىن كېتىپ، پەقەت ئالتايلا ساقلاپ قېلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالتاينى شىنجاڭنىڭ بىر مەمۇرى رايونى (ئوبلاست) قىلىپ باشلىق قويۇلدى. جىن شۇرېن دەۋرىگە كەلگەندىلا مەمۇرى رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالى مەھكىمىسى قۇرۇلدى. چاررۇسىيە ئۇزۇندىن تارتىپ ئالتاينى يۇتۇۋېلىشنى قەستلەپ، بۇ يەرگە ئەسكەر ۋە كوچمەن ئاھالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان، شۇنىڭدەك ئىزچىل ھالدا قازاقلارنى چەتكە چىقىپ كېتىشكە قۇترىتىپ كەلگەن ئىدى. 1917- يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىم ئىمزالاپ، شىنجاڭ ئالتايغا يېقىن بولغان زەيساندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالتايدا ئوزئارا ئەلچىخانا قۇرۇپ، ئۇزۇنغىچە تېچ ئۆتتى. ئالتاي رايونى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئايرىۋاشلايدىغان پايدىلىق بازىرى ئىدى. ھەر يىلى ئۇنىڭ كىچىك تىپتىكى يۈك پاراخوتلىرى ئىرتىش دەرياسىدىن پايدىلىنىپ، بورچىن دەرياسىغىچە كېلەتتى. شىڭشىسەي ھوكۇمىتى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالتاي ۋە بورچىندا سوۋېت-شىنجاڭ سودا شوبە شىركىتى، ئۇچەي زاۋۇدى قۇرغان ئىدى. شىركەتنىڭ كەسپىي خادىملىرى ھەرقايسى ناھىيە، يېرىم ناھىيە ۋە چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىغا بېرىپ، جۇڭگو گىراژدانلىرى ياكى سودىگەرلىرى بىلەن توختامنامىلار تۈزۈيەلەيتتى. بىراق ئالتايدىكى شىنجاڭ يۈيشىن يەرلىك مەھسۇلات شوبە شىركىتى ۋە مەمۇرى مەھكىمە تاشقى ئىشلار بولۇمىنىڭ تەستىق قەغىزى بولۇشى لازىم ئىدى. ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ئالتايدا قۇرغان ئالتۇن كان ئىدارىسى، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچى مۇتەخەسسىسلىرى بار ئىدى. يۈيشىن يەرلىك مەھسۇلات شوبە شىركىتى بىلەن سوۋېت-شىنجاڭ سودا شىركىتى ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەر يىلى زور تۈركۈمدە سودا بولۇپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ھوكۇمىتىگە تاپشۇرغان ماللىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى 1935- يىلىدىكى 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز پۇل ھېساۋىغا تولىسە، شىنجاڭ قەرزىگە ئاساسەن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تولەيتتى. 1936- يىلى شىڭدۇبەن مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتىدىغان چاغدا يۈزمۇ-يۈز يولىيورۇق بېرىپ: يەرلىكتىكى چوڭ ئىشلاردا بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىمكان قەدەر ئەلچىنىڭ پىكرىگە ھورمەت قىلىش، لېكىن ئالدى بىلەن ئۆلكە، دۇبەن مەھكىمىلىرىدىن يولىيورۇق



سوراپ، ئاندىن بىر قارارغا كېلىشنى ئېيتقان ئىدى. شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدا بولسا، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. ئىككى تەرەپ چېگرىسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا بەلگە يوق ئىدى. موڭغۇلىيە تەرەپ شىنجاڭ-تاشقى موڭغۇل چېگرىسىنى ناھايىتى قاتتىق قامال قىلىغاننىڭ ئۈستىگە ئالتاي قاتارلىق جايلارغا داۋاملىق جاسۇس ئەۋەتىپ، ھەربى-مەمۇرى ئاخباراتلارنى تىڭ-تىڭلايتتى. 1936-، 1937- يىللىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى مۇشۇ خىلدىكى جاسۇسلارنى خېلى كۆپ قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. بورچىن رايونىدا ئەسلىدە شىنجاڭ قوشۇنلىرى تۇراتتى. 1931- يىلىدىن كېيىن ئىچكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن يېرىم ناھىيە بىلەن بىر قاتاردا قوشۇنلارمۇ تارقاپ، يوقاپ كەتتى.

## كورگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم

بۇ مەزگىلدە كامېرغا يەنە يېڭىدىن ئاق ئورۇس مۇھاجىرى ئۇياتكىن، چوڭ ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى فاڭ جىڭدۇڭ (فاڭ شياۋيۈەن)، تاتار زىيالىسى مىرزا ئەخمەت ۋە 70 نەچچە ياشلىق كۆچارلىق ئۇيغۇر بوۋايلار كىرگۈزۈلدى. ئۇلاردىن بۇ قېتىمقى ۋەقە توغرىلىق كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى ئۇقتۇق. يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىچە:

1. 9-ئايدا ئاتالمىش «قوزغىلاڭ كوتۇرۇش چوڭ سۈيىقەست ئەنزىسى» يۈزبەرگەندىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى ۋاڭ باۋچەن 10-ئايدا بىرقېتىملىق

ئامموۋى يىغىندا شىنجاڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت، ھەرقايسى ساھەلىرىدە بەزىلەر جاھانگىرلارنىڭ سېتىۋېلىشى، قۇترىتىشى ئارقىسىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىگەن. ئامموۋى يىغىن قارار ماقۇللاپ ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەرگە رادىيو گىرامما ئەۋەتىپ ئاسىيلارنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلغان، ئۇزۇن ئوتمەي، مەركەزنىڭ ۋەكىلى چىڭ لىفۇنى ئۈزۈتۈش زىياپىتىدىن كېيىن، ج خ باشقارمىسى ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ كوپۇنچىسىنى قولغا ئالغان، بۇ باشقارمىنىڭ ئەسلىدىكى باشلىقى جاۋجيەنفىڭ چوچەك ۋالىيلىقىغا يوتكىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى لى يىڭچى ئوتىگەن.

2. ھۆكۈمەت سوت قىلىش ھەيئىتى قۇرغان. بۇنىڭغا سابىق مالىيە تەپتىش ــ ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى لى پۇلىڭ باشلىق بولغان. سوراقچىلار ئاساسەن ج خ باشقارمىسىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن، سىياسى جىنايەتچىلەر تۈرمىسى كوپەيتىلىپ، ئۈچكە يەتكەن، سوراق خىزمىتى ئىككىنچى تۈرمىگە مەركەزلەشكەن، بۇ ئەنزىدىكى بارلىق ئىشلارغا شىڭ شىسەي بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، ساقچى باشقارمىسى بىرتەرەپ قىلىدىكەن، قولغا ئېلىش، سوراق قىلىشتىن تارتىپ قىيناشقا قەدەر شىڭ شىسەي بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىكەن، ئۇندىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رۇس، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار بولۇپ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلغان.



3. ئوكتەبىردىن باشلاپ، تۇتقۇن قىلىش تورى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگىچە كېڭەيتىلگەن، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئالتايدىن باشقا ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرى قولغا ئېلىنىپ، ئولكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە يالاپ كەلتۈرۈلگەن.

4. شىڭ شىسەي ئولكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچىسى رۇسىيە مۇھاجىرى پەلىينوۋ (ئاق ئورۇس) قا بىۋاستە تېلېگىرامما يوللاپ، شىنجاڭدىكى رۇس مۇھاجىرلىرىنىڭ بۇ سۇيىقەستكە قاتناشمىغانلىقىنى تەقدىرلىگەن، لېكىن 1938 - يىلىنىڭ 2 - 3 - ئايلىرىدا، ئىلى ۋە باشقا رايونلاردىكى ئاق ئورۇسلار پەلىينوۋ بىلەن بىرگە تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنغان.

5. 1938-يىلى شىنجاڭدىكى بىرقانچە ئازسانلىق مىللەت كاپىتالىستلىرى، يەنى يانگىرازوپ، ھۈسەيىن باي قاتارلىقلارمۇ قولغا ئېلىنغان. ھۆكۈمەت بۇ ئادەملەرنى جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى دەپ ئېلان قىلىپ، مال - مۈلكىنى تامامەن مۇسادىرە قىلغان.

6. قۇرۇقلۇق ئارمىيىدىكى شىڭنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىدىن باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان.

7. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭ كوتۈرۈش ئەنزىسى»نىڭ ئاساسلىق، قاتناشقۇچىلىرىنى دۇبەن مەھكىمە ھەربى سوت باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى پىڭ لياڭ ئىقرار قىلغانمىش.

8. 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن خەنزۇلار شىڭنىڭ ئىككىنچى سىڭلىسىنىڭ ئېرى ۋاڭ شۇچېڭدىن تارتىپ كۆپىنچىسى قولغا ئېلىنىغان. يالغۇز ۋاڭ باۋچەنلا ئامان قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەملەرنى 3-4-ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرسا كېرەك، بۇ ھەقتە شىنجاڭ گېزىتى خەۋەر ئېلان قىلارمىش.

## ئېچىلغان بىر سىر

1939- يىلى كۈزدە، لەنيەنشۇ بىزگە بېشىدىن ئۆتكەن تۆۋەندىكى بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە 37- يىلى 9- ئايدا دۇبەن مەھكىمىسى ھەربى سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پىڭ لياڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇزىنى دۇبەن ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىگەللىشىگە قارىغاندا، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ھەركىتى بولۇپ ئۇلار جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، 6 بۈيۈك سىياسەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ھازىر بۇ خىل ھەركەتلەر تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ، ئىگەللىشىمىزچە سىزمۇ شۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەنسىز، گەرچە باشلىقى بولمىسىڭىزمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى پۈتۈن ئەھۋاللارنى بىلىدىكەنسىز. دۇبەن سىزنى باشقىلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغان، دەپ قاراپ ئېتىۋاربەرمەكتە. سىزنىڭ راستچىل، سەمىمى بولۇشىڭىزنى



ئۈمىت قىلىدۇ. دۇبەن سىزگە يېڭىدىن ئادەم بولۇش يولى بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ دەخلىسىزلىكىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېگەن.

لەنيەنشۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شۇئانلا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتكە باشتىن-ئاخىر سادىق بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ بۇنداق قانۇنسىز ھەركەتلەردە بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پىڭ لياڭ ئۇنىڭغا بۇنى ھۆكۈمەت پاكىتقا ئاساسەن دەۋاتىدۇ. سىزنى قۇتقۇزۇپ، يامان يولدىن قايتۇرۇپ، ياخشى يولغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتىدۇ دېدى، ھەممە بۇ ھەقتە ياخشىراق ئويلاپ كۆرۈش لازىملىقى، ئەگەر ئۇ سەمىمى بولمايدىكەن، ئۆزىگە-ئۆزى زامىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پىڭ لياڭ يەنە كەلگەن، ئۇ ئالدىنقى كۈندىكى سۆزنى تولۇقلاپ-لەنىنىڭ جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەردىن كۆپ مىقداردا خىراجەت ئالغانلىقى، ئەگەر يەنە تاپشۇرمايدىكەن، دۇبەننىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز قالىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا لەن ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىشنى چۈشىدىمۇ كۆرمىگەنلىكىنى، نېمىگە سەمىمى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، شۇندىن كېيىن پىڭ قايتا كەلمىگەن. لەنيەنشۇ، پىڭ لياڭنىڭ كېلىشى تەھدىت سېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ دۇبەنگە دوكلات قىلماقچى بولغان، لېكىن جۈرئەت قىلالمىغان. بىر كۈنى ئۇ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىكى يەنە بىر مۇئاۋىن نازىرغا بۇ ئىشنى ئېيتقاندا، بۇ كىشىمۇ پىڭ لياڭ مېنىڭ ئۆيۈمگىمۇ كەلدى. مەندىنمۇ سەمىمى بولۇشۇمنى تەلەپ قىلدى دەپ ھال ئېيتقان.

مەن بۇ يەردە قوشۇمچە قىلىپ پىڭ لياڭنى تونۇشتۇرۇپ

ئوتەي: ئۇ، يۈننەنلىك بولۇپ، ياڭ زىڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭغا كەلگەن. 1928- يىلى ياڭ زىڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندە، پىڭ لياڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئوفىتسىرلار مەكتىۋىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىغا ھەمكارلاشقان. 1933- يىلىدىن كېيىن، پىڭ لياڭ شىڭ شىسەينى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇبەن مەھكىمە ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

لەن قاماققا ئېلىنغانغا قەدەر، ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۇنى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى بىلەلىگەن ئىدى. كېيىن سوراق ۋاقتىدا سوتچى ئۇنىڭغا، پىڭ لياڭنىڭمۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ لەننىڭ بارلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئاندىن چۈشەنگەن.

ئەينى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ھۆكۈمەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىڭ - تىڭچىلار بار ئىدى. بۇلار كەسپىي خادىملار بولماستىن، خىزمەتچى — ئائىلە ئاشپەزلىرى، بالا باققۇچىلارغىچە رەڭگا - رەڭ كەسىپتىكىلەر ئىدى. ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ بىۋاستە تاپشۇرۇقى ياكى ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ياكى مەخسۇس مەلۇم ئادەملەرگە باغلىنىپ ئىشلەيتتى. 1936 - يىلىدىن تارتىپ كۆپىنچە ئادەملەر بۇ خىل ئەھۋاللارنى بىلگەچكە، كۆپچىلىك سۆز - ھەرىكەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن ئىدى. قوقانچاغراق كىشىلەر ھەتتا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى توختاتقان ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ، بىر-بىرىدىن ئېھتىيات قىلاتتى.



# 2 - تۈرمىگە يۆتكۈلۈش

1940 - يىلى 2 - ئايدا، يەنى باھار بايرىمىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى كەچتە تۈرمە باشلىقى دەن شۇجۈڭ مەن بىلەن خۇبېلىك جۇي ۋە ئاچاڭئا ئۈچىمىزنى كامېردىن ئېلىپ چىقىپ، باشقا 10 نەچچە مەھبۇس بىلەن بىرگە «يېشىل گۈەنسەي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ماشىنىغا سالدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن خۇبېلىك جۇي بىلەن مېنى باشقا بىر تۈرمىگە ئېلىپ باردى.

ئۇ كامېردا 3 ئادەم بار ئىكەن. بىرسى مەن بىلىدىغان سابىق دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىسى قوشۇمچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرى ۋىن چىڭ جاڭ، يەنە بىرسى بىر ئورۇس بوۋاي، ئۈچىنچىسى 20 نەچچە ياشلىق ياش يىگىت جياۋىن شىن بولۇپ، بۇلارمۇ شۇ كۈنى يۆتكەپ كېلىنگەن ئىكەن.

بۇ كامېر ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئىشىكى شىمالغا قاراپ بىۋاستە ھويلىغا ئېچىلاتتى. خۇبېلىك جۇي ئىشىك يوچۇقىدىن سىرتقا قاراپ بېقىپ: «بۇ يەر رەئىس لىيۇۋىنلۇڭنىڭ ھويلىسى، ئۈرۈمچىدە — پەقەتلا لىيۇۋىنلۇڭنىڭ ھويلىسىدىلا ئويۇن سەھنىسى بار» دېدى. لىيۇۋىنلۇڭ 1933 - يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغان ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە شىڭ شىسەي ئۇنى نەزەربەنت قىلىپ، ئائىلىسى بويىچە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغان. 1939 - يىلى ئائىلىسى بىلەن ئاتخانىغا ھەيدەپ چىقىرىپ، قورو - جايىنى تۈرمىگە ئۆزگەرتىپ، 2 - تۈرمە دەپ ئاتىغان.

بۇ كامېر ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بولۇپ، ئىشىكتىكى

دەريىزىدىن باشقا كۈن نۇرى چۈشىدىغان ۋە هاۋا كىرىدىغان تو-
شۈك يوق ئىدى.

مەن بىلەن بىر كامېردىكى جياۋىن شىن دىگەن ياش
لەنجۇلۇق بولۇپ، بىر يىل ئىلگىرى دۇجۇڭ يۈەن بىلەن ئۇرۇم-
چىگە كەلگەن ئىكەن. ۋىن چىڭجاڭنىڭ ئەنزىسى مەن بىلەن
ئوخشاش بولۇپ، 1937 - يىلى قولغا ئېلىنغان ئىكەن. ئۇلار
ماڭا خېلى جىق يېڭى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ
گەپ سوزلىرىدىن شىنجاڭدا يەنە بىر سىياسى ۋەقە يۈز بېرىپ،
دۇجۇڭ يۈەن نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يەنە
بىرمۇنچە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلار ۋە مەنسەپدار-
لار تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى، كونا تۈرمىلەرگە ئادەم تۇشۇپ
كەتكەنلىكتىن، بۇ هويلىنى 2 - تۈرمە قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

دۇجۇڭ يۈەن شىڭ شىسەينىڭ ياپونىيىدە ئوقۇغان مەزگى-
لىدىكى دوستى بولۇپ، شىڭ شىسەينى ئالاھىدە قەدىرلەيتتى،
شۇنىڭدەك ياردەممۇ قىلغان ئىدى. 1919- يىلى دۇجۇڭ يۈەن شىڭ
شىسەي بىلەن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىش ئۆمىكى-
نىڭ ئاساسلىق تايانچىلىرى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەركەتلەر ئېلىپ بارغان ئىدى. كېيىن
شىڭ شىسەي گۇاڭدۇڭدا شاۋ گۇەن ھەربى مەكتىۋىگە
ئوقۇشقا كىرگەندە، دۇجۇڭيۈەن ياپونىيىگە قايتىپ ئوقۇشنى دا-
ۋاملاشتۇردى. 20 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۇجۇڭيۈەن شەرقىي-
شىمالغا قايتىپ كېلىپ، شىنياڭدا چىشىن خۇمدانچىلىق شىركى-
تىنى قۇردى. مىللىكاپىتالىستلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شۇ ۋا-



قىتتىكى شەرقىي - شىمالنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ياپون
جاھانگىرلىگىنىڭ ئىقتىسادى، سىياسى تاجاۋۇزىنى چەكلەشتىكى
ئاساسلىق كىشى بولۇپ قالدى. 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كې-
يىن، دۇ، ئىچكىرىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش پائا-
لىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بىر مەزگىل شاڭخەيدە«يېڭى هايات ژۇر-
نىلى» نەشىر قىلىدۇ. «قۇرۇق گەپچى پادىشا» سەرلەۋھىلىك ماقالا
ئېلان قىلىنغانلىقتىن، ياپونىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈككەن گومىن-
داڭ هوكۇمىتى تەرەپتىن جازاغا هوكۇم قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت-
نى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن «يېڭى هايات ۋەقەسى» نى پەيدا
قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇجۇڭيۈەن شۇ چاغدىكى ۋەتەن قۇتقازغۇ-
چى يەتتە زاتنىڭ قاتارىغا ئوتىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، دۇ، سىياسى جەھەتتە ئالاھىدە جان-
لىنىپ ھەر قايسى قاتلاملار بىلەن كەڭ مۇرەككەپ ئالاقە باغ-
لايدۇ. بولۇپمۇ، شەرقىي - شىمالدىكى ھەر قايسى گۇرۇھلار ۋە مىل-
لەتلەر، بيۇروكرات كاپىتالىستلار بىلەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە
مۇناسىۋەت باغلايدۇ. 1937 - يىلى شىنجاڭدىكى سىياسى جەھەتتە چوڭ
تازىلاش بولغان ۋاقىتتا، ئۇ شەخسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭغا
كېلىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن «شىڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ»
ناملىق بىر بىروشورا يازىدۇ ۋە شاڭخەيدە نەشىر قىلىپ، شىڭ
شىسەي هاكىمىيىتى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىدۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىر قانچە قېتىم ئايرۇپىلان بىلەن ئۇرۇم-
چىگە كېلىدۇ. 1938 - يىلى شىڭ شىسەي ئۇنى شىنجاڭ دارىلفۇ-
نۇنىنىڭ مۇدىرلىگىگە تەيىنلەپ شىنجاڭدا ئېپقالىدۇ.

دۇ، شىنجاڭدا قېپقالغاندىن كېيىن، ئىچكى ئولكىلەردىكى

بىر قىسىم مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلارنى شىنجاڭغا كېلىشكە تونۇشتۇرىدۇ. جياۋىن شىنىڭ ئېيتىشىچە، جاۋدەن باشچىلىقىدىكى تەجرىبە — دراما ئۆمىكى، ئاخبارات ساھەسىدىكى ئەرباپ ساكۇڭ لياۋ، يازغۇچى شېن يەن بىڭ (ماۋدۇن - ت) رەسسام لوشياۋ فېي ۋە بىر قىسىم قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ھەم پىشقەدەم دىپلوماتلارنى تونۇشتۇرۇپ ئەكەلگەن ئىكەن.

شىڭ شىسەي كورۇنۇشتە دۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى، دۇمۇ ئۆزىنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان كوپ يىللىق دوستلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا مەسلىھەتچىدەك تۇتاتتى. كېيىنچە دۇنىڭ سوز-ھەرىكەتلىرى شىڭ نىڭ ئەندىشىسىنى قوزغاپ، ئادەم بەلگىلەپ، ئۇنى يوشۇرۇن نازارەت قىلغان. 1939-يىلى كۈز ياكى قىشتا، دۇجۇڭ يۈەن ئاخىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە نىمە ئۈچۈن بۇنداق مۇئامىلە قوللىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ناھايىتى ئازاپلانغان. ئۇ، ئۆزىنى پۈتۈن نىيىتىم بىلەن شىڭنىڭ يىراق كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم، دەپ ھېس قىلاتتى. شۇنىڭدەك 6 بۈيۈك سىياسەتنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىش كېرەك، شىڭ بەلكى جۇڭگونىڭ رەھبىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ھېساپلايتتى.

جياۋىنشىننىڭ ئېيتىشىچە، دۇنىڭ كاتىۋى سۈن X X، ئاشپىزى XXX لار يەرلىك شىنجاڭلىق بولۇپ، ئۇلارمۇ قولغا ئېلىنغان. دۇنىڭ قېيىنى ئىنىسى شىنجاڭ دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىسى خۇلىندا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا „ئالتە بۈيۈك سىياسەت كۇرسى" دىكى دۇنىڭ ۋاكالىتەن يازغان قىسمىنى سوزلىگەنلىكى ئۈچۈن قاماققا ئېلىنغان.



جياۋىنشىن قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن دۇنىڭ شىڭ شىسەيگە خەت يېزىپ، ئىچكىرىگە قايتۇرۇۋېتىشنى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئېۋەتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان. بۇنىڭدىن دۇنىڭ ئۇ چاغدا تېخى قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانلىقىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

مەن ئىككىنچى تۈرمىدە يېرىم يىلدىن ئارتۇق ياتتىم، تۈرمۇشۇمدا ھېچقانچە چوڭ ئۆزگۈرۈش بولمىدى، لېكىن بىر كامېردا ياتقان بىر قانچە دەرتداشلارنى ئەسلەپ ئوتۇشكە ئەرزىيدۇ.

مەن ۋىن چىڭجاڭ بىلەن 1934-يىلى نەنجىڭدا تونۇشقان. ئۇ جىلىن 4-دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ، 18-سېنتەبىردىن كېيىن ئىچكىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە، جۇيجاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تومۇر يول سېپتىمىسىدىكى قولۇن باشلانغۇچ مەكتۇۋىدە مۇئەللىم بولغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ گۇيى، جىلىن، تيەنجىنلەردە خىزمەت قىلغان. ئىدىيىدە سولغا مايىل ئىدى.

1936 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ شەرقىي - شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىدىن كېلىپ چىققان قېيىنى ئىنىسى لى × × نىڭ كۆچى بىلەن، ئائىلىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ.

ۋىن شىنجاڭغا كەلگەندە، مەن ئالتايغا يوتكەلگەن بولسامۇ، تېخى يولغا چىقمىغان ئىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەھرىرلىگىگە تونۇشتۇردۇم، كېيىن ئۇ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە قوشۇمچە دەرس

ئۆتۈپ يۈردى. 1937 - يىلى 10 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ 3 - تۈرمىگە سولاندى، بىر نەچچە قېتىم سوراق قىلىندى. ۋىن چىڭجاڭ ماڭا، ئۆزىنىڭ تيەنجىندە ۋاقتىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.

خۇ پىڭجۇي بىلەن 1935 - يىلى تونۇشقان ئىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ، شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، قاتتىق ئىرادىلىك پرىنسىپال ئادەم ئىدى. 1939 - يىلى، بىز يەنە 2 - تۈرمىنىڭ 25 - نومۇرلۇق كامېرىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ سىچۈەندىكى بىر پومىشچىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، چوڭ ئىنقىلاپ ۋاقتىدا كومپارتىيىگە كىرگەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىدى. شەرق داشۆيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، سىياسىي مەسىلە تۈپەيلىدىن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. 30 - يىللاردا سىبىرىيىدىن موسكۋاغا قايتىپ كېلىپ، 1934 - يىلى شىنجاڭ ئارقىلىق سىچۈەنگە قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان مەزگىلىدىكى ساۋاقداشلىرى كۆرۈپ خىزمەتكە تونۇشتۇرىدۇ. خىزمەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي سىياسىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولىدۇ. خۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا ئوخشاش شىنجاڭغا ئېقىپ كىرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى سىياسىي تەپتىش ئىدارىسىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام تايانچلىرى ئىدى. ئۇلار، ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئىشىنەتتى. قوغداش، رازۋېتكا قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشقاندىن كېيىن، غەيرىتى ئۇسۇپ، ئىدارىنىڭ ئەمەلىي مەسئۇلى (سوۋېتلىك)نىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان ئىدى. لېكىن،



1936 - يىلدىن تارتىپ ئۇلارنى بۇ ئىدارىدىن يۆتكىۋېتىدۇ ۋە 1937 - يىلى قولغا ئېلىنىدۇ.

رىڭ جاۋتەي ئىسىملىك يەنە بىر شىنجاڭلىق ئادەم بار ئىدى. ئۇ، شىنجاڭ ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولغان، شىڭ شىسەي ئۈچۈن جەڭ قىلغان ئىكەن. ئۇمۇ 1937 - يىلى قولغا ئېلىنىپتۇ. بۇ ئادەم 1933 - يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھەربىي - سىياسىي ئەھۋاللارنى بىرقەدەر پىششىق بىلەتتى. شۇ يىلى يازدا، ۋىن چىڭجاڭ بىلەن خۇ پىڭجۇي يۆتكەپ كېتىلدى. (خۇ پىڭجۇي 1941 - يىلى مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.) شۇ يىلى كۈزدە مەن، جياۋ ۋىنشىن، رىڭ جاۋتەيلەر باشقا بىر كامېرغا يۆتكىۋېتىلدۇق. بۇ يەردە زوشياۋشيەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۈچۈن يەنە بىر سىر ئېچىلدى.

زوشياۋشيەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جىلىنىڭ ئارمىيىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، 1934 - يىلى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر بىرىگادىسىغا تاللىنىپ، مۇھاپىزەتچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە 1935 - يىلدىن تارتىپ شىڭ دۇبەننىڭ يولىيورۇقى بويىچە، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسەن بەزى كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن „سەن نېمە ئۈچۈن ئالتايغا بارغان ئىدىڭ؟" دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا، „شىڭ دۇبەن ئەۋەتتى." دەپ جاۋاپ بەردى. دۇبەن ئۇنىڭغا ئالتايدىكى مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ سۇيىقەست تەشكىلاتى بار. ئۇلارنىڭ „خەنزۇ — ۋە مۇسۇلمان دۆلىتى" قۇرماقچى بولغانلىقىنى، دەينى

ۋاقىتتىكى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى مەنىكەي، ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇبىڭ، ياردەمچىسى ياڭ بىڭسىڭ قاتارلىقلار شۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرلىرى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭمۇ دۇبەن كورسەتكەن سۇيىقەست تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتى. ئەينى ۋاقىتتا دۇبەن ئۇنى ئالتايغا بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ تېز بېرىپ، تېز قايتىشنى، بىراق بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى جەزمەن ئېنىقلاپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئىكەن.

## 5 - تۈرمىدىكى تۇرمۇش
## تۈرمىدىكى بىرىنچى قېتىملىق قىرغىنچىلىق

1941 - يىلى 8 - ئاينىڭ بىر كېچىسى مەن باشقا بىر تۈرمىگە كوچۈرۈلدۇم. بۇنىڭ كامېرلىرى چوڭراق بولۇپ، تۆت تېمى يېڭىلا ئاقارتىلغان، پوللىرى ۋە تاختاي تۆرۈسلىرى ۋالىلداپ تۇرىدىكەن. بۇ مېنىڭ تۈرمىگە سولانغىنىمدىن كېيىن يوتكەلگەن 3 - تۈرمەم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ تۈرمە، 1941 - يىلى موڭخۇل ۋاڭى مانچۇك جاپىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى قەسىرىنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان يېڭى تۈرمە ئىدى. بۇ تۈرمىگە ۋەھشىلىكتە داڭ چىقارغان ۋاڭ جاۋشياڭ باشلىق ئىدى.

بۇ يەرگە يوتكۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىر نەچچە كونا ئاغىنىلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. شىڭ شىسەينىڭ يۇرتلىقى، ياپونىيىدە ئوقۇغان ۋاڭ



يەنلىڭ ۋە گو شىليائىڭلار مەندىن بىر يىل بۇرۇن شىنجاڭغا كەلگەن. بىيەن شىچىڭ مەندىن سەل كېيىنرەك كەلگەن ئىدى. بۇ، ئۇچەيلەن بىلەن مەن 30 - يىلى شەرقىي - شىمالدا چېغىمىدا شۇي لىيەن ئارقىلىق تونۇشقان ئىدىم. بۇ قەدىناسلار بىلەن تۈرمىدە ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمغا كوڭلۇم كوتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى.

ۋاڭ يەنلىڭ خىمىيە ئوقۇغان بولۇپ، ياپونىيىنىڭ مەلۇم داشۆبىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، «شىنيالىڭ 2 - سانائەت مەكتىۋى»دە ئوقۇتقۇچى بولغان ئىدى. 1934 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ كەسپىنى ئۆزگەرتىپ ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىدا بولۇم باشلىقى بولدى. 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا ئەۋەتىلىپ، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى ھەم ئىلى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. شۇ ۋاقىتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باشلىقى شېڭنىڭ قېيىنى ئاتىسى چيۇ زۇڭجۇن ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان مىللەتارىست بولۇپ، ئۇزۇن ئوتمەيلا ۋاڭ يەنلىڭ بىلەن ئۇچەكىشىپ قالىدۇ. 1936 - يىلغا يەتكەندە ۋاڭنى قەستلەپ ئولتۇرۇۋەتكىلى تاس قالىدۇ. ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى ئۇنى قوللاپ جىنايەتچى قاتارىدا ئۇرۇمچىگە يوتكەپ ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، 1937 - يىلغا كەلگەندە قولغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئۆزىنىلا ئاياپ باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان گۇمانخور ئادەم ئىدى.

گو شىليالىڭ تومۇريول ترانسپورت ساھەسىدە ئوقۇغان. ياپونىيە مەلۇم داشۆبىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قاي-

تىپ كېلىپ، شەرقىي - شىمالدىكى سىتاۋ تومۇر يول ئىدارىسىدا تىرانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئىدى. ئۇ 1934- يىلى شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، دۇبەن مەھكىمە تىرانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھەم قوشۇمچە ئۆلكىلىك ماشىنا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 1937 - يىلى قولغا ئېلىندى. بۇ ئادەم كىشىلەرگە مۇئامىلىدە سىلىق، ئالاقە قىلىشقا ماھىر، ئوچۇق مىجەز ئادەم ئىدى.

بيەن شىچىڭ خېبېيلىق بولۇپ، يەندا داشۆبىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەيپىڭ ناھىيىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ ئەسلىدە ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغان ئىدى. 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ئاخبارات خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قورچاق مانجۇرىيە فىڭ تيەن ئۆلكىلىك گارنىزون ئىشتاۋىغا كىرگۈزۈلىدۇ. 1935 - يىلى شىڭنىڭ بىر يۇرتلىقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، دۇبەن مەھكىمىسى سىياسى تەربىيە باشقارمىسىدا بولۇم باشلىقى بولىدۇ. 1936 - يىلى شىخونىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا يوتكۈلىدۇ. كېيىن مايتاغ نېفىت زاۋۇدىغا چاكچاڭ بولۇپ، 1937 - يىلى قولغا ئېلىنىدۇ.

بۇ تۆرەيگە قامالغانلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك، 1937 - 1938 - يىللاردىكى ئەنزە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەرقايسى ئەنزىلەرگە چېتىلغانلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ پىشقەدەم دىپلوماتى لى جۇڭلىڭ، شىنجاڭ ھەربى مەكتىۋىنىڭ تۈنجى قارار ئوقۇغۇچىسى، شىڭغا بىۋاستە قاراشلىق رازۋېتكا ئەتىرىدىنىڭ سابىق باشلىقى، سىياسى تەپتىش ئىدارىسىنىڭ



باشلىقى ۋاڭ يۇشۇ، ما جۇڭيىڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ، كېيىن شىڭ شىسەيگە تەسلىم بولۇپ پولك كوماندىرى بولغان يىچىڭپولار شۇنىڭدەك يەنە ياڭ، جىن، شىڭ دىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار بار ئىدى.

لى جۇڭلىڭ باللىق دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان بولۇپ، رۇسچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. 70 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان، كورۇنۇشتە ئوزىنى تاشلىۋەتكەندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كوپنى كورگەن تەجرىبىلىك بيۇروكرات لى جۇڭلىڭ، ياڭ زىڭشىن دەۋرىدە ئوسۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ئەزاسى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ياڭ زىڭشىننىڭ ئىككى ئېتىقادى ۋە بىر چارىسى بار ئىدى. ئىككى ئېتىقادى: "1. يېڭى شەيئىلەر جەزمەن كونا شەيئىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. 2. پۇقرالارنى قوزغىلاڭ كوتۇرۇشكە ئەمەلدارلار مەجبۇر قىلىدۇ". بىر چارىسى بولسا: "زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، زىددىيەتنى ھەل قىلىش" ئىدى. رۇسىيە ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ياڭ، چار رۇسىيىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولۇپ، ئاقلارنىڭ چوقۇم تارمار قىلىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەچكە، شىنجاڭنى قىزىللار بىلەن ئاقلارنىڭ كۈرەشكە چېتىلىپ قېلىشىدىن ساقلاپ، قىزىللار بىلەن ياخشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تېچلىقىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. جۇڭگو ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ياڭ زىڭشىن جۇڭگودا ھازىر يۇرگۈزۈلىۋاتقىنى بيۇروكرات دىكتاتۇرىسى، بۇ ئاقىۋەتتە جەزمەن زوراۋانلىق دىكتاتۇرىغا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ قارايتتى.

ۋاڭ يۈيشۇ ماڭا، شىڭ شىسەيىنىڭ ھاكىمىيەتنى قانداق تارتىۋالغانلىقىنى، ئىلىنى قانداق باستۇرغانلىقى ۋە ئۈرۈمچى مۇھاسىرىسىنى يوقۇتۇپلا رازۋېتكا سىستېمىسىنى كۈچەيتىشكە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ۋاڭ يۈيشۇ يەرلىك شىنجاڭلىق بولۇپ، ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلىغا تەخسىم قىلىنىپ، جاڭ پېيۈەننىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان. شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشتا جاڭ پېيۈەن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى شىڭ ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالىدۇ. بۇ چاغدا ۋاڭ ناھايىتى تېزلا مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ ۋە ھەيران قالارلىق ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان سىياسى رازۋېتكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ۋاڭ يۈيشۈنىڭ خۇسۇسىيىتى سىياسەتكە قىزىقمايتتى. شۇ ۋاقىتتا كەڭ تارقالغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا چوقۇنۇش، ئىجتىمائى پەنلەرنى ئۆگىنىش كەيپىياتىنى ئۆزىگە قىلچىمۇ يۇقتۇرمىغان ئىدى. ماركسىزم-لېنىنىزم توغرىلىق ئېغىز ئاچمايتتى. ھەتتا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئېنىقراق سۆزلەپ بېرەلمەيتتى. ئاخشىمى، تۈرمە باشلىقى ئىشىكتىكى كىچىك تۇشۇكتىن: «ۋاڭ زىچىڭ، زو شياۋشيەن، لى جۇڭلىڭ، شىڭلىلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ بىر كورپىنى ئايرىپ قويۇپ، بۇيرۇق كۈتۈڭلار» دىدى. ئاندىن كېيىن ئۇدۇلدىكى كامېردىنمۇ بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ سابىق باش كاتىۋى خۇاڭ خەنجاڭ بار ئىدى.

بىز بۇ ئادەملەرنى باشقا تۈرمىگە يوتكەپ كەتتىمىكىن،



دەپ ئويلىغان ئىدۇق. 2 يىلدىن كېيىن بۇلارنىڭ كوللىكتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

## سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدا

كورۇنۇشتە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سەممىمى دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. بىر كۈنى تۈرمە باشلىقى كامېرغا كىلىپ، خەلقارا كىتاپخانىغا يېڭىدىن خەنزۇچە، رۇسچە «لېنىنىزم مەسىلىلىرى»، «ۋ ك پ (ب) تارىخىدىن قىسقىچە ساۋات» قاتارلىق كىتاپلارنىڭ كەلگەنلىكى، پۇلى بارلار تۈرمە دائىرىلىرى ئارقىلىق سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا كىيىم - كېچەكلىرىمنى ساتقان 50 يۈەن پۇلۇم بار ئىدى. بىر مۇنچە كىتاپ سېتىۋالدىم.

يىن چىڭپۇ كەمبەغەل ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، جاپالىق شارائىتتا ئوقۇپ ھازىرقى سەۋىيىگە ئېرىشكەن. 1933-يىلى ماجۇڭيىڭنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە شىنجاڭغا كىرىپ، گۈچۈڭ سوقۇشىدا شىڭ شىسەيگە تەسلىم بولغان ۋە ئۇنى ئىلغار دەپ تونۇغان ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى بايقاپ، ئۈرۈمچىنى قوغداش ئۇرۇشىدا بىراقلا ئەسكەر باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. ئۈرۈمچى مۇھاسىرىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، يىن چىڭپۇنى قوشۇن بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى خوتەنگە چېكىنگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۇنى پولك كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈپ، شىڭنىڭ ئىشەنچلىك يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شىڭ شىسەي ئۈچۈن ئىشلەشكە بەل

باغلايدۇ. 1937 - يىلى تۈرمىگە تاشلانغان بولسىمۇ، شىڭغا قارىتا باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ. پەقەت، شىڭشىسەي ھاكىمىيىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا مۇقىملاشقان، مۇستەھكەملەنگەن ۋە كېڭەيگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ماجۇڭيىڭنىمۇ ئۆز پانايىغا ئالغان. بۇ خىل ئىنچىكە مۇناسىۋەت، شىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان گۇمانىنى قوزغىماي قالمايدۇ. 1937 - يىلى ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق ھۇجۇمى ئاستىدا تارمار بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭنىڭ ئەندىشىسى سەل پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورنى تېخىمۇ روشەنلەشتى. شىڭشىسەي ئادەتتىكى مىللەتپەرەست ئەمەس. قاچانكى سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەلنىڭ كۈچى بىلەن چۈشۈلۈپ قالىدىغان بولسا، شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش پوزىتسىيىسىنى يەنە ساقلاپ قالالىشىغا بىر نەرسە دېيىش تەس، دەپ قارايتتى. يىن چىڭپۇنىڭ ئېيتىشىچە، ماجۇڭيىڭ ۋە شىڭشىسەي بىلەن ئۇزۇن يىل مۇناسىۋەت قىلىپ، بۇ 2 ئادەمنىڭ ھەم پىرىنسىپال، ھەم پىرىنسىپسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان. پىرىنسىپاللىقى—ھەممىدە شەخسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ھوقۇق كۈچىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، پىرىنسىپسىزلىقى بولسا، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەر قانداق ئادەم بىلەن بىرلىشىش ۋە ئايرىلىپ كېتىش. پەقەت ئۆزىگە پايدىلىق بولسىلا بولدى دېگەندىن ئىبارەت.

4- تۈرمىدە كورگەن ئاڭلىغانلىرىم.

4 - تۈرمە 1938 - يىلدىن كېيىن بىر كونا بۇتخانىنى



ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان تۈرمە ئىدى. ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان شەخسى ھويلىلارمۇ كېيىنى - كېيىندىن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىرنەچچە مەخسۇس تۈرمە ھويلىلار بارلىققا كەلدى. مەن كونا بۇتخانىدىن ئۆزگەرتىپ سالغان كامېرغا سولاندىم. بۇ كامېردىكىلەرنىڭ ھەممىسى 1940 - يىلدىن كېيىن قولغا ئېلىنغانلاردىن بولغاچقا بۇلاردىن بۇ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتتە بولغان بەزى ئەھۋاللار ۋە يۈز بەرگەن سىياسى ۋەقەلەرنى چالا - بۇلا بىلدىم.

چوچەكلىك سودىگەرنىڭ ئوغلى يۈەن جىڭ يۈن، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ 1 - قارار چەتئەلدە ئوقۇغانلاردىن بىرسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە 1941 -يىلى يازدا قولغا ئېلىنىپ، بىر قېتىممۇ سوراق قىلىنماپتۇ. چەتئەلدە ئوقۇغانلارنىڭ كوپۇنچىسى ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى قولغا ئېلىنىپتۇ، دارىلفۇنۇن مۇدىرى چياۋ زوجۇ بىلەن بەزى ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان ماڭ گۇ، گۇباۋشەنلەرمۇ قاماققا ئېلىنىپتۇ. يۈەن ئەسلىدە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسى ئىقتىسات ئوقۇغان، ئىدىيىدە ناھايىتى ئىلغار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا بىر كامىردا يەنە ئىلىلىق شىۋە ياش دۇلۇڭ ئا، ئۇرۇمچىلىك سودىگەر ماۋىن شياڭ، شەرقىي - شىماللىق ياش ليۇ دىيەن خۇا، جىلىنلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىدىن كېلىپ چىققان دوربىلجىن ساقچى پەيچۇسوسىنىڭ سوجاڭى دېڭ ×× لار بار ئىدى. ئۇلاردىن نۇرغۇن يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇق. يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە

نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ؛

1 - 1940 - يىلى ئالتايدىكى بىر قىسىم قازاق چارۋىدارلار چارۋىچىلارنى باشلاپ قوزغىلاڭ كوتۈرۈپ قورال - ياراق يىغىۋېلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئولتۈرگەن ۋە شىڭ شىسەي ھوكۇمىتىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان ئىشچىلىرىنى ۋە تەكشۈرۈش ئومىكىنى تەكلىپ قىلىشىغا قارشى تۇرۇش شوئارىنى ۋە كوپلىگەن سىياسى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، شىڭ ھوكۇمىتى ئەسكەر ئەۋەتىپ «جازا يۈرۈشى» يۈرگۈزگەن ۋە تۇتقۇن قىلىش تورىنى كېڭەيتىپ ھەرقايسى ئىدارىلاردىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلغان. ئۈرۈمچىگە، قازاق، قىرغىز ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا كەلگەن قازاق ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسىنى دىگىدەك نەزەر بەنت قىلغان ياكى تۈرمىگە تاشلىغان.

2 - دۇجۇڭيۈەننى مەركەز قىلغان سۈيىقەست ئەنزىسىنىڭ چېتىشلىقى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت باشلىقلىرىنىڭ كوپۈنچىسى تۈرمىگە ئېلىنغان، شەھەرلىك گارنىزوننىڭ باتالىيون كوماندىرى ۋاڭ شى چىڭ ۋە بەزى ئوپېتسېرلارمۇ قولغا ئېلىنغان، ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان سەئىدى، ۋاڭ چىڭ يۈنلەرمۇ كەينى - كەينىدىن دىرەكسىز يوقاپ كەتكەن. ئېھتىمال ئۇلار مۇشۇ ئەنزىگە سورەپ كىرىلگەن بولسا كېرەك.

3 - سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ھوكۇمەتنىڭ چاقىرىغى ئاستىدا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بەس - بەس بىلەن ئالتۇن ۋە ئات تەقدىم قىلغان؛

4 - 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدە، ئۈچىنچى نوۋەتلىك پۈتۈن



شىنجاڭ خەلقى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشقان نۇرغۇن ۋەكىللەرمۇ كەينى - كەينىدىن قولغا ئېلىنغان؛

5 - يەنئەندىن كەلگەن نۇرغۇن كادىرلار مەدەنى - مائارىپ، مالىيە ساھەلىرىدە رەھبىرىي خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان ۋە تايانچ كۈچلەرگە ئايلانغان، بەزىلىرىنى ۋىلايەت ناھىيىلەرگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن ئۇلار چېگرا مۇداپىئەسىدە رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتىگەن؛

6 - 1938 - يىلى باشلانغان پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلغان، بىر نەچچە يىلغىچە شىنجاڭنىڭ مال باھاسى مۇقىم بولۇپ خىزمەتچىلەرنى ئاساسىي تۇرمۇش لازىمەت بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش بۇرۇنقى پېتىچە بولغان؛

7 - شىڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەت كۈرسى» دىگەن بىروشۇراسىنى نەشىر قىلىپ رۇسچە، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇردى. كىتاپتا ئىلغار نەزىرىيەلەرنى كوپلەپ ئىشلىتىپ ئالتە بۈيۈك سىياسەت شىنجاڭغىلا ئەمەس، جۇڭگوغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ دىگەننى ئوتتۇرىغا قويغان؛

8 - جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان چىركاۋلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دولەتلەرنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى قولغا ئېلىنغان، ئۈرۈمچى نەنگۈەندىكى خىرىستىيان دىنى ئىبادەتخانىسى مۇھىم جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىدىغان ئورۇنغا ئۆزگەرتىلگەن. بەزىلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن سوراقچى خادىملارنىڭ ئۇ يەرگە كىرىپ چىقىپ يۈرگەنلىكىنى كورگەن.

9 - 1937 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە بولغان ئەنزىدىكى مەھبۇسلارنىڭ بالا - چاقىلىرى (ئازسانىدىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا) ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان، بەزى ئاتالمىش «خائىنلار»نىڭ پەرزەنتلىرىمۇ چەت رايونلارغا خىزمەتكە يوتكىۋېتىلگەن؛

10 - 1939 - يىلى، ھوكۇمەت ساۋەن ناھىيىسىدە ئەمگەك بازىسى قۇرۇپ 1937 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە بولغان ئەنزىدىكى بىرقىسىم مەھبۇسلارنى ئىشلىتىشكە ئېلىپ بارغان. كېيىن ئالتاي ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇلار يەنە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن.

## ئىككىنچى قېتىملىق تۈرمە قىرغىنچىلىقى

1942 - يىلىنىڭ 3 -، 4 - ئايلىرىدا، ماشىنىلاشقان بىرىگادىنىڭ روتا كوماندىرى (لىيەنجاڭ) يۈ × × پەملىلىك بىركىشى بىر بار كامىرغا كەلدى. ئۇ بىزگە بىرىگادا باشلىقى (لۈيجاڭ) يەنى، شىڭ دۇبەننىڭ 4 - ئىنىسىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىدىن باشقا ھىچنىمە سوزلەپ بەرمىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن لۈي زىچىي ئىسىملىك بىر كىشى سولاندى. ئۇ، مالىيە تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ناھايىتى ئوچۇق مىجەز ئادەم ئىكەن. ئۇ بىزگە: ئۈرۈمچىنىڭ ناھايىتى جىددى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى، شىڭ لۈيجاڭنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئولگەنلىكىنى مەمۇرى، مائارىپ، ھەربى، سىياسى خادىملاردىن يۇقۇرىدا نازىرى، باشقارما باشلىقلىرىدىن تارتىپ، توۋەندە ئاددى بىرلۇم خىزمەت-



چىلىرىگە قەدەر، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، مالىيە نازىرى ساڭ گۇفېن، مائارىپ نازىرى لىيى ئوۋ، ھەربى مەكتەپنىڭ ئوتتۇرا، يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ۋە بەزى كوماندىرلارنىڭ قاماققا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. قارىغاندا يەنە لۈي زىچېڭنىڭ ئېيتىشىچە بۇ، شىڭ شىسەي ھوكۇمىتىنىڭ خۇدى جۇسەي ئۇرىغاندەك، بىرتۇركۇم ئادەمنى ئورۇۋەتكەندىن كېيىن يەنە بىرتۇركۇم ئادەمنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكى ئىدى.

مەن ئۈرۈمچىدە چېغىمدىلا شىڭ شىچىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم. ئۇ، ياپونىيىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى. ئاكىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ پولكوۋنىگى بولغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتىتىدا ئوقۇغان. ئالدىنقى يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مىخانىكىلاشقان بىرىگادىنىڭ لۈيجاڭى بولغان.

ئاپرېلنىڭ بىر ئاخشىمى، تۈرمە باشلىقى چەن شۇجۇڭ، لىيۇ دەنخۇا، يۈەن جىڭيۈن، دۇ لۇڭئا، لۈي زىچىڭلارنى شىكىللىرىنى يېغىشتۇرۇشنى بۇيرۇپ، بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن لۈي زىچېڭ قاتارلىق 4 كىشى چىقىپ كەتكەن كېچىسى 2 - تۈرمىدە ئولتۇرۇلگەنلىكىنى بىلدىم.

تۈرمىدە خەۋەرلەر ئىنتايىن قاتتىق كونتۇرول قىلىناتتى. چۈنكى باشقۇرغۇچى خادىملار يۇقۇرىدىن توۋەنگىچە بىر - بىرىنى نازارەت قىلاتتى. ھىچكىممۇ مەھبۇسلارغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

# يەنە 5 - تۈرمىگە قايتىپ كېلىش

1942 - يىلى كۈزدە مەن يەنە 5 - تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىندىم. مېنى قامىغان كامېردا ياش بىرچىلىك قاتارلىق كىشىلەر بار ئىكەن. بۇ كىشى 1933 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى سوۋېتتى بىلەن ماجۇڭيىڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن، كېيىن ماجۇڭيىڭغا ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە سوھبەتكە كەلگەندە تۇتۇپ قېلىنغان. 1934 - يىلىدىن تارتىپ مالىيە تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1937 - يىلى قولغا ئېلىنغان.

كامېردىكىلەر ماڭا شىنجاڭنىڭ مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ بۇ بىرقانچە يىلدا ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئىجتىمائىي پەن ئۆگىنىشىدە دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ياشلار پەلسەپە دىيالېكتىكىغا قىزىقىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىپ، سىياسىي ئىقتىسادنى تەتقىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى؛ جاڭجۇڭشى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى؛ شىڭدۇبەننىڭ بىۋاستە تەكلىۋى بويىچە شىن جىيۈەن ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى؛ شىن يەنبىڭنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىغا خۇيجاڭ بولۇپ غۇلجىغا بارغانلىقىنى؛ بۇ كىشىلەرنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغانلىقىنى؛ يەنئەندىن كەلگەن مىڭ يىمىڭنىڭ بىر مەزگىل ئولكىلىك مائارىپ نازارىتى ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقىنى؛ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئاساسلىق تەھرىرلىرىنىڭمۇ يەنئەندىن كەلگەنلىكىنى بۇ گېزىتنىڭ مەيلى نەشر قىلىنىش ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بول-



سۇن ناھايىتى ئىلغارلاشقانلىقىنى؛ شياۋلى ئىسىملىك بىر مۇخبىرنىڭ مۇشتىرىلارنىڭ ناھايىتى قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى؛ ئۇ سىزغان دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىگە شىڭ شىسەينىڭ بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، نەشر قىلغانلىقىنى؛ ئۈرۈمچىدە يەنە جاڭ جۇڭشى تەرجىمە قىلغان دوستلارنىڭ پەلسەپە كىتاپلىرىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە يەنئەندە چىققان جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى ۋە باشقا سىياسىي، ئىقتىسادىي گېزىت - ژورناللارنىڭ نەشر قىلىنىپ، ياشلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقى، شۇنىڭدەك يەنە «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورناللىرىنىڭ چىقىرىلغانلىقى؛ جاۋدەن باشچىلىقىدىكى تەجرىبە تىياتىر ئۆمىگىنىڭ خېلى كۆپ دىراممىلارنى قويغاندىن باشقا، قىزلار مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ۋۇزېتيەن» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىشىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى؛ لېكىن كىشى چۈشىنىپ بولالمايدىغان ئىشلارنىڭمۇ يۈز بېرىپ، قاماققا ئېلىنىشنىڭ ئەدەپ كەتكەنلىكى؛ فېئودال قاتلىمىدىكى كىشىلەرلا قولغا ئېلىنىپ قالماستىن، نۇرغۇن ئىلغار زاتلار ھەتتاكى ئالغا بېسىۋاتقان ئاكتىپ ياشلار ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىغانلىقى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇتۇپ كەلگەن 3 تۈركۈم ھەرمىللەت ياشلىرى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ خىزمەت ئورۇنلىرىغا بارغاندىن كېيىن، خېلى كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

ئۇلارنىڭ سۆزىدىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ «سول»دىن ئوڭغا بۇرۇلۇش ياسىغان ئالامىتىنى تاپقىلى بولمايتتى، شىڭ

يەنىلا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش مۇقامىنى تۇۋلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى گېرمانىيە فاشىزىمىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە چاقىرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئىدى. لۇيجاڭ شىڭشىچى سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ يىلى ئاپرېلدا ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان ئۇلكىلىك ئاياللار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ مۇقامى يەنىلا سولچىل ئىدى. يەنئەندىن كەلگەن ئايال يولداشلارنىڭ كوپىنچىسى يىغىن پرېزدىيومىغا سايلانغان ئىدى.

بىراق ياڭ بۇچىڭنىڭ كوز قارىشى يىن چىڭپۇ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە شىڭشىسەي ھەقىقى ئىنقىلاپچى ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشكۇللۇككە چۈشۈپ قالىدىغانلا بولسا، شىڭشىسەي شاخمات ئورۇقلىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇراتتى. كۆزنىڭ ئاخىرلىرى تۇرمە خادىملىرىنىڭ شەپكىسىدىكى قىزىل ئالتە بۇرجەكلىك يۇلتۇز بەلگىسى يوقاپ كەتكەنلىكىنى سەزدۇق. ياڭ، يىنلارنىڭ پەرىزى توغرا چىققاندەك تۇراتتى. قىزىل 6 بۇرجەكلىك يۇلتۇز شىڭشىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئالتە بۈيۈك سىياسەت تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، شىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ گومىنداڭغا يۈزلىنىدىغان بىرلا يولى قالغان ئىدى.

## گۇناكار ئىشچى بولۇش

1943 - يىلى ئاپرېلنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە مېنى تۈرمىدىن ئەيچىقىپ ئاپتوموبىلغا سالدى. ئاپتوموبىلدا مەندىن باشقا يەنە 20 نەچچە مەھبۇس بار ئىدى. بىزنى ئىشچى گۇناكارلار كامېرىغا ئېلىپ كىردى. بۇ يەردە گۇباۋيۈەن ئىسىملىك بىرسى ماڭا: „جاڭياشاۋ ئەپەندى خېلى بۇرۇنلا سىز توغرىلىق سوزلەپ يۈرگەن ئىدى. ئۇ، بۈگۈن سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، مېنى ئەۋەتتى» دېدى.

جاڭياشاۋ، ماجۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا 36 - دىۋىزىيىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ئىدى. 1933 - يىلى ئاپرېلدا ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئۇرۇمچىگە سوھبەتكە كەلگەندە سوھبەت ئەمەلگە ئاشماي ئىككى تەرەپ يەنە سوقۇشقاندا، شىڭشىسەي ئۇنى نەزەر بەنت قىلىپ ئەپ قالىدۇ. كېيىن ئۇنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇقۇچىلىققا ئەۋەتىپ، 1937-يىلىدىكى چوڭ تازىلاشتا قولغا ئالىدۇ. ھازىر ئۇ ئىشچى گۇناكار سۈپىتىدە 4 - تۈرمىنىڭ ھىساۋات بولۇمىدە كاتىپلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. جاڭياشاۋ چوڭ ئىنقىلاپ مەزگىلىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان، موسكۋا جۇڭشەن ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن شەنشى، گەنسۇلاردا يەرئاستى خىزمەت قىلغان. شۇ مەزگىلدە بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ پىلانلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ قوغلىشى ئارقىسىدا پارتىيە تەشكىلى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان. مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن كورۇشمىگەن بولسامۇ بىر - بىرىمىزنى سىرتتىن بىلىشەتتۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە سۇن جۇچياۋ مېنى كورگىلى كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەن بېيجىڭدىن شىنجاڭغا بىللە كەلگەن، ئالتايدا بىر يىل بىللە تۇرغان ئىدۇق. ئۇ چاغدا ئۇ، ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. 1937 - يىلى

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچى بولغان ۋە شۇ يىلى كۈزدە قولغا ئېلىنغان، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ گۇناكار سۈپىتىدە 4 - تۈرمىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىكەن. سۇن جۇڭچاۋنىڭ ئېيتىشىچە بۇ بىر قانچە يىلدا تۈرمىدە ئىككى قېتىم قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلغان. بىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىنى ھىساپلاش توغرىسىدا يۇقۇرىدىن باغاقچە كەلسە، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. 4 - تۈرمىدىكى قارا ئىش قىلىدىغان ئىشچى گۇناكارلار شۇ كۈنلەردە، ھەر كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە بېرىپ ئورەك كولايدىكەن. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسىدى چوڭ ئاپتوموبىلغا بېسىلىپ 2- تۈرمىدىن شىمالىي تاغدا كولانغان ئورەكلەرگە ئاپىرىپ كۆمۈپ تاشلىنىدىكەن. بەزىلىرىنى كونا خۇمدانلارغا تاشلىۋېتىدىكەن. سۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يۇقۇرىدىن مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى بىر نەچچە تۈرمە باشلىقلىرىغا تاپشۇرىدىكەن، ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئۇلار ئۆزلىرى تاللايدىكەن، شەرتى ئۈن - تۈنسىز بولسىلا بولىدىكەن. ئادەتتىكى ئۇسۇل: مەھبۇسنى جازا ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپ ئاندىن بوغۇپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇندىن باشقا جاللاتلار يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن كوڭۇل ئاچىدىكەن. مەسىلەن: بۇرنىغا قەغەز تىقىپ، ئاغزىغا ھاراق قۇيۇش، يوتقان بىلەن دىمىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار. ئۆز ۋاقتىدا پولكوۋنىك بولغان ياڭ شۇتاڭ كامىردا ھەمرىيىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ۋاڭجاۋشياڭنى ئىككى مۇش ئۇرغان ئىكەن، بۇ قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا ۋاڭ جياۋشياڭ ئۆز قولى بىلەن ياڭنى بىر نەچچە قېتىم بوغۇپتۇ.



ئۆلەي دېگەندىلا ئاندىن قولىنى بوشىتىپتۇ، ئۆلمىسە يەنە بوغۇپتۇ. ياڭ شۇتاڭ يەرلىك شىنجاڭلىق بولۇپ، شىڭ شىسەي ئۈچۈن جەنۇپ - شىماللاردا جەڭ قىلغان. 1933 - يىلى يەنە بۇيرۇققا بىنائەن بېيجىڭغا بېرىپ ئاللىقانداق ھەركەتلەر ۋە ئالاقە باغلاشلارنى ئېلىپ بارغان ئىكەن. بۇ كۈنگە كېلىپ ئاشۇنداق تەقدىرگە گىرىپتار بوپتۇ.

سۇن جۇڭچاۋنىڭ ئاغزىدىن 1941 - ۋە 1942 - يىلدىكى 2 قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا، مەن بىلەن بىر كامىردا ياتقان خوپىڭجۇي، لەن يەنشۇ، تاھىربەك، گۇڭ جىڭدۇڭ، زوشياۋشيەن، لى جۇڭلىڭ، نىمان، يۈەن جىڭيۈن، ليۇ جىڭخۇا، لۇي زىكې، دولۇڭئا، ۋاڭ يۈي شۇلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا يەنە سابىق مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجى، سابىق ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ باش كاتىۋى خۇاڭ خەنجاڭ، قوشۇمچە مائارىپ نازىرى جاڭ شىڭ، خەلق ئىشلىرى نازىرى ماشاۋۇ، تەمىرات نازىرى شى شىچاڭ، كان ئىشلىرى نازىرى يۇنۇسبەك (ئۇيغۇر)، سابىق جىمىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ۋاڭ شياۋجىڭ، سابىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فۇچۈەن (مانجۇ) قاتارلىقلارنىڭمۇ ئىلگىرى - كېيىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

## شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئوڭغا بۇرۇلۇشى

1934 - يىلىدىن تارتىپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش

تېچلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى 5 چوڭ سىياسەتكە راۋاجلاندۇرۇپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن پاك بولۇشنى قوشتى. 1935 - يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە يەنە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى قوشۇپ، 6 بۈيۈك سىياسەت قىلدى. شىڭ شىسەي پۈرسەتپەرەستلىك قىلىپ، 1934 - يىل 1 - ئاۋغۇست كۈنى ئۆز قوشۇنىغا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى دەپ نام بەردى ۋە ئۇرۇمچىدە "شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى"نى قۇردى. 1937 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش 10 چوڭ پروگراممىسىنى ئاساس قىلغان 8 ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ شۇلياڭنىڭ ۋەكىلى لى يۈۋېن شۇ يىلى مەخپىي ھالدا شىنجاڭغا كېلىپ، شىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەسلىھەتلەشتى. شۇ يىلى كۈزدە شىڭ ھۆكۈمىتى يەنئەندىن خېلى كۆپ خىزمەتچى خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ، مەدەنىي - مائارىپ، مالىيە، مەمۇرىيەت قاتارلىق ئورۇنلارغا خىزمەتكە قويدى.

1937 - يىلى قىشتىن تارتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە "جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ" نىڭ مۇھەررىر ۋە ئاساسلىق تەھرىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك يەنئەندىن كەلگەن زىيالىيلارغا ئالماشتۇرۇلدى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەربىي مارشىنىڭ بىرسى «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام سەككىز دىققەت» مۇزىكىسىغا باشقا تېكىست سېلىپ ئىشلەنگەن ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ "6 بۈيۈك سىياسەت كۇرسى"نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ماۋجۇشىنىڭ ئەسەرلىرى نەزىرىيىۋى ئاساس قىلىنغان ئىدى. 1938 - يىللىرى شىڭ شىسەي داۋالىنىش نامى بىلەن خوتۇنى چيۇيۇفاڭنى



ئېلىپ موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆلكىدىكى ئىدارە، ھەربىي قىسىم، كارخانا، ھەربىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بار ئىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكى قومۇلنىڭ شىمالىدا تۇراتتى. چېگرا سىرتىدىكى ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سوۋېتلىك ئىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ باراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان - مەدەنلەرنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى رازۋېتكا قىلىپ يۈرەتتى.

1937 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى لۇشەندە دۆلەت مۇداپىئە يىغىنى ئاچتى. ئۇزۇن مۇددەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئاخبارات خىزمىتى ئىشلىگەن دۇڭبېيلىق جاۋگۇيۇەن (ئەسلى ئىسمى شىن يۈي) شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتى . . . .

لېكىن سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى ئىككى يىلىدا ئىلغار كۈچلەر بىراقلا تازىلاپ چىقىرىلدى. يەنئەندىن كەلگەن كىشىلەر بالا - چاقىلىرى بىلەن پۈتۈنلەي قولغا ئېلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيە، مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلىرى مەجبۇرى چېكىندۈرۈلدى. شىنجاڭدا سۇن جۇڭشەن، جياڭ جيېشىنىڭ رەسىملىرى ئېسىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىللىرى قۇرۇلدى. سەنمىنجۇيى، مەكتەپلەردىكى ئاساسىي دەرسكە ئايلاندى. ئىشچى گۇناكارلارنىڭ ئېيتىشىچە "سەنمىنجۇيى"، "جۇڭگونىڭ تەغدىرى" قاتارلىق كىتابلار شىنجاڭدا نەشر قىلىنىپتۇ. لېكىن تۈرمىدە تېخى بۇلارنى تاپقىلى

بولمايتتى. مەھبۇسلارغا قارىتا «تەسىرلەندۈرۈپ ئۆزگەرتىش» خىزمىتى ئىشلىمەسلىك، شىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىزچىل ئىستىلى ئىدى.

## ئىشچى گۈناكارلىق ھاياتىم

ئىشچى گۈناكار بولغان دەسلەپكى يېرىم يىلدا، پارچە-پۇرات قارا ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم. ئىشچى گۈناكارلارنىڭ تامىقى كامېردىكىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. سەككىز سائەت ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ۋاقىتلاردا مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلالايتتى. كېچىسى كامېرنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنمايتتى. ئېلېكتىر چىرىغى بار ئىدى. كىتاب ئوقۇپ بىر نەرسە يازسا ھېچكىم ئارىلاشمايتتى. ئىشچى گۈناكارلارنىڭ ھەر ئايدا 5 يۈەندىن 10 نەچچە يۈەنگىچە قوشۇمچە پۇلى بار ئىدى. كېيىمى تۈرمە تەرىپىدىن تارقىتىلاتتى. ئۇزۇن ۋاقىت تۈرمىدە ياتقان ئادەمنىڭ ئىشچى گۈناكار بولۇشى خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى.

4 - تۈرمىدە يېڭىدىن ياسالغان بىر ئىككى قەۋەتلىك تۈرمە بولۇپ، ج خ باشقارمىسىغا قاراشلىق تەكشۈرۈش باشقارمىسى شۇنىڭغا جايلاشقان ئىدى. بۇ ئورۇن ۋىلايەت ناھىيىلەرنىڭ ئاخبارات خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. قارا ئىش قىلىدىغان خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشچى گۈناكارلار ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەر قايسى ئورۇنلاردىن كەلگەن ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، ئانالىز قىلىش، دوكلات يېزىش، تۈرلۈك ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىش ئىدى. بۇ خىل ئىشچى گۈناكارلارنىڭ ھەممىسى



يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار ۋە تىل مۇتەخەسسىسلىرى بولۇپ، خېلى كۆپ ساندىكىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار ئىدى. بۇلار سىرت بىلەن ئالاقىسى يوق مەھبۇس بولغاچقا، ئاخباراتنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارىلاپ قويالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تامىقى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئىشچى گۈناكار بولغانلار بۇ «ئورنىنى» ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، كۈچىنىڭ بېرىچە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ۋىلايەت ياكى بىر نەچچە ناھىيىگە مەسئۇل بولۇپ، بولۇنگەن خىزمەتنى ئىشلەيتتى. بىر - بىرسىگە ھەمكارلاشمايتتى. ھەر بىرسى بىر ئۆيدە تۇراتتى. كەسپى توغرۇلۇق ھېچكىممۇ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ھەم ستالىن، مولوتوۋلارغا ئەۋەتكەن دوكلات ۋە خەت - چەكلىرى شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئاتالمىش «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەست ئەنزىسى ... (خۇاڭ لىننىڭ ئەنزىسىدىن باشقا)» قاتارلىق ھۆججەتلەر، بولۇپمۇ «12 - ئاپرېل قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى» دىكى مۇھىم جىنايەتچىلەرنىڭ رۇسچىگە تەرجىمە قىلىنغان خاتىرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈش باشقارمىسىدىكى ئىشچى مەھبۇسلارنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلدىم. ئەسلى ماتېرىيالنىڭ نۇسخىسى 1945 - يىلىچە 4 - تۈرمىنىڭ ئارخىپ ئىسكىلاتىدا ساقلىنىپ كەلگەن. مەن ئىشچى گۈناكار بولۇپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن، فۇشىرۇ ھەم ۋاڭ پەيلىنلىك بىر ياش بىلەن مۇقاۋىچىلىق قىلىشقا بەلگىلىنىپ، جەدۋەل باسىدىغان قاتتىق قەغەز ياسىدۇق.

فۇشىرۇنى يېقىندا 4 - تۈرمىدىن ئېلىپ كېلىپ ئىشچى گۇناكار قىلىغان ئىكەن. بىز ئىچكىرىدىكى ۋاقتىمىزدىلا مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاتنىشىپ، كېيىن شەرقىي - شىمالدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1935 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىدا بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1937 - يىلى قولغا ئېلىنغان ئىدى.

## 137 - نومۇرلۇق كامىر — كاتولىك دىنى چېركاۋسى

1943- يىلى 6-، 7- ئايلارنىڭ بىركۈنى چۈشتىن ئىلگىرى مېنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، خېچىر قېتىلغان بىر هارۋىغا سېلىپ، قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن بىر يەرگە ئېلىپ باردى. ئەمدىلا هارۋىدىن چۈشۈشىمگە بېشىمنى پەلتو بىلەن يوگەپ يېتىلەپ ماڭدى. پەلتونىڭ چېتىدىن ئالدىمدا كېتىۋاتقانلارنىڭ سېرىق سوكىنىدىن تېكىلگەن گەلەفى شىم ھەم ئۆتۈك كىيگەنلىكىنى كوردۇم.

مېنى بىر ئۆيگە باشلاپ ئېلىپ كىرىپ بېشىمدىكى پەلتونى ئېلىپ تاشلىدى. ئالدىمدا تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدەك كىيىنگەن بىر ئەسكەر تۇراتتى. ئۇ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: «بۇ جاي سۈرلۈك ئورۇن، يۇۋاش بولۇشۇڭ لازىم. ئىشىڭ بولسا بىز ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا ئىشىكنى چەكسەڭ بولىدۇ» دىدى.

بۇ ئۆي يەتتە كۇۋادىرات مېتىر كېلەتتى. تۈرىسى ناھايىـ



تى ئېگىز بولۇپ، ئۆيدە بىر كارۋات، سۈيدۈك قاچىسى ۋە يۈز يۇيىدىغان داس بار ئىدى. شۇنىڭدەك دەرىزىگە تومۇر رەشەتكە بېكىتىلگەن، ئەينەكلىرى ھاك بىلەن ھاكلىۋېتىلگەن ئىدى. ئەينەكنىڭ ھاك چۈشۈپ كەتكەن جايىدىن كاتولىك چېركاۋسىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مېنىڭ ئېسىمگە ئىشچى گۇناكار بولغاندا باشقىلارنىڭ 137-كامىر دەپ ئاتىلىدىغان كاتولىك دىنى چېركاۋسى ھەققىدە سۆزلەشكەنلىرى كەلدى. بۇ چېركاۋ نەنگۇەننىڭ ئارقا كوچىسىدا بولۇپ، ئۇنى نېمىس، فرانسۇز سېستىرىسىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار باشقۇراتتى. 1939-يىلى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى بۇ جاينى تۈرمىگە ئۆزگەرتكەن ۋە تېلېفون نومۇرى 137-نى ئۇنىڭ ئىسمى قىلغان ئىدى. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر كېيىن ئۇنى يەنىلا كاتولىك دىنى چېركاۋسى دەپ ئاتاپ يۈرۈشتى. 137-ئورۇمچىدىكى ئەڭ سۈرلۈك تۈرمە بولۇپ، مەخسۇس سوراقلار مۇشۇ ئورۇندا بولاتتى. چۈشتىن كېيىن بىر ئەسكەر ماڭا بىر چىنە شورپا ھەم بىر چىنە پولو ئەكىلىپ بەردى ۋە: «يەتمىسە يەنە بېرىمىز» دىدى. بۇ شىنجاڭ تۈرمىلىرىنىڭ ئادىتى بولۇپ، سېنى جايلايدىغان ۋاقىتتا ياخشىراق بىر نەرسە بېرەتتى.

تاماقتىن كېيىن مېنى بىر چوڭ ئۆيگە باشلاپ ئېلىپ كىرىشتى. بۇ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىغان كەڭتاشا ئۆي بولۇپ، ئاستىغا پۈتۈنلەي گىلەم سېلىنغان ئىدى. شەرقىي تامنىڭ يېنىغا ئىككى ئۈستەل قويۇلغان. ھەر بىر ئۈستەلنىڭ كەينىدە بىردىن كىرىسلو ۋە بىردىن سىم كارۋات قويۇلغان ئىدى. 40 ياش چامىسىدىكى كورۇمسىز بىر ئەر كىشى نوۋەتتىكى ۋەزىيەتـ

نى سوزلەپ مېنىڭ ئۇبدان ئويلىنىپ ھوكۇمەتكە سەممىي بولۇشىمنى ئېيتتى. ئۇ: «سىلەر كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىڭلاردا باشقا غەرىزىڭلار بار، تەشكىللىك، پىلانلىق ۋە رەھبەرلىك ئاساستا كەلگەن......» دېدى.

سوراقتىن قايتىپ كەلگەن كېچىسى مەن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي، شىڭ شىسەي 1937-1938-يىللىردىكى ئەنزىلەردىن يەنە قانداق ئويۇنلارنى چىقىراركىن، گومىنداڭغا كومپارتىيە پىلانلاپ قوزغىغان ئەنزە قىلىپ كورسىتەرمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ چىقتىم. لېكىن بۇ ئەنزىدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ كوپۈنچىسى ئولتۇرۇلگەن بولسىمۇ، شۇي ليەندەك شەخسلەرنى 1942-يىلنىڭ كۈز، قىش ئايلىرىدىلا پۈتۈنلەي قويۇۋەتكەنلىكىنى ئىشچى گۇناكار بولغان چېغىمدىلا ئاڭلىغان ئىدىم. شۇي ليەن ئىلگىرى ۋالى بولغان ئىدى. خې يۈجۇ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئولكىلىك داڭبۇنىڭ ئەزاسى ئىدى. كاڭ بىڭلىڭ يەكەننىڭ ۋالىسى، ۋاڭ لىسى ئورۇمچى شەھەرلىك ھوكۇمەتكە تەييارلىق كورۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سۇڭ فۇياۋ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇدىرى، لاڭ داۋخىڭ مۇئاۋىن مۇدىر، گو شىلياڭ ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، چىڭ دۇڭبەي مائارىپ نازىرى بولغان ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ياكى ئۇنىڭ تاشقى دائىرىدىكى تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقانلىقى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى شىڭ شىسەي بىۋاستە ئوزگەرتىۋەتكەن ئىدى. مەسىلەن: شۇي ليەننىڭ ئىسمىنى شۇي بوداغا، خې يۈجۇنى خې گىن گۇاڭغا، كاڭ بىڭلىڭنى كاڭ مىنيۈەنگە، ۋاڭ لىسىنى ۋاڭ لۇيجۇڭغا سۇڭ فۇياۋنى سۇڭ نيەنسىغا، ئوزگەرتىۋەتكەن ئىدى.



# جىسمانى قىيناق ۋە سەممىيەت

ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى يەنە ھېلىقى چوڭ ئويگە ئېلىپ كىردى. سوراقچى يەنە شۇ ئادەم ئىدى. (كېيىن ئۇنىڭ فۇ باۋليەن ئىكەنلىكىنى، 1935-يىللىرى شىڭ شىسەينىڭ قويىنىغا كىرگەنلىكىنى، شۇ كۈنلەردە ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا كوتۇرۇلۈپ مۇھىم جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىدىغانلىقى، شىڭ شىسەي بىلەن بىۋاستە تېلېفون ئالاقىسى بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم) ئۇ مەندىن ئويلىنىشىمنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى سورىدى. مەن پەقەت، ئوزەمنىڭ بارلىق مەسىلەمنى شىڭ دۇبەنگە دوكلات قىلغانلىقىمنى، ئىلگىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاتناشقان بولسامۇ، 1931- يىلدىن كېيىن ئالاقەمنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى، شىنجاڭدا ھېچقانداق سىياسى ياكى تەشكىلىي مۇناسىۋىتىمنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتىم.

مۇشۇنداق بىرنەچچە قېتىملىق سوراقتىن كېيىن، سوراقچىنىڭ مۇددىئاسى ماڭا ئاستا-ئاستا ئايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار مېنى: 1934-يىلدىن 1936-يىلغىچە «بىز كوممۇنىستلارنى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىلگىرى-كېيىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ يەر ئاستى ھەركەت تەشكىللەپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغان» دېگۈزمەكچى ئىكەن. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان مۇنداق ئىشنى مەن ئەلۋەتتە ئىقرار قىلالمايتتىم.

ئۇلار كورسەتكەن يولدا ماڭمىغاندىن كېيىن، ماڭا نىسبەتەن قىيىن قىستاقا ئېلىشنى باشلىدى. باشتا ئالقىنىمغا پالاق بىلەن ئۇردى. ئاندىن كېيىن دۈم ياتقۇزۇپ قامچىلىدى ۋە پۇ-

تۆمنی ئاسمانغا قىلىپ ئېتىپ قويدى. ئەك يامىنى «تانكىغا ئولتۇرغۇزدى» (يەنى گۇناكارنى تومۇردىن ياسالغان بىر ئورۇندۇققا مەھكەم بېكىتىپ قويۇپ نەچچە كېچە-كۈندۈز كوز يۇمغۇزمايتتى)، ئۇنىڭدىن باشقا «مىڭەمنى يۇدى»، ئۇلار بىر مىستىن ياسالغان تەلەڭگىنى بېشىمغا كىيگۈزۈپ: «دۇبەن سىلەردەك زىيالىيلارنىڭ كاللىسى مۇرەككەپ دەپ مىڭەڭنى يۇيۇپ قويماقچى بولدى» دەپ، تەلەڭگىنىڭ چېتىگە كالتەك بىلەن قاتتىق ئۇراتتى. جاڭىلدىغان ئاۋاز نېرۋىلىرىمنى تىترىتىپ، كوزۇمدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى. بۇنىڭ تەسىرىدە بىرنەچچە ئايغىچە ئەكسىمگە كېلەلمەي يۈردۈم. بىر ئايدىن ئارتۇق ئاشۇنداق قىيىنىغاندىن كېيىن چىدىغىدەك ھالىم قالمىدى. ئاخىرىدا سوراقچىنىڭ كورسەتكىنى بويىچە بىر - بىرلەپ «سەممەي» بولدۇم.

سوراقچى يەنە مەندىن سېنى كىم ئەۋەتكەن دەپ سورىدى. ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاغزىمغا كەلگىنىنى دەپ خې مىڭشيۇڭ ئەۋەتكەن دېدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەن شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرىلا قۇربان بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئاخىرىدا سوراقچى ئۆزىلا، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبىرىمىزنى سۇي گوجىڭ دېدى، مەنمۇ گاڭگىرىغان ھالدا قولۇمنى باسىۋەردىم. شىڭنىڭ بىر يۇرتلىقلىرى ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتا قويۇۋېتىلمىگەنلەردىن پەقەت سۇي گوجىڭ بىلەن ۋاڭ چاۋ ئىككىسى قالغان ئىدى. سۇي، بېيجىڭ داشۆينىڭ پەلسەپە پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1929-يىلى شىنياڭدا پىڭ تيەن ئولكىلىك ماليە نازارىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن ئىدى. 1930-يىلى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدىن چىق-



قاندىن كېيىن، تەشكىل بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان. 1934-يىلى شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئىلى ۋالىسى بولۇپ، 1937-يىلى قولغا ئېلىنغان، شۇ كۈنلەردە تۈرمىدە ئىدى.

## تاۋۇز چاغىنىڭ ئالدى - كەينىدە

بىرنەچچە ئايدىن بېرى مەن دائىم دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ، ھەر كۈنى چۈشتە ھويلىنىڭ ئىچىدە بىر ياش ئايالنىڭ بىر كىچىك ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كورەتتىم. لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتىم. چىرايىنىمۇ كورەلمىگەن ئىدىم.

1943-يىلى تاۋۇز چاغىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر كۈنى كېچىسى، تويۇقسىز سىرتتىن بىر چوڭ ئاپتوموبىل ۋە بىر كىچىك پىكاپنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھويلا ئىچىدىمۇ ئادەم قايناپ كەتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىچىدە كامېرنىڭ تومۇر ئىشىگى ئېچىلىپ-يېپىلغان ئاۋۇش بىلەن، كىچىك بالا ۋە ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. يىگىرمە-ئوتتۇز مىنوتتىن كېيىن ھويلا جىم-جىت بولۇپ قالدى. ئەتىسى مەن ساقچىلارنىڭ ھويلىدا يەنە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئۇ ئايالنىڭ نەرسىلىرىنى بۆلۈشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

مەن تۈرمىدىن چىقىشتىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ياش ئايالنىڭ شىڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شىڭ شىچىنىڭ خوتۇنى چېڭ شيۇيىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇ

ئۈرۈمچىلىك بولۇپ، 1934-يىلى شىڭ شىچىغا ياتلىق بولغاندا 16 ياشقا كىرگەن ئىدى. شىڭ شىچى بىلەن بىللە موسكۋاغا بېرىپ رۇسچە ئوقۇغان، شىڭ شىچى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىمۇ قولغا ئېلىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيناشلار ئاستىدا 1942-يىل 12-ئاپرېلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش سۈيىقەستىگە قاتناشقان، ئۆز يولدىشىنى ئۆلتۈرگەن دەپ يالغان ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا جاللاتلار ئاياق-ئاستى قىلىپ نومۇسىغا تەگكەن. شىنجاڭدا ئەزەلدىن ئاياللار تۈرمىسى يوق ئىدى. ئايال سىياسىي جىنايەتچىلەر بىرنەچچە تۈرمىدىكى ئاياللار كامېرىغا سولىناتتى. بەزىدە يالغۇز سولىسا، بەزىدە بىر ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسىنى بىرگە سولايتتى. تۈرمىلەردە ئايال خىزمەتچى خادىملارمۇ يوق ئىدى (كېسەللەر تۈرمىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ). بۇرۇن سولانغان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى ئىدى.

## جاۋدەن بىلەن بىللە تۇرغان كۈنلەر

1944-يىلى كۈزدە مېنى يەنە يېڭى تۈرمىگە يۆتكىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە تۈرمە كۆپ ئىدى. نومۇر بويىچە سانىغاندا 1-تۈرمە 200 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىغان كونا تۈرمە ئىدى. 2-تۈرمە بىلەن 2-شۆبە تۈرمىنى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈم. 3-تۈرمە 1938-يىلى ج خ باشقارمىسىنىڭ ھويلىسىدىكى ئاپتوموبىل ئىسكىلاتىنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان ۋاقىتلىق قاماقخانا ئىدى. لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىنلا ئەمەلدىن قالدى. 4-5-تۈرمىلەر-



نىمۇ يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم. كاتولىك دىنى ئىبادەتخانىسىنى 1938-يىلى تۈرمىگە ئۆزگەرتىپ، دۇبەن مەھكىمىسى بىۋاستە باشقۇرىدىغان سوراق ئورنى بولدى. بۇ تۈرمىدە ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 10 نەچچە ياكى 20 نەچچە ئادەمدىن ئاشمايتتى. بىر مەزگىل بۇ جاي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سوراقچى خادىملارنىڭ تۇرار جايى ۋە خىزمەت قىلىدىغان ئورنى بولدى. بۇ پەۋقۇلئاددە تۈرمە دۇبەن مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق بولۇپ، ئاساسىي جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلاتتى.

بۇ قېتىم قامالغان ئورنۇم توغرۇلۇق بۇرۇن ھېچقانداق گەپ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. كېيىن بىلسەم بۇ تۈرمە، 1942-يىلدىن باشلاپ 2-تۈرمىنىڭ سىرتىغا ياسالغان شىنجاڭ تۈرمىسى بولۇپ، كارىدورلىرى تۇتىشىدىغان چوڭ كورپۇس ئۆيلەردىن تەشكىل تاپقان ئۆيلەر ئىكەن. كامېرنىڭ ئاستى-ئۈستى تاختايلىق، ئەينەك دېرىزىلىرى چوڭ ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئىچكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى 2-تۈرمىگە ئوخشايتتى. كىشىلەر بۇنى «يېڭى تۈرمە» دەپ ئاتاشتى. مۇشۇ تۈرمىدە مەن جاۋدەن بىلەن تونۇشتۇم. جاۋدەن تۈرمىدە نۇرغۇن قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچراپ، كالتەك ئاستىدا ئىقرار قىلدۇرۇلغان ئىكەن. كۆپ قېتىم ئەنزىسىنى ئاغدۇرغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن. ھازىر ئۇ، ۋىجدانىي ئازاب ئىچىدە دائىم تامغا ئۈسەتتى.

1943-يىلى جاۋدەن قايتا سوراق قىلىندى. سوراقچى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا، جاۋدەن قاتارلىقلارنى 3-ئىنتېرناتسىونال بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەۋەتكەن كوممۇنىست، شىنجاڭدا قىزىل ھاكىمىيەت قۇرماقچى. 1939-يىلى قولغا ئېلىنغاندىن

كېيىن، ئۇزلىرىنىڭ ۋەتەن خائىنى تىروتسكىچى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. شىنجاڭدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى بويىچە شىڭ شىسەي ھوكۇمىتىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى بۇراپ تاشقىرىدىكى ئادەملىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە كومىنتىرىن ئەزالىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان، دەپ قارىلىغان.

قاتتىق قىيناش ئاستىدا جاۋدەن ئامالسىز شۇلارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىقرار بولغان. دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسىدىكى باشقىلار ۋە دۇجۇڭيۈەنىنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق ئىقرار قىلدۇرۇلغان بولسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ، ئاق رەڭلىك ۋەتەن خائىنلىرى ئەنزىسى، قىزىل رەڭلىك كومپارتىيە ئەنزىسىگە ئايلاندۇرۇلدى.

جاۋدەن ماڭا تەمىرات نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى قۇربان نىيازنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا سوزلەپ: 1942 - يىلىنىڭ بىركۈنى، جاۋدەن قاتارلىقلار، تۈرمە باشلىقى ۋاڭ جاۋشياڭنىڭ قۇربان نىيازنى دورا ئىچىشكە زورلىغانلىقى ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە ۋاقىراشقانلىقى ۋە ئاخىرىدا قۇربان نىيازنىڭ ئاغزىغا دورىنى مەجبۇرى قۇيغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئەتىسى بىر توپ تۈرمە قاراۋۇللىرى كامېردىن بىر ئادەمنى كوتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئوتۇك چاپانلىرىنى بۆلىشىۋاتقانلىقىنى سوزلەپ بەرگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، قۇربان نىياز زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

قۇربان نىياز ئوز ۋاقتىدا خوجانىياز ھاجى بىلەن بىللە قۇمۇلدا ئىنقىلاپ قوزغاپ، جىن شۇرېن ھوكۇمىتىگە قارشى تۇرغان. 12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بىرلىكتە شىڭ



شىسەي بىلەن بىرلەشكەن. بۇ كىشىلەر نازارەت، ۋالى مەھكىمىلەرگە باشلىق قىلىنغان بولسىمۇ، 1939 - يىلدىن كېيىنكى تازىلاشلاردا قىرىقىپ تاشلانغان. 1942 - يىلغا كەلگەندە ئاساسى جەھەتتىن تۈگىتىلگەن.

يەنە مېنىڭ بىلىشىمچە، دۇجۇڭيۈەنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەنلەردىن دۇجۇڭيۈەنىنىڭ كاتىۋى سۇڭ، كەسپىي دىپلومات ليۇ لار ئۆلتۈرۈلدى، جاۋدەن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى جۇجىيەنمىن، شۈيتاۋ، ۋاڭ ۋېيىي، يى لېي (1944 - يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان)، سىياسى نەزىربەندىچى خېجىدۇنىڭ ھەمراسى جياۋېنشىن، سىياسى نەزىربەندىچى شېمىي ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شېجې ئاگرانوم تۇجۇ (ھەممىنىڭ كەيىندە قولغا ئېلىنىپ، خۇاڭلىن ئەنزىسىگە كىرگۈزۈلگەن). دۇنىڭ قېيىنى ئىنىسى خۇ قاتارلىقلار تۈرمىدە ھايات قالدى. شېن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشې، ساۋ كۇڭ لياۋ، رەسسام لوشاۋفېي، ئىنژېنېر جاڭ قاتارلىقلار بەختكە يارىشا ئىچكىرىگە قايتۇرۇلغان.

## تورنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سېلىنىشى

بۇ كامېرغا خۇيزۇلارنىڭ چوڭ ئاخۇنى ماليا گجۇن قامالغان ئىدى. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغىنىغا 3 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ تېخى بىرقېتىممۇ سوراق قىلىنماپتۇ. تۈرمىگە يېڭى قامالغان بىر خۇيزۇ ئۇنىڭغا، گېزىتتە ماليا گجۇننىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋي ھەركەت ئېلىپ بارغانلىقىغا ئىقرار بولغانلىقى ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئېيتقاندا،

ھا ھەسرەت بىلەن: ئۇزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدايدىغان بۇنداق ھاكىمىيەت ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدىغان بولسا، دۇنيادا ھەقىقەت قالامدۇ؟ ئەگەر ئىسلام دىنى شىڭ دۇبەننىڭ كۆڭلىگە ياقمايۋاتقان بولسا بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلا بولمامدىمۇ، كىشىلەرنى ئالداپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى!؟ دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى 1939 - يىلدىن باشلاپلا، جايلاردىكى خۇيزۇ ئاخۇن، ئەپەندى تېپىدىكىلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلاپ، ئاخىرىدا ماليائىجۇننى ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ باشلىغى قىلىپ قويغان ئىدى. شىڭ شىسەي دىننى يوقىتىش جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ ئاز كۈچ سەرپ قىلمىدى. موڭغۇللارنىڭ گېگەنى شالۋامۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆلگەن. كاتولىك دىنىنىڭ تەشكىلى بولسا، ئاللىقاچان تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىلگەن ئىدى.

بۇ كامېردا يەنە چىڭ دۇڭبەيىنىڭ جىيەنى چىڭ شۇ × مۇ بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تاغىسى بىلەن خې يۈيجۇ، كاڭ بىڭلىن، گۇشىلياڭ، شۈيلىيەن، ۋاڭ لېيشى، سۇڭ فۇياۋ، لاڭ داۋخېڭ قاتارلىقلار 1944 - يىلى قايتا قولغا ئېلىنغان ئىكەن.

چىڭ ماگا: 1944 - يىلى ئىيۇننىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشقا ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىپ، دۇبەننىڭ يولىيورۇغىنى ئاڭلىغانلىغىنى، شىڭ شىسەي ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئالاقىدار بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ، شىنجاڭدا يەنە قوزغىلاڭ كۆتىرىش ئەندىشىسى چىققانلىغى ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقانلارنىڭ بار ئىكەنلىگى، ھازىر قەغەز، قەلەم تەييارلاپ



قويۇلدى. سەممىيەتلىك بىلەن ئىقرار قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىغىنى ئېيتقاندا، شۇ مەيداندىلا ساقچىلار ئوقۇغۇچىلارنى ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلىغان. لېكىن ھېچكىم قەلەمنى قولىغا ئالمىغاندا، شىڭ شىسەي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ غەزىۋى ئۆرلەپ ئۆزى بىۋاسىتە ئىسمىنى ئاتاپ ئادەم تۇتقانلىغىنى ئېيتىپ بەردى. شىڭ شىسەي مائارىپ ساھەسىگە ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مائارىپ ساھاسىدە ئىدىيىگە تەسىر قىلىدىغان كۈچ چەكسىز بولغانلىقتىن، ئۇنى رازۋېتكا قىلىپ تىزگىنلەشمۇ ناھايىتى تەس دەپ قارايتتى. شۇڭا مائارىپقا مەسئۇل بولغان كىشىنى يان تەرەپتىن كۆزىتىپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دائىم ئالماشتۇرۇشنى زورۇر تاپاتتى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، جاڭ شىڭ، مىڭ يېمىڭ، جاڭ زۇجۇ، لى يىئۇۋ، چىڭ دۇڭبەي قاتارلىقلارنى ئارقىمۇ - ئارقا مائارىپ نازىرى قىلىپ يۆتكىگەن ئىدى. ئاخىرىغا كەلگەندە بولدى قىلىپ مائارىپ نازىرى قويمىغان ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرلىغىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مائارىپ نازىرلىرىنىڭ بىرسىمۇ بالا - قازادىن ئامان قالمىدى.

## شىڭ شىسەينىڭ كۈنى

يېڭى تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىنىپ 10 نەچچە كۈندىن كېيىن، خوشنا كامېردىكىلەردىن گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇھىم ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغانلىغىنى ئۇقتۇق. مەن بىلەن بىر كامېردىكى لى دېپىڭ يېقىندا سوراققا ئېلىپ چىقىل-

غاندا، ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى (شۇ ۋاقىتتا سوراقچى ئىكەن) ئۇنىڭغا دۈبەننىڭ ئۆتمۈشتە ئوڭغا بۇرۇلۇش ياسىشىنىڭ ۋاقىتلىق تەدبىر ئىكەنلىگىنى پۇراتقانلىغىنى ئېيتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىغى، جۇ شاۋلياڭ (8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى) نىڭ ۋاقىتىنچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى. ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسى (ئەسلىدىكى ج خ باشقارمىسى) نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئۇرۇق - تۇققان يېقىن ئادەملىرىنىڭ تەقدىرىنى سۈرۈشتە قىلغىلى كەلگەن ئائىلە - تاۋاباتلار توپلىشىۋالغان ئىدى. بەزىلەر دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا پوجاڭزا ئېتىشقا باشلىدى. شىڭ شىسەينىڭ تەرتىۋى بۇزۇلدى. 2 - كۈنى تۈرمە كامېرلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىۋېتىلدى. كىشىلەر تۈرمە ھويلىسى ۋە باشقا كامېرلارنى توپ - توپ بولۇپ ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر - بىرىنى تونۇيدىغانلار خوشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ مۇڭداشتى.

قولغا ئېلىنغان گومىنداڭچىلار تەرەپ - تەرەپكە ھەركەتلىنىپ، چۇڭچىڭنىڭ تەرەپ كورگەن تەدبىرنىڭ نەتىجىسى، دەپ تەشۋىق قىلىشتى.

ھويلىدا مەن شۈيلىيەن بىلەن ئۇچرۇشۇپ قالدىم. ھاياجانلانغىنىمىزدىن بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتقانچە خېلىغىچە ئاغزىمىز گەپكە كەلمەي قالدى. شۈيلىيەن ماڭا ئۇنىڭ بىلەن خې يىجۇ قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ يىلى 4 - ئايدا يەنە بىر قېتىم سوراق قىلىنغانلىغى، ئۇلارنى قاتتىق قىيناشلار ئارقىلىق چۇڭچىڭدىن كەلگەنلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى



ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، دېگەننى ئىقرار قىلدۇرۇشقا قىستىغانلىغىنى ئېيتتى. چۇڭچىڭدىن ئىلگىرى - كېيىن ئەۋەتىلگەن مۇھىم شەخسلەر ھەتتا ئاتالمىش «سەنمىنجۇيى» نىڭ نەزىرىيىچىسى لياڭ خەن ساۋغىمۇ „كومپارتىيە“ قالپىقى كەيگۈزۈلگەن ئىدى.

8 - ئايدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى تايانچلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ، ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بىرقانچە دىۋىزىيە كوماندىرلىرىنىمۇ سۈرۈشتۈرمەيلا قولغا ئالدى. شۇنىڭدەك ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى لى يۇشياڭنىمۇ ئالداپ قولغا ئالماقچى بولغاندا ئەمەلگە ئاشمىدى. ھېچ ئامال قالمىغاندا شىڭ شىسەي چۇڭچىڭدىن ئىستىپا سوراشقا مەجبۇر بولدى. مۇشۇنداق بىر نەچچە كۈنلۈك قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، كامېرلارنىڭ ئىشىگى يەنە قايتىدىن قۇلۇپ سېلىنىپ، ئاساسىي جەھەتتىن بۇرۇنقى تەرتىپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پەقەت تۈرمە باشلىغىنىڭ چۇڭچىڭدىن ئەۋەتىلگەن شەرقىي - شىمال ھەربى مەكتىۋىدە ئوقۇغان خۇۋېيچىڭغا ئالماشتۇرۇلغانلىغىنى ئاڭلىدۇق، خالاس.

## شىڭ شىسەينىڭ جىنايىتىنى توپلاش

1944 - يىلى 9 -، 10 - ئايلاردا شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشنىڭ ئارپىسىدا، ساقچى باشقارمىسى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر گارنىزونىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانى جياڭ يۈفىن قاتارلىقلار بار بولۇپ، پەقەت خوتەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىغى

سۈيداشەنلا ئولۇمنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. 1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇشلارنى تىنجىتىش ۋاقتىدا بۇ ئادەم قىرغىز پولكى بىلەن بىرلىكتە خوتەندە نۇرغۇن پۇقرالار ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى قىرغان ئىدى.

ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، سابىق خارجى مەھكىمىسىنىڭ بولۇم باشلىقى دىڭ ۋىسى قاتارلىقلار تۈرمىدە شىڭ شىسەينىڭ جىنايى ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىنى باشلىدى. بۇنىڭغا قاتناشقانلار ۋە ماتېرىيال يازغانلار ئاز ئەمەس. مەنمۇ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ قوللانغان تۈرلۈك جىسمانى قىيناش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ماتېرىيال يازدىم.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، توپلانغان بىر قىسىم ماتېرىياللار «شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن بالايى - ئاپەتلەر» (1- قىسمى) مەخسۇس سان قىلىپ شىپوگراپتا بېسىپ چىقىرىلدى. بۇ ماتېرىيال قىممەتلىك 1 - قول ماتېرىيال ئىدى.

بۇنى كېيىن شىڭ شىسەينىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى يېقىن دوستى ليۇ شىڭپېي تولۇقلاپ ئۆزگەرتىپ، «شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن بالايى - ئاپەتلەر» (2 - قىسمى)نى مىخ مەتبەدە بېسىپ ئېلان قىلدى. ليۇ شىڭپېي بولسا، شىڭنىڭ ياش چاغلىرىدىكى دوستى بولۇپ، نەنجىڭگومىن داشۆيسى ۋە ياپونىيە مىنجۇ داشۆيلىرىدە بىللە ئوقۇغان. شىڭ شىسەيگە ماددى جەھەتتىن ناھايىتى زور ياردەملەرنى بەرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭغا كېلىپ،



ئۈرۈمچى ئەينەك زاۋۇتىغا باشلىق بولغان. 1944- يىلى «خۇاڭلىڭ ئەنزىسى»گە چېتىلىپ قولغا ئېلىنغان، قاتتىق قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىغان ئىدى.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەن ئىشچى گۇناكار بولۇپ يۈرگەندە، ئەسلىدە 3- بولۇمدە ساقلىنىۋاتقان قاماقتىكىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدىم. ئۇنىڭدا ئىسىم پەمىلىسى، يېشى، يۇرتى، مىللىتى، تۈرمىگە كىرگەن ۋاقتى، يوتكىلىش ئەھۋالى قاتارلىق كاتەكچىلەر بار ئىدى. ۋاقتى 1937- يىلدىن تارتىپ شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەنگە قەدەر ئىدى. مەن 3- بولۇمدىكى بىر قىسىم ئىشچى گۇناكارلار بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ، 1941- يىلى كۈز 1942- يىلى ئەتىياز 1943 - يىلى كۈزدە نەگە كەتكەنلىكى كۆرسىتىلمىگەن مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى شۇ ئىسىملىكتىن بىلدىم. مەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى توپلاپ كوچۈرۈپ چىقتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ، مانجۇ، خۇيزۇلار جەمى 412 كىشى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغانلار 422 كىشى ئىدى. بۇ ئىسىملىك بىلەن مەن 1945- يىلى كوچۈرۈۋالغان خوجى نىياز ھاجى ۋە تاھىربەگنىڭ ئىقرارىنىڭ خاتىرىسىنى، كېيىن ليۇ شىڭپېي كوچۈرۈپ «شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن بالايى- ئاپەتلەر» (2- قىسمى) دە ئېلان قىلدى.

بۇ مەزگىلدە مەن يەنە مۇسادىرە قىلىنغان ئالتۇن كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ ئىز - دېرىكىنى تاپتىم.

1938 - يىلى شىڭ شىسەي مۇسادىرە ھەيئىتى قۇرۇپ مۇسادىرە قىلىنغان كوچمە مۈلۈك ۋە تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى شۇ

ھەيئەت ئارقىلىق باشقۇرىدۇ. قىممەت باھالىق بۇيۇملار (ئالتۇن، كۈمۈش، چەتئەل پۇلى، گوھەر، ياقۇت قاتارلىقلار)نى تەپسىلى تىزىملىغاندىن كېيىن، پېچەتلەپ سودا بانكىسىنىڭ ئىسكىلاتىغا كىرگۈزىدۇ. 1939-يىلى ئۈرۈمچىدە قازاق - قىرغىز ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، شىڭ شىسەي يېڭى بىنادا (شىندالۇ) خائىنلارنىڭ مال - مۈلكى كۆرگەزمىسىنى ئېچىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنى شۇ ۋاقىتتىكى سودا بانكىسىنىڭ باشلىقى جاڭ خۇڭيى كونكرېت بېجىرىدۇ. كورگەزمە ئېچىش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇسادىرە قىلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش، گوھەر، ياقۇت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى بىناغا يەنى شىڭ شىسەينىڭ تۇرىدىغان جايىغا يۆتكەپ كېلىنىدۇ. كورگەزمىدىن كېيىن، كورگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملارنىڭ بىرسىمۇ سودا بانكىسىغا قايتۇرۇلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بايلىقلار شىڭ شىسەينىڭ شەخسى مۈلكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

## شىڭ شىسەينىڭ باشقۇرۇش تاكتىكىسى

شىڭ شىسەي قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرۇشقا ئىنتايىن ئۇستا ئىدى. سەندىن پايدىلانغان چاغدا ساڭا چەكسىز كۆيۈنەتتى. ھەتتاكى ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا تەسادىپى تالاش - تارتىش يۈز بېرىپ قالغاندىمۇ، تېلېفون بېرىپ ساڭا تەسەللى بېرەتتى. بۇنىڭدىن سەن ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى رەھبەر ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالاتتىڭ. شىن يەنبىڭ، شىن جىيۇەنلەر شىنجاڭغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزى بىۋاستە ئايرۇدرومغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالغان ئىدى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرىدى-



غان ياتاقلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن، ھەتتاكى پەردىلەرنىڭ رەڭگىدىن تارتىپ دىققەت قىلغان ئىدى. ئۇ، يولىيورۇق بېرىپ: «شىن ئەپەندى بىر ئەدىب، ئۇنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى نەپىس بولۇشى لازىم» دېگەن ئىدى. گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن چوڭچىڭدىن ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ كىيىم، تاماق، ياتاق، قاتناش قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىگە غەمخورلۇق قىلدى. بۈگۈن ئۆيۈگدە خىزمەتچى ئايال كەم بولۇپ قالغان بولسا، ئەتىسىلا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. دەرۋەقە بۇنداق ئادەملەرنىڭ كەينىگىمۇ مەخسۇس ئىشپىيون قوياتتى. ھەر قانداق ئادەم قىمىلغا كىرىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ بارلىق سۆز - ھەركەتلىرى شىڭ شىسەينىڭ تەكشۈرۈشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. دۇجۇگىيۈەن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا مۇدىر بولغان مەزگىلدە، دۇ ئورۇنلاشقان ئۆينىڭ يېنىدا ساقچى باشقارمىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاماكا ساتىدىغان تەگزىكەش بار ئىدى. دارىلفۇنۇن يېنىدىكى كىچىك دۇكانىنىمۇ ئىشپىيونلار ئاچقان ئىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەنلەرگە بولسا تېخىمۇ بەك «كۆڭۈل بۆلەتتى».

ئۇ سىنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولۇپ قالغان چاغدا بولسا، سېنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنىڭ قانچىلىك زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرمايتتى. ئۆيىدىكى ئادەملەرنى ھەتتا كىچىك ئاتىسىنىمۇ ئاياپ قويمىغان ئىدى. شىڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى (ئۇمۇ قولغا ئېلىنغان) نىڭ ئېيتىشىچە شىڭ شىسەينىڭ ئىچىدىغان سۈيى دادىسىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا، ھارۋا بىلەن شىمگودىكى بۇلاقتىن ئېلىپ كېلىنەتتى. بىر قېتىم

شىڭشىسەينىڭ قوسىقى تويۇقسىز ئاغرىپ قالغاندا، بۇنى شوپۇردىن كورۇپ، قاتتىق ساۋىغان ۋە كىمنىڭ بۇيرۇغى بىلەن قىلغانلىقىنى ئېيتىشقا قىستىغان ئىكەن.

شىڭنىڭ هوكۇمرانلىق قىلىش هونىرى ئۇزلۇكسىز كۇرەش قىلىش ۋە تازىلاپ تۇرۇش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ۋە پارتىيە ئىچىدىكى بىر قانچە كىشىلەر مەسىلەن: ۋاڭباۋچەن، جاۋۋۇيۇەنلەر ئەلچىخانا ئارقىلىق بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتەلىدى.

شىڭشىسەي ئوزىگە تايانچ تاللىمىغان ئىدى. بۇ ئېهتىمال ئۇنىڭ شىنجاڭدەك ئالاهىدە مۇهىتتا زورلۇق زومبۇلۇق قىلىشى ئاستىدا خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپماسلىقى جۇرئەت قىلالماسلىقى، هەتتاكى تۇرمىدىكى ئىشچى گۇناكارلارنىڭمۇ سىرتقا ئىش بىجىرىشكە چىققاندا - تۇرمىگە ئوز ۋاقتىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىگىدىن بولسا كېرەك.

ئۇ شەخسى كاتىپ ئىشلەتمەيتتى. پەقەت بىر قانچە مۇهاپىزەتچىلىرى ئۇنىڭ ئوچۇن كوچۇرۇپ يازاتتى. ئۇنىڭ ئوستىگە بۇنداقلارنى بىر نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئوزگەرتىۋېتىپ ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى.

## بولدى قىلىپ تاشلاپ قويۇش

1945- يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا، مەن، سۇن جىڭچاۋ، فۇشىرۇ، بيەن شىچىڭلار بىرلا ۋاقىتتا، باشقىلارنىڭ كېپىللىگى بىلەن قويۇۋېتىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالدۇق. تۇرمە باشلىقى خۇۋېيچىڭنىڭ ئېيتىشىچە، بىزنىڭ ئەنزى-



مىزنى بىر قانچە ئاي ئىلگىرى سوراق - هوكۇم قىلىش ئومىگى چۇڭچىڭغا ئېلىپ كېتىپ تەكشۇرۇپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، بۇگۇنكى قارار چىقىرىلىپتىمىش.

مەن خۇدىن، بىز ناهەق تۇرمىدە ياتقان 7 - 8 يىلغا نىسبەتەن زادى قانداق هوكۇم چىقىرىلدى؟ بىزنىڭ گۇنايىمىز بارمۇ- يوق؟ دەپ سورىدىم.

خۇ، «مېنىڭ بىلىشىمچە يېرىم يىلدىن بۇيان بوشىتىلغانلاردىن هېچكىممۇ هوكۇمنامە ئالالمىدى. مېنىڭچە گۇنانىڭ بار - يوقلىقىنى سۇرۇشتۇرمەي چىقىپ كېتەلىگىنىڭلارغا رازى بولساڭلار بولىدۇ» دىدى.

ئەينى ۋاقىتتا بىز بىر قانچىمىزنىڭ ئەنزىسىنىلا بولدى قىلىپ تاشلاپ قويغان بولماستىن، شىڭشىسەي ئەڭ ئاخىرىدا ئويدۇرۇپ چىقارغان هىلىقى «قىزىل تۇس ئالغان ئەنزە» گىمۇ شىنجاڭدا بىرەر چۇشەندۇرۇش بېرىلمىدى. بۇ ئەنزىدىكى ئاساسىي شەخس، گومىنداڭ شىنجاڭ ئولكىلىك داڭبۇسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭرۇجىن ۋە ئولكىلىك هوكۇمەتنىڭ ئەزاسى تەمىرات نازىرى، لىڭجيۇك قاتارلىقلار مەهبۇسلۇق سالاهىيىتى بىلەن ئايرۇپىلاندا چۇڭچىڭغا يەتكۇزۇلگەن ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا هوكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلاپ قويغان خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، گومىنداڭنىڭ قارىشىچە شىڭشىسەي قانداقلىكى بولمىسۇن شىنجاڭنى مەركەزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە ئوزىدىن كېيىنكىلەرگە يۇزمىڭ سەرلەپ ئالتۇن، قارا توپا ۋە بىر مۇنچە ماددى مۇلۇكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، چېگرا رايونلارنىڭ تارىخىدا كورۇلۇپ

باقمىغان ئىش. ئۇلار بۇنداق ئادەمدىن قايتا ھېساپ ئېلىپ ئولتۇرمايتتى، ئەلۋەتتە.

شۇنداق قىلىپ، شىڭشىسەي ئائىلىسى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا 40 نەچچە ئاپتوموبىلدا مۇۋەپپەقىيەت ۋە ھەيۋەت بىلەن ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئىشپىيون باشلىقلىرى بولسا، ھېچقانداق جازاغا تارتىلمايلا كەينى - كەينىدىن ئوز يولىغا راۋان بولدى.

لېكىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار 8 يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن چىققاندا، ئائىلىسى ئاللىقاچان خانىۋەيران بولۇپ، خوتۇن - بالىلىرى تېرى - پېرەڭ بولۇپ كەتكەن ئىدى.



# تۈرمە ھاياتىدىن ئەسلىمە

شى لىيەنخۇا (موڭغۇل)

مەن خەنزۇچىنى تولىمۇ ناچار ئۆگەنگەن بىر موڭغۇلمەن، شۇڭا قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا ئارمانىمغا چۈشلۇق دەرمانىمنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش مېنىڭ روھىي جاراھىتىمنى قوزغاپ، ئىچ - ئىچىمدىن ئازاپلىنىشىمغا سەۋەپ بولىدۇ، بانددىت شىڭ شىسەي ماڭا سىياسى جەھەتتىن زىيانكەشلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ۋۇجۇدۇمنىمۇ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىز ئازاپلاشلارغا ئۇچراتتى. بۇلار ھەرۋاقىت مېنىڭ شىڭشىسەي ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىگە چىش - تىرنىقىغىچە بولغان ئۆچمەنلىكىمنى قوزغاپ تۇردۇ. ئوز بېشىمدىن كوچۈرگەن ۋە كورگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى يېزىپ قالدۇرۇپ، خەلقى - ئالەم ئالدىدا شۇۋاقىتتىكى قاراڭغۇلۇقنى تېخىمۇ ئوچۇق ئاشكارىلاپ ۋە بۇ جىنايەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن روھلۇنۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم - دە، ئۆتكەنكى ئەسلىمىلەر قەغەز يۈزىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

## 1. قۇدۇلۇقتىن مەھبۇسلىققىچە

دادام شىلىك ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ جەمىيىتىنىڭ يۇقۇرى

تەبىقىسىدە خېلىلا نام ئاتاققا ئىگە ئىدى. 1934-يىلى دادام شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قوشۇمچە دىخۇا هازىرقى ئۈرۈمچى موڭغۇل مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە ئۆستۈرۈلۈپ قاراشەردىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىندى.

1936-يىلى شىڭ ئاتام بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى چىقىشالماسلىقنى ئاردىن كۆتۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلىپ، ئايالى چيۇيۇفاڭنى ئويىمىزگە چاي ئەلچىلىكىگە ئەۋەتتى، ئۇ مىنى ئۆزىنىڭ بىرنەۋرە ئىنىسى دوڭشاۋلىڭغا ياتلىق قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئاتام بۇ ئىشنى چىن كۆڭلىدىن خالىمىسىمۇ ئەزرائىلنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، چيۇيۇنىڭ قاتتىق يۇمشاق ۋاستىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ماقۇل بولۇشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. ئۇچاغلاردا مەن كىچىك هېچ نەرسە ئۇقمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئاتامنىڭ بۇيرۇغىدىن چىقالمايتتىم، شۇڭلاشقا شۇ يىلى 11-ئايدا دوڭ بىلەن توي قىلدىم، تويدىن كېيىن دوڭنىڭ ئۆپكە كېسەلى يوقتۇرۇۋالغانلىقى مەلۇم بولدى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت داۋالانسىمۇ ئۇنۇم بولماي 1941-يىلى 7-ئايدا شۇ كېسەل بىلەن ئۆلدى.

ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىۋىدە ئوقۇيتتىم، مەكتەپتىكى ئىسمىم شىيىڭ ئىدى، 1941-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى مەن ئەتىگەن سائەت 8 دە ئەمدىلا دەرسخانىغا كىرىپ تېخى ئولتۇرۇپ ئالمىغان ئىدىم، بىرسى مېنى چاقىردى، هەيران بولۇپ تۇرغۇنۇمدا چيۇيۇفاڭنىڭ خىزمەتكارى كىرىپ كەلدى، ئۇماڭا: „چيۇيۇ مۇدىر سىزنى ئويدە كۈتۈۋاتىدۇ، ئازراق ئىش ئۈستىدە سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەن، ماشىنا ئىشىك تۈۋىدە، هازىرلا ماشى-



نىغا چىقىڭ“ دېدى. مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۇنىڭ بىلەن بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم. خىزمەتچى ئىشىكنى ئاچتى، مېنىڭ ماشىنىغا چىقىشىم بىلەن تەڭ، ئوتتۇرا بويلۇق، پۇقراچە كىيىنگەن بىر كىشىمۇ ماشىنىغا چىقىپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان قانداقتۇر قاتتىق بىر نەرسە قولۇمغا ئۇرۇندى، مەن بۇ پۇقراچە كىيىنگەن كىشىنىڭ ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى دەرهال هىس قىلدىم.

ماشىنا توختىغاندىن كېيىن، مېنى چيۇيۇ مۇدىرنىڭ ئويىگە ئەمەس بىر قاراڭغۇ تۈرمىگە يالاپ ئېلىپ كىرىشتى. تۈمۈر ئىشىكتىكى تۆت چاسا كاما ۋە تەرەت قاچىسى قاتارلىقلار مېنىڭ بەزى ئىشلار توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمگە سەۋەپ بولدى.

„دادامنىڭ ئىشىغا چېتىلدۇرۇلغانلىقىم“ بۇ مەن ھەممىدىن بۇرۇن ئويلاپ يەتكەن بىر سەۋەپ ئىدى.

1936-يىلى X ئايدا قەشقەردىكى 6-دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى مامۇت ئەسكەر تارتىپ شىڭ شىسەيگە قارشى چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتام شىلىككە خەت يېزىپ ئۇنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەمدە شىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى موڭغۇللارنى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىشكە چاقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ خەت تويۇقسىز شىڭ شىسەيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شىلىك قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ھەمدە كۆپ ئازاپلاشلارغا ئۇچراپ، ئاخىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئاپام دادامنى كېپىللىككە ئېلىپ چىقىپ تۈرمە سىرتىدا داۋالىتىشنى تەلەپ قىلى-

دۇ. ئەمما ئېلىپ چىققىلى ئادەم بارغاندا دادام ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىدىن سەل بۇرۇنراق بىرسى كېلىپ دادامغا ئوكۇل سالغان ئىكەن. بىز دادامنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، ئوچۇق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماي، مۇردىنى ئېلىپ چىقىپ يەرلىككە قويۇپلا بولدى قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا مېنىڭ تۇققانلىرىمنىڭ ھەممىسى يات ناھىيىلەرگە سۈرگۈن قىلىندى. مەن پەقەت شىڭ ئائىلىسىگە ياتلىق قىلىنغىنىم ئۈچۈنلا ۋاقىتلىق ئامان قالدىم. بىراق دوڭشاۋلىڭ ئۆلىشى بىلەنلا مېنىڭ شىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئاخىرى ماڭا قول سېلىشتى!...

مېنىڭ دۇڭشاۋلىڭ بىلەن توي قىلىشىم پۈتۈنلەي مەجبۇرلاش نەتىجىسىدە بولغان ئىدى. چۈنكى، دادام شىلىك مەنخەنۋاڭ مەنچۇكجاپنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن بەختىمنى قۇربان قىلىپ مېنى قالقان ئورنىدا ئىشلىتىشكە مەجبۇر ئىدى. مەن پەقەت دادامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇم. دۇڭغا كۆڭلۈم چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دوڭنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى چاكىنا، خۇددى قاقشال دەرەققە ئوخشايتتى. شىڭ شىسەي مېنى دۇڭغا ياتلىق قىلدۇرۇپ ئۇنى بىزنىڭ ئۆيىمىزگە ئەكىلىپ قويدى. بۇنىڭ ئائىلىمىزگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاسۇس ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇنى كۆڭلىمىزدە بىلسەكمۇ، ئوچۇق ئېيتىش ئەپسىز ئىدى. ئاتام قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئانام دۇڭشاۋلىڭغا چىش تىرنىقىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇقلا مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى.



مەن ئۇمۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ تاقەت قىلىپ يۈردۈم، بىراق كۆڭلۈمدە دۇڭدىن يىرگىنەتتىم. بۇ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشىگە ۋە دائىم گەپ تەگىشىپ قېلىشقا ئېلىپ باردى. مەلۇم بىر قېتىمقى ئېغىر توقۇنۇشتا ھەتتا قورال تەڭلەپ تاپانچىنى چىقىرىۋىدى مەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قايرىدىم. ئوق تورۇستىن ئۆتۈپ خوشنىلارنى چوچۇتىۋەتتى. شىڭ شىسەي ئارىغا چۈشتى، دۇڭ شۇۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدىلا نەنسەنگە داۋالىنىشقا ماڭدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ناھايىتى خاپا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۇ كېسەل بىلەن ئۆلدى، بۇ بالايىئاپەتنى شىڭ شىسەي ئائىلىسى ئەلۋەتتە ماڭا ئارتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بۇلار بەلكىم مېنىڭ تۈرمىگە ئېلىنىشىمدىكى ئىككىنچى چوڭ سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن.

مەن شۇ كۈنى كېچىسى ساقچى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدىم. جۇجاڭ گۇڭپېيلى شىڭشىسەينىڭ شەرقىي شىمالدىق تۇققىنى ئىدى. مەن بۇنى بىزنىڭ ئۆيدە كۆپ ئۇچراتقانلىقىم ئۈچۈن تونۇيتتىم، مەن بىر ئاز رەنجىگەن ھالدا مېنى نېمىشقا قولغا ئالغانلىقىنى سورىدۇم. ئۇ تومتاقلا قىلىپ شۇنداق دېدى: دۇبەندىن تېلېفون كەلدى ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىسىدا سىز بىلەن ئازراق سۆزلەشمەكچى ئىكەن. ئامانلىقنى كۆزدە تۇتۇپ سىزنى بۇيەرگە ئېلىپ كەلدۇق، سىز بۇ يەرنىڭ قائىدىلىرىگە بويسۇنۇپ، ۋاقتىدا تاماق يەپ سالامەتلىكىڭىزنى ئاسرىشىڭىز كېرەك. ئىشىڭىز تۈگىگەندىن كېيىن مەن سىزنى ئۈزۈتۈپ قويىمەن. ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ بىر ئەسنىۋىدى، ئاغزىدىن كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان

ھاراق پۇرىقى كەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى پات - پات يۇمۇلۇپ قالاتتى، ئۆزى ناھايىتى روھسىز ئىدى.

مەن ئەسلىدە ئۆزەمنىڭ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىمنى ئۇنىڭدىن ئېنىق سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ مەس ھالىتىنى كۆرۈپ كۆپ سۆزلەشنى لايىق كۆرمىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي، ئۇنىڭ ئالدىدىكى جوزا ئۈستىدىن بىر پارچە گېزىتنى قولۇمغا ئالدىم. مېنىڭ ئوشتۇمتۇت قىلغان بۇ ھەرىكىتىم ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. بۇ دەرھال بېلىدىكى تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ماڭا تىكىلىپ بىردەم قاراپ تۇردى-دە، ئاخىرى يەنە ئۈگدەشكە باشلىدى. مەن ئازراق قىمىرلاپ قويسام ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ مېنى بىۋاستە نازارەت قىلىۋاتاتتى، مەنمۇ تاڭ ئاتقىچە شۇنداق ئولتۇرۇپ چىقتىم.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئېتىشىغىلا كۆك پىپىلى مېنى كامىرغا قايتۇرۇۋەتتى. تاماق ۋاقتىدا غەربىي ئىشىكتىن بىر تاۋاق سوك تامىقى ۋە ئازراقمۇ ماي دىدارى بولمىغان سەي شورپىسى ئېلىپ كىرىشتى. بۇ چاغدا مەن ئىچىمدىكى دەردىمنى زادىلا باسالمىدىم-دە، تاماق قاچىسىنى سەيلىرى بىلەن قوشۇپ كامىرنىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا چۆرۈۋەتتىم ھەم ئۇلارنى بۇزۇقلار دەپ ئاغزىمغا كەلگەنچە تىللىدىم. شۇ ئاخشىمى كۆك پىپىلى كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى-دە، ئادەم تىللاپ قاچىلارنى چاقتىڭ، كامىردىمۇ يۇۋاشلىق بىلەن ئولتۇرمىدىڭ دەپ ياغاچ پالاق بىلەن ئالقانلىرىم خۇددى بولكا ناندەك ئىششىپ كەتكىچە ئۇردى.



## 2 . مەخپىي سوت

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، كامىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، كۆك پىپىلى تولۇق قوراللانغان بېلىگە قىلىچ ئاسقان ھالدا كىرىپ كەلدى-دە، ماڭا كۆزلىرىنى ئالايتىپ: «يۈر، بۈگۈن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمىز، نەرسە - كېرەكلىرىڭنى تېز يىغىشتۇر» دەپ ۋاقىرىدى.

ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا بىر كىچىك ماشىنا توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دېرىزىلىرىگە پەردە تارتىلغان ئىدى. كۆك قوللىرىنى شىلتىغان ھالدا: «چاققان ماشىنىغا چىق!» - دەپ ۋاقىرىدى. شۇ چاغدا ماشىنا ئىشىكى ئېچىلىپ، ئورۇق بىر كاللا كۆرۈندى.

— شۇمۇ؟ - دەپ سورىدى ھېلىقى ئورۇق كاللا كۆكتىن.

كۆك باش لىڭشىتىپ قويۇپ، مېنىڭ ئارقامدىن ماشىنىغا چىقتى. پايىدا كىچىك نەنمىڭ تەرەپكە قاراپ يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن ماڭغاچقا، يولدا بىر ئات ھارۋىسىغا سوقۇلۇپ كېتىپ ئۇنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى، مەن كۆكنىڭ بېلىدىكى قىلىچقا قارىدىم-دە، ئىختىيارسىز بوينۇمنى سىلاپ قويدۇم، «باش كېسىلىش» دېگەن بۇ ئوقۇم، چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلۈمدىن كەچتى. ئاران يىگىرمە ياشقا كىرىپلا ھاياتىمنىڭ ئاخىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ قەلبىم خۇددى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولاتتى، دادام شىلىك ئۇلار تەرىپىدىن سەۋەبسىز قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ ئانام بىلەن سىڭلىم يىراق چېگرىغا پالاندى؛ مەن ياخشى كۆرگەن ياش موڭغۇل يىگىت مىڭمەنمۇ مەندىن مەجبۇرى

ئايرىۋېتىلىپ، يىراق ئالتاي تاغلىرىغا يوتكىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن كورۈشكە مۇمكىن بولمىدى. ئۇزەمنىڭ ئومۇرلۇك بەختىمۇ، بىر مەيدان سىياسى سودا جەريانىدا نابۇت قىلىندى. ئوزەم ئازار يىسەممۇ، يەتكىچە خورلۇق تارتسامۇ، يەنىلا ئومۇملۇقنى كوزدە تۇتتۇم، بىراق ئاخىرى يەنىلا شۇ جاللاتلارنىڭ قىلىچى ئاستىدىن قۇتۇلالمىدىم. قېنى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئازىراق لەززىتى ۋە ئەھمىيىتى؟ مۇشۇنداقلا ئولگۈنۈمدىن كوره جازا ئالدىدا نۇمۇسسىز قاراقچىلارنى پۇخادىن چىققىچە تىللاپ مەردانە ئولگۈنۈم ياخشى دىگەنلەرنى ئويلۇدۇم-دە، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئاخىرغىچە كۇرەش قىلىشقا تەييارلاندىم.

## 3. يېڭى بىر دۇنيا

ماشىنا توختىشى بىلەنلا ماشىنىدىن ئالدى بىلەن ھىلىقى ئادەم چۈشتى-دە، ئۇنىڭ: «ھەممىڭ كىرىپ كېتىش! قورو ئىچىدە ئادەم تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قورو ئىچىدىكىلەرنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، بىردانە يۇڭ ئەدىيال بىلەن بېشىمنى يوگىدى-دە، ئۇنى ئويگە كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن بېشىمدىن ئېلىۋەتتى. بۇ چاغدا بىر ئايال كېلىپ ھەممە يېرىمنى باشتىن ئاياق ئەستايىدىللىق بىلەن ئاختۇرۇپ چىقىپ، كىيىمىمگە قادالغان بىردانە ئىلگەكنى تېپىۋالدى-دە، ئۇنىمۇ يۇلۇۋېلىپ گۇڭ پېيىلگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ سەل تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن قول ئىشارىسى قىلىۋېدى، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ چىقىپ كەتتى.



ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازلار يوقالدى. ئوي ئىچىدە جىم-جىتلىق ھوكۇم سۇردى، مەن باشقا بىر يەرگە يوتكەپ كېلىنگەنلىگىمنى ھىس قىلدىم.

بۇ كىچىك نەنمىگىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان كاتولىك دىنى بۇتخانىسى بولۇپ، تىك تۇت بۇلۇڭلۇق چوڭ ئويلەر، قاڭشالتىرلىق ئوگزىلەر، ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە نۇرغۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ئويلەر كوزگە تاشلىناتتى. كارىدورنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى يالغۇز كىشىلىك ئويلەرنىڭ بەزىلىرى ئادەم سولايدىغان ۋاقىتلىق كامىر بولۇپ، شىمال تەرىپىدىكى بىر ئېغىزلىق چوڭ ئوي سوراقخانا ئىدى. ھويلا ئىچىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئارىلىرىدىن تۇتتەرەپتىكى ئىگىز تاملارنى كورگىلى بولاتتى. تام توپىسىدە پوسلار ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۇرەتتى.

## 4. تۈنجى قېتىملىق سوراق

ئاخشىمى مېنى سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىشتى، ئۇ يەردە ئۈچ نەپەر سوراقچى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلار خوباۋجىيەن، خېي گۇيىيەن، لىن شۇيسەي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئوپچۇرىسىدە يەنە تېخى ھەر ۋاقىت جازا قوللۇنۇشقا تەييار تۇرغان بىرنەچچە ئەسكەرلەر تۇرۇشاتتى، ئۇلار مەندىن: دۇڭ شاۋلىڭنى سەن قەستلەپ ئولتۇرگەنمىدىڭ؟-دەپ سورىدى. مەن بېشىمنى چايقىدىم، ئۇلار رەنجىگەن ھالدا يەنە مۇنداق دىدى: -سېنىڭ، داداڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، دۇبەنگە قارشى چىققانلىغىڭ، تىڭىپنى كوپ ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ دۇڭشاۋلىڭنى قەستلەپ ئولتۇرۇۋەتكەنلىگىڭ ناھايىتى ئېنىق!- مەن يەنىلا بېشىمنى چاي-

قىلدىم. ئۇلار ھەدەپ ئېسىلىۋېلىپ مېنى تولىمۇ زېرىكتۈرۈۋەتتى. ئاخىرى مەن سوسقىنا مۇنداق دېدىم:- سىلەر مېنى قەستلەپ ئۆلتۈردى دېسەڭلەر بوپتۇ، مەن ئۆلتۈرگەن بولاي.....

— سەن ئۇنى نېمە بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈردۈڭ؟-سورىدى خوجاۋجىيەن.

— زەھەر بىلەن.

-قانداق زەھەر بىلەن؟ سەن ئۇنى نەدىن تاپتىڭ؟

—دورا ماگىزىنىدىن سېتىۋالغان،ھىلىقى.....

—يالغان ئېيتىۋاتىسەن. قايسى دورا ماگىزىنى زەھەر سېتىشقا جۈرئەت قىلالايدىكەن؟ - ئۇلار بىر ئاز ئاچچىقلىنىشتى.

مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئوتتۇۋېلىپ شۇنداق دېدىم: - بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، بەربىر مەن قەستلەپ ئۆلتۈرگەن بولغاندىن كېيىن خۇننى تولەي، مېنى ئېتىۋەتسەڭلار بولىدىغۇ!

ئۇلار بىر پەس ياۋۇزلارچە ھىجىيىشتى،-ھى...ھى...ھى...، ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەنسەن. بۇ تازىمۇ مەرتلىك، بىلىپ قويغىنىكى، سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ ئالقىنىمدا، سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسام، ھىم، مانا مۇشۇنداق (ئۇ قولىنىڭ 5 بارمىقىنى جۈپلەپ، قاتتىق سىلكىپ قويدى) ناھايىتىمۇ ئاسان! بىراق سېنى ھازىر تېخى ئۆلتۈرۈش كېرەك ئەمەس، چۈنكى بىز سېنىڭ ئارقاڭدا تۇرۇپ يول كورسىتىۋاتقان ئادەمنى بىلمەكچى بولىۋاتىمىز. ئېيتە، ئارقا تىرىگىڭ كىم؟

بۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ مەن ئارقىلىق باشقىلارنى قەستلىمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى دەرھال ھىس قىلدىم. مېنى ھەممىدىن بۇرۇن غەمگە سالغىنى مەكتىۋىمىدىكى ئاشۇ كوممۇنىست ئو-



قۇتقۇچىلار ئىدى، ئۇلار مەن ئۈچۈن قەدىرلىك كىشىلەر، مەن ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەسلىكىم كېرەك. دىگەنلەرنى خىيالىمدىن ئوتكۇزدۇم-دە، دەرھال بىر قارارغا كەلدىم. شۇڭا مەن ھىچقانداق ئارقا تېرىگىم يوق، دەپ تۇرىۋالدىم. ئۇلارمۇ بەك چىڭ تۇرىۋالغاچقا كېيىن مەن: — سىلەر بەكمۇ سوراپ تۇرىۋالدىڭلار، بوپتۇ، ئېيتىپ بېرەي، - دېدىم.

— كىم؟ كىم؟- بىر قانچىسى تاقەتسىزلىنىپ ئارقا - ئارقىدىن ۋاقىراشتى.

— ۋاڭ خۇڭساۋ،- دېدىم مەن.

— ۋا...ڭ، - خوجاۋجىيەن ئۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپتە:

— جويلىمە! دەپ ۋاقىراۋەتتى. ئاندىن قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە بۇيرۇپ مېنى تازا دۇمبالاتقاندىن كېيىن، كامىرغا ئاپىرىپ قويۇشتى. ۋاڭ ئوزى كىم بولىدۇ؟ ۋاڭ — شىڭ شىسەينىڭ ئايالى چيۇ يۇفاڭنىڭ يېزنە ئاتىسى بولغاچقا، ئۇلار ئەلۋەتتە ئىشەنمەيدۇ - دە.

## 5. ئايال مەھبۇس ئەن يۇڭې

بۇ يېڭى كامىردا ئەن يۇڭې ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدا، چىرايى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، ئاق پىشماق، قاش-قاپاقلىرى كېلىشكەن بىر ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 2 بالىسىمۇ بولۇپ، 6 ياشلىق قىزىنىڭ ئىسمى پاڭ پاڭ، 4 ياشلىق ئوغلىنىڭ ئىسمى گۇۋا ئىدى، ئانا - بالا ئۈچەيلەن بىرقوش كىشىلىك كارۋاتتا يېتىپ قوپاتتى. ئۇنىڭ ۋەزىيىتى-ھەركۈنلىگى

كامېردىكى تەرەت قاچىسىنى خالاغا ئاپىرىپ تۆكۈش، كامېر ئىچىنى تازىلاش، ماڭا چاي - تاماق توشۇش ۋە باشقا پارچە-پۇرات ئىشلارنى قىلىش ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەپ بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قالدىڭىز؟ بالىلىرىڭىزنىڭ دادىسى قەيەردە؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ بېشىنى چايقاپ: ئۇ ئىشلارنى سىزنىڭ سورىمىغىنىڭىز تۈزۈك، مەن جىنايەتچى ئىشچىمەن. تۈرمىدە جىنايەتچى نامى بىلەن خىزمەت قىلىمەن. مەن بۇ يەرگە سىزدىن خېلى ئىلگىرى كەلدىم. بىلىدىغىنىم سىزدىن كۆپ، يېشىممۇ سىزدىن چوڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سىز مېنى ئەن ھەدە دېسىڭىز بولىدۇ - دېدى.

بۇ „ئەن ھەدە“ نىڭ پوزىتسىيىسى سەممىي، يېقىملىق بولۇپلا قالماستىن، كىشىگە كۆيۈمچان ۋە مېھرىۋان ئىدى. ھەمدە ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئايال ئىدى. ئۇ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەرلەرنى باشتىن - ئاخىر ياتقا ئېيتىپ بېرەلەيتتى ۋە دىكلىماتسىيە قىلىش، ناخشا ئېيتىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇ بىرەر كىتاپ ئۈستىدە سۆزلىگەندە ئۇنى قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ جانلىق سۈرەتلەپ بېرەتتى. بىرەر ئىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە تولۇق ئاساس بىلەن ئىنچىكە تەھلىل قىلاتتى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «غەربى قەسىر خاتىرىسى»، «ئەينەك بىلەن گۈلنىڭ قوشۇلۇشى» دېگەن كىتاپلارنى مەن ئەزەلدىن كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان ئىدىم، كامېردا ئۆتكەن بىرنەچچە ئاي جەريانىدا مانا شۇ „ئەن ھەدە“نىڭ سۆزلەپ بېرىشى بىلەن كاللامدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ ئىپادىلەپ بېرىش ئىختىدارى كۈچلۈك، ھەركەتلىرىنى ناھايىتى جايىدا ئوخشىتالىغى ئۈچۈن، كۆزۈمنى يۇمسامىلا جىيا، لىنلارنىڭ مەجنۇنلىقى، جاڭ،



سۆيلەۋىنىڭ شاللاقلىقى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. «ئەينەك بىلەن گۈلنىڭ قوشۇلۇشى» نىڭ ۋەقەلىكى خۇددى ئايلانما كارىدوردىن كۆرۈنگەن گۈزەللىكتەك ئەگرى - توقاي، ئاجايىپ نەپىس بولۇپ، كىشىگە چەكسىز مەنىۋى ھوزۇر بېغىشلاپ، قەلبىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر قوينىغا باشلاپ كىرەتتى. ئەن ھەدە بۇنچىلىك پۇختا بىلىم ۋە يۇقۇرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قانچە يىل ۋاقىت سەرىپ قىلغاندۇ؟ مېنىڭچە ئۇ قولىغا قەلەم ئالسا ئەدىپ، سەھنىگە چىقسا ئەرتىس بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئىدى. تونۇشۇش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ مەن بىلەن دوست بولۇشى مېنى زېرىكتۈرمەيلا قالماستىن بەلكى روھىي ئازاپلىرىمنىمۇ يېنىكلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ لىن دەييۈي دەۋرىدىكى نىكا ئەركىنلىكىنىڭ بولمىغانلىقىدىن زارلىنىشى مەندىكى ئورتاق ھېسسىياتنى قوزغاپ، ئىچكى جاراھەتلىرىمنى قايتا ئېچىشتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئۆزبىلىپ ھەممە گەپلىرىمنى ۋە نۇرغۇنلىغان يۈرەك سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تولىقى بىلەن سۆزلەپ بەردىم. „ئوخشاشلا جاھاننىڭ سەرسانى تۇرۇپ، قانداقمۇ تارتىنىسۇن، دەسلەپ ئۇچرۇشۇپ؟“. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئۇچراتقان دوستتىن مەن قانداقمۇ ياتسىراي؟!

## 6. قايتا سوراق قىلىش ۋە قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش

مەن 2 ھەپتە ئىچىدە بەش نۆۋەت سوراققا تارتىلدىم. ھەر قېتىمقى سوراقتا ئېيتقانلىرىم ئوخشاش بولمىغانلىقى

ئۈچۈن قاتتىق دۈمبالاندىم. بەشىنچى قېتىم سوراق قىلىنغاندا پۈتۈن بەدىنىم تاياق دەستىدىن ئىششىپ كەتتى. ئىككى ساقچى مېنى كامىرغا سۆرەپ ئەكىرىپ يەرگىلا تاشلاپ قويۇشتى. ئەن ھەدە بۇرۇنقىدەكلا مېنى يۆلەپ كارۋاتقا ياتقۇزدى-دە، يارىلانغان جايلىرىمغا دورا سۈرۈشكە باشلىدى. مەن ئاغرىققا چىدىيالماي كۆزلىرىمنى چىڭ يۇماتتىم ۋە ئىڭراپ قوياتتىم. بۇنداق چاغدا ئەن ھەدە ماڭا تەسەللى بېرىپ: «ئازراق بەرداشلىق بېرىڭ، ھازىرلا سۈرۈپ بولىمەن» -دەيتتى-دە، دورىنى تېخىمۇ يېنىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۈرۈشكە تىرىشاتتى، بىراق ئادەمنىڭ گۆش ۋە تېرىسى يۈرەك بىلەن تۇتاش بولغاچقا، ماڭا لىۋىمنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

ئەن ھەدە مېنىڭ جازاغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىمنى كۆرگەندە، ماڭا نەسىھەت قىلىپ: «شى سىڭلىمەي، سەن مۇنداق جاھىللىق قىلىۋەرسەڭ بولمايدۇيەي، بۇ يەرگە كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدىن ئوندىن بىرى ئاران دىگەندە ساق چىقالايدۇيەي، سەندەك بىر ئاجىز قىز ئۇياقتا تۇرسۇن، پولاتتەك مەزمۇت ئوغۇل بالىمۇ بۇ ئازاپقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇيەي» دەيتتى. ئۇ كامىردىكى قان داغلىرى يۇققان بىر كارۋاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەنە: «قاراڭ ئەنە شۇ چىڭ شۈيىڭنىڭ كارۋىتى، ئۇ مانا شۇيەردە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن» -دىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى شىڭ شىچى بىلەن سىياسى كۆزقاراشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى قانداق قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە بۇ جىنايەتنى ئۇنىڭ ئايىلى چىڭ شۈيىڭغا دۆڭ-



گەش بىلەن ئۇنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئاغزىنى ئەتكەنلىكىنى بىلدىم. مانا بۇ بىر مەزگىل داغ-دۇغا پەيدا قىلغان «چىڭ شۈيىڭ ئەنزىسى» نىڭ ئەسلى قىياپىتى. بۇ ۋەقەلەر كىشىنى شۈركەندۈرەتتى. مەن ئەن ھەدىدىن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۆتۈنۈپ سورىدىم، ئەن ماڭا مۇنداق دىدى: «خېنىم سىزگە شېرىكىڭىزنى تاپشۇر، دەۋاتىدۇ. سىز تاپشۇرماي قۇتۇلالمايسىز، ئەمدى ھەرىدىنى تاپشۇرۇپ قۇتۇلۇۋېلىش كېرەك» مەن: ھەرىدىن دادامنىڭ ئوقۇغۇچىسى، مەن ئۇنى سەۋەپسىز قەستلىسەم بولمايدۇ- دىدىم. ئەن ماڭا مۇنداق دىدى: «سىز تېخىچە قاپاقنىڭ ئىچىدە كولدۇرلاۋاتىسىز، دادىڭىزنىڭ ئۈستىدىن مەخپى مەلۇمات بەرگەن كىشى دەل ئاشۇنىڭ ئۆزى. ئۇ ماڭا يەنە، مامۇت شېجاڭنىڭ دادامغا يازغان خېتى ئالدى بىلەن ھەرىدىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى، ھەرىدىن ئۇ خەتنى دادامغا تاپشۇرماي بىۋاستە شىڭ شىسەيگە ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئەن ھەدىدىن بۇنى قانداق بىلىسىز؟ -دەپ سورىدىم. ئۇ شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن ئاڭلاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئەن ھەدە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەن ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە بىلىمىگە چوقۇناتتىم. ئۇنىڭ مېھرىۋان ئاق كۆڭۈللىكىگە زوقمەن ئىدىم. شۇڭا ئۇ نىمە دىسە شۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دىگەن سۆزىدىن چىقماي كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرىدىنىڭ دادامنى قەستلىگەنلىكى، مېنىڭ قاتتىق غەزىۋىمنى كەلتۈردى. شۇڭا مەن كەسكىن ھالدا ھەرىدىنى دۆڭ شياۋلىڭنى ئۆلتۈرۈشتىكى شېرىكىم دەپ تاپشۇردۇم. ۋەقەلىكنىڭ بىر پۈتۈن جەر-

يانى ئەن ھەدىنىڭ توقۇپ بەرگىنى بويىچە بولدى. مەن ھەردىنىنى شېرىگىم دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن قايتا سوراققا تارتىلمىدىم. تىل - تاياقمۇ قايتا ئۇچرىمىدىم. 2 ھەپتىدىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈنى بىر ئېغىزلىق يالغۇز خانىغا چاقىرىلدىم. ئۇ يەردە پەقەت لىن شياۋ سەيلا بار ئىدى، ئۇ مەندىن خەنزۇچە ماتېرىيال يازالامسەن؟ - دەپ سورىدى، مەن قىينالمايمەن، دېدىم، ئۇ مېنى ئۇزەڭ يازمىساڭمۇ بولىدۇ. يېزىپ تەييارلاپ قويغان نەرسىنى بىر قاتار كۆچۈرسەڭلا بولىدى. بۇ سېنىڭ ئىقرارىڭنىڭ خاتىرىسى دېدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆتكەنكى كۆپ قېتىملىق سوراق جەريانىدا ئۇلارنىڭ خاتىرە يازغانلىقىنى پەقەت كۆرمىگەن ئىدىم، مەن ھېلىقى نەرسىنى قولۇمغا ئېلىپ باشتىن - ئاخىر بىر نۆۋەت كۆرۈپ چىقتىم - دە، بۇنىڭ لىن شاۋسەينىڭ ماڭا ۋاكالىتەن يېزىپ تەييارلاپ قويغان ماتېرىيالى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاساسىي مەزمۇنى: مەن دادامنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن شىلىكنىڭ شەخسى كاتىۋى كېيىن خوشۇت ناھىيەسى تۇرباتا جەنۇبىي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولغان ھەرىدىن بىلەن بىرلىشىپ، يولدۇشۇم دۇڭ شياۋ لىڭنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىمىز، مەقسىتىمىز ئىشقا ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ ئاغزىنى ئەتكەنلىكىمىز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەر توغرىسىدا مەن بۇرۇن ھېچنەرسە دېمىگەن ئىدىم، بىراق باشتىن - ئاياق ھەممىسى بۇرۇن ئەن ھەدە بىلەن مەخپى مەسلىھەتلەشكىنىمىزدىكىگە ئوخشايتتى. لىن بۇلارنى قانداق بىلسۇن؟ ياكى ئەن ھەدە ...؟ بۇ چاغدا خۇددى بېشىمدىلا چاقماق چېقىلغاندەك بول-



دى. «ئەن ھەدە» ئەسلىدە مېنىڭ يېنىمغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاسۇس ئىكەندە! بۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئىش ئىدى.

ئەن ھەدىدەك مۇنداق سىرلىق ئىنسان ئالدىدا مېنىڭ ئىدىيەۋى ھىسياتىمدىمۇ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. مەن گەرچە ئۇنىڭ كىتاپلاردىن سۆزلەپ بېرىشىنى ۋە ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئاڭلاۋاتقاندەك قىلسامۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ئىخلاسىمنى يوقاتقان ئىدىم. ھەمدە ھەمىشەم گۇمانلىق قاراشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدىن نىمىدۇر بىر نەرسىنى ئاختۇراتتىم، ئۇنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ھەدەپلا قوياتتىم ياكى بۇرۇنقىدەك ئۇنى-بۇنى سورايتتىم، ئەن ھەدە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتىمۇ نېپىز كۆرۈنمەس بىر خىل پەردە ئورۇن ئالدى. ئەن ھەدە بۇنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىز كۆڭلىمىزدىكىنى ئاشكارىلىمىغاچقا گەپنى ئۇچۇق ئېيتىش بىئەپ ئىدى. مەن پەقەت كېيىنلا «ئەن ھەدە» نىڭ ئەسلىدە شىڭ شىسەي قورچاق ساقچى ئورگىنى ئىككىنچى بولۇمىنىڭ شاۋشاۋ دەرىجىلىك كەسپىي ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

## 7. يەنە بىر ئايال مەھبۇس

1942 - يىلى 5 - ئاي ئىدى. خو بۇجيەن يەنە بىر ئايال مەھبۇسنى ئېلىپ كەلدى. بېشىغا يوگەلگەن رەختنى ئېلىۋەتكەندىلا ئاندىن مەن ئۇنىڭ قىزلار مەكتىۋىدىكى ساۋاقدىشىم جاڭ يۈجىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ مېنى تونىدى. بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. مەن ئەن ھەدىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقىم ئۈچۈن كۆزۈم ئارقىلىق تونۇشلۇق بەر-

مەسىلىكىنى ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭ سوئال سوراقلىرىنى توختىتىپ قالدىم.

جاڭ 2 - كۈنى سوراققا تارتىلدى، سوراق 2 - 3 ھەپتىدىن كېيىن ئاخىرلاشتى. ھەرقېتىم سوراقتىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قوللىرى تاياقتىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن بولاتتى. ئەن يېنىمىزدا بولغاچقا، جاڭ بىلەن ئوبدانىراق پاراڭلىشىش ئەپسىز ئىدى. شۇڭا ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىچە مۇناسىۋەتتە بولدۇم.

جاڭنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىش سەۋەبى ماڭا ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. لېكىن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ مۇنداق سەرگۈزەشتىلىرىگە قارىتا دەسلەپكى مۆلچەرىم بار ئىدى.

1939 - يىلى جاۋدەن، شاۋتاۋ، ۋاڭ ۋېيىي، جۇ جىمىن قاتارلىق يولداشلار شىنجاڭغا كېلىپ، بىرىيىل بۇرۇن شىنجاڭغا كەلگەن يۈسۈن، بەنجاڭدا قاتارلىقلار بىلەن „سىناق تىياتىر ئۆمىكى“نى قۇردى ھەمدە مەدەنىيەت كۇرسىنى تەسىس قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش مۇدىرى جۇ دەنخۇا (ماۋ زېمىننىڭ ئايالى)، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى رىن گۇاڭيۈن ۋە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى لىيۇمېيەن قاتارلىقلار كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. شۇڭا ئىلغار مەدەنىي پائالىيەتلەر قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى، مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار قوشۇننى كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاش ئۈچۈن، نيوياڭگار ئويناش، ناخشا ئېيتىش ئەترەتلىرىنى تەشكىللىدى، «گۈلدۇرمامىلىق يامغۇر»، «كۈننىڭ چىقىشى» قاتارلىق دىراممىلارنى



ئويناپ چىقتى. ئىنقىلاۋىي نەزىرىيىلەرنى ئۆگىنىپ، كوممۇنىستىك ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلدى. بۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

شىڭ شىسەينىڭ قىزى شىڭ كېچىن قىزلار مەكتىپىدە دىراممىلارغا رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقان كوممۇنىست يۈسۈننى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. لېكىن يۈسۈن شىڭ كېچىننى ياخشى كۆرمەي ئەكسىچە قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى جاڭ يۈجىننى ياخشى كۆرۈپ قالدى. جاڭ گۈزەل قىز بولۇپ، ئۇنىڭ نازاكەتلىكى كىشىنى زوقلاندۇراتتى؛ يۈسۈنمۇ ئالىي خىسلەتلىك بولۇپلا قالماستىن، تالانتلىق ئىدى. كىشىلەرگە تۈز كۆڭۈل ۋە ساداقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، جاڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىڭ كېچىن كۆڭلىدە ھەسەت ساقلايتتى.

1942 - يىلى شىڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، سوۋېتكە قارشى، كومپارتىيىگە قارشى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ كوممۇنىستلارنى زور تۈركۈمدە قولغا ئېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىلغار زاتلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلدى. جاڭ يۈجىننىڭ كوممۇنىست يۈسۈن بىلەن ئەنە شۇنداق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلا چېتىلىپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ كېچىننىڭ مەخپىي مەلۇمات بېرىشى قوشۇلۇپ ئىبلىسلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشى تېخىمۇ تەس ئىدى.

جاڭ يۈجىن شىمالىي باغچىنىڭ كەينىدىكى ۋاقىتلىق تۈرمىدىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ چېشقان يارىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ باشقىلار-

نىڭ ئەسلىدىكى تۈرمىدىن ھەممىشە دورا ئەكىلىپ بېرىپ تۇرۇشىغا مۇھتاج ئىدى. مەلۇم بىر كۈنى، بىرەيلەن دورا يەتكۈزۈپ بەرگەن ۋاقىتىدا يەنە بىر بوپا ئەسكى كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر توقاش سوپۇن بار ئىكەن. مەن جاكنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى رەتلىگەن ۋاقتىمدا، جاك سوپۇننىڭ ئىچىدە يوشۇرۇلغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئىشارەت قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئېلىپ كورۇش قولايسىز ئىدى، شۇڭا مەن كەچقۇرۇن ئەن يۈكيى ئۇخلىغىچە كۈتۈپ ئاندىن سوپۇننىڭ ئىچىدىن پۈكلەنگەن بىر پارچە قەغەزنى ئالدىم. خەت ناھايىتى ئۇششاق يېزىلغان بولۇپ، غۇۋا چىراق نۇرىدا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا ئىككىنچى كۈنى خالاغا كىرىپ ئوغۇرلۇقچە كوردۇم. بۇ يېزىۋنىڭ جاك يۈجىنگە يازغان بىر پارچە مەخپىي خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھال - ئەھۋال سورىغاندىن باشقا يەنە جاكنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، كېسەل ئۈستىدىن غالىپ كېلىشى، دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىت ۋە سوراقلىرىنى بەربات قىلىشى، غەلىبىلىك ئۆچرىشىدىغان كۈنلەرنى كۈتۈشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىلھام بېرىلگەن سوزلەر بار ئىدى. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا تۇرۇپ، يەنە شۇنداق خەتلەرنى يازغانلىقى ھەقىقەتەن چوڭ يۈرەكلىك ھەم قارامىلىق ئىدى! ئەگەر ئۇلار تاسادىپىي بۇ خەتنى سېزىپ قېلىشسا بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايتتى. شۇڭا بۇنىڭدىن ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن خەتنى جەزمەن يوقىتىۋېتىش كېرەك ئىدى. قانداق يوقىتىش كېرەك؟ كويدۈرۈۋېتىش قولايسىز. ھاجەتخانىغا تاشلىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. شۇڭا ئويلا - ئويلا ئاخىرى ئىككىمىز ئۇنى بولۇشۇپ يۇتىۋەتتۇق.



## مەخپىي سوتقا بىر نەزەر

جاڭ يۈجىننى سوراق قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىزگە قىلىدىغان ئىش قالمىدى. ئەن يۈكيېڭ ھېكايە ۋە ۋەزىيىتىشقا ئەمدى قىزىقمايدىغان بولدى. بىزنىڭ دىققەت ئېتىۋارىمىزنى بىر يەرگە يىغىشىمىز، بىكار ئولتۇرۇپ قالايمىقان خىياللارغا بېرىلمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ئەن يۈكيى، خۇ باۋجيەننىڭ خوتۇنى ۋەباللىرىنىڭ كىيىملىرىنى ئەكىلىپ ماڭا تىككۈزۈشكە باشلىدى. جاڭ يۈجىننى بولسا پۇفايكا توقۇغىلى سالدى.

بىزنىڭ ئىككى قولىمىز گەرچە ئىش بىلەن بەنت قىلىنىغان بولسىمۇ، كاللىمىز يەنىلا پىكىر قىلىشتىن توختىمىدى. جاڭ يۈجىننىڭ كامېرغا كېلىشى، مېنىڭ پىكىر ھېسسىياتىمنى يېڭىلىدى. ئەمدى مەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ۋە «غەربىي قەسىر خاتىرىسى» دىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۇنداق ھېس تۇيغۇلارغا بېرىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇم. جاڭ يۈجىن ئىككىمىز قىزلار مەكتىپىدىكى ئوتتەك قىزىق ئالتۇن دەۋرلىرىمىزنى قايتا ئەسلىدۇق. دىرامما قويغانلىرىمىز، نوياگگور ئوينىغانلىرىمىز، كوچا تەشۋىقاتلىرىمىز، بىزنى لىن داۋجىڭنىڭكىدەك دەۋرلەر مەنزىرە قوينىغا ئېلىپ كەتتى. بەزىدە بىز تاقەتسىزلىنىپ پەس ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشاتتۇق، ئۇ ۋاقىتلاردا دائىم غىڭشىپ ئېيتىدىغىنىمىز، ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن: „ھەر كېچە كىرەر جاڭنەن چۈشۈمگە“ دىگەن ناخشا ئىدى.

ئۇنىڭدا: „تۈنۈگۈن چۈشۈمدە كورسەم جاڭنەننى،
رەڭمۇ رەڭ گۈل چېچەك ئېچىلىپ كەلگەن،
ھە بۈگۈن چۈشۈمدە كورسەم جاڭنەننى،
سۆگەكلەر تاغ بولۇپ دۆۋىلىنىپ كەتكەن....“

دىگەن مىسرالار بار ئىدى. بەزىدە بىز ئەنيوگىنى، ۋاي ئىسىت! مۇشۇنداق چىرايلىق ۋە بىلىملىك بىلەن دۇشمەنگە سېپتىلىپ كەتتىڭمۇ دەپ كىنايە قىلىشاتتۇق. بۇ ئارقىلىق بىز جۇڭگولۇق ئۇچۇن ئېيىتقاندا ۋەتەننى سۆيىدىغان قەلب، مىللى غورور، ئۇچۇق - يورۇغلۇق ۋە ئىگىلمەس - سۇنماس روھ بولىشى، فاشىستلار ۋەتەننىڭ تاغ دەريالىرىنى يۇتمۇۋېلىشقا جېنىنىڭ بېرىچە ھەركەت قىلىۋاتقان ھايات - ماماتلىق پەيتتە، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۇشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆز ئارا پىچاق كوتۇرۇشمەسلىكى، ئۆز ئارا قىرغىن قىلماسلىقى كېرەك ئىدى - دىمەكچى ئىدۇق. شۇنىڭ ئۇچۇن جاڭيۇجىن، ساۋزىجيەننىڭ مۇنۇ شېرىنى يادلايتتى.

قويماقچى پۇرچاقنى قاينىتىپ، دۇملەپ،
ئالماقچى شىرنىنى ئۇندىن تۇجۇپىلەپ.
ۋەلېكىن پورچاقلار نالىلەر قىلىپ،
ئاقمۇەت ئوچاقتا كەتمەكتە كويۇپ.
ئەسلى بىر پىلەكنىڭ خەمىگى تۇرۇپ،
نەھاجەت ئۆز ئارا قىيناش يات كورۇپ.

ئەن بۇنى ئاڭلاپ خىجالەتچىلىكتە ئىختىيارسىز ئوكسۇپ يىغلاپ كەتتى - دە، يېڭىدىن ئادەم بولۇش ئىرادىسىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېتراپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا بىز ئۇنىڭ ساقچى ئىدارىسى 2 - باشقارمىسىنىڭ شاۋشاۋ دەرىجىلىك كەسپى ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىزگە بۇ يەردىكى «مەخپى سوت»، يەنى «شىنجاڭ مەخپى سوت ئىجرائىيە كومىتېتى گورۇپپىسى»نى تونۇشتۇردى. ئەسلىدىكى بۇ گۇ-



رۇپپا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرمىسىدە بولۇپ، 1941 - يىلى 3 - ئايدا كىچىك نەنمىن سىرتىدىكى گېرمانىيە كاتولىك دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىغا كوچۇپ چىققىدۇ، بۇ جاي تېلېفون نومۇرى بويىچە 137 - نومۇر دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىلىرى، مەسىلەن: 1 - تۈرمە 115 - نومۇر، 2 - تۈرمە 194 - نومۇر، 4 - تۈرمە 235 - نومۇر دەپ ئاتىلىدۇ. شىڭ شىسەي قولغا ئېلىنغان بارلىق كوممۇنىستلارنى 2 - تۈرمىگە سولاپ قوياتتى، يوسۇن قاتارلىقلارمۇ ئاشۇ تۈرمىدە بولىشى مۇمكىن ئىدى. 137-، 115-، 194-، 235 - نومۇرلارنىڭ ھەممىسى شىڭ شىسەي مەخسۇس سىم ئارقىلىق بىۋاستە سوزلىشەلەيدىغان تېلېفون نومۇرلىرى ئىدى. كاتولىك دىنى ئىبادەتخانىسىدىكى 137 - گۇرۇپپا مۇتلەق مەخپى تەشكىلات بولۇپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن بارلىق جىنايەتچىلەرنىڭ باشلىرىنى - ئىشانىنى ۋە ئورنىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دەرىجىدە يوگەۋىتەتتى. بۇ گۇرۇپپىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى، شىڭ شىسەي بىۋاستە ئۆزى بەلگىلىگەن يېقىنلىرىدىن ئىدى. ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپىدىكى مۇھىم كىشى بولغان خۇباۋجيەن شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي - شىماللىق يۇرتداشلىرىدىن بولۇپ، ئۇزئارا تۇققان كېلەتتى ۋە شىڭ شىسەينىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى ئىدى. خې گۇيىيەن بىلەن لىن شۇسەيلەر خۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بولاتتى. مەن ساقچى ئىدارىسىدىن بۇ يەرگە يوتكەپ كېلىنگەن ۋاقتىمدا، كىچىك ماشىنىدىن بېشىمنى چىقارغان ھىلىقى ئاۋاق شۇ لىن شۇسەي ئىكەن. بۇ ئاشۇ گۇرۇپپىدا كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان بولۇپ، مەخسۇس جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرارىنى خاتىرلەيتتى ۋە رەتلەيتتى.

3 كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىكىدە 20 دىن ئارتۇق مۇھاپىزەتچى ئەسكەر بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى جىنايەتچىلەرنى ئىقرار قىلدۇرۇشقا ۋە جازالاشقا ھەمكارلىشىش، نۆۋەت بىلەن پوستا تۇرۇش، كامىرغا قاراش، گۇرۇپپا خادىملىرى ۋە مەخپى سوتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش، پاكىزلىقنى ساقلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

137 - نومۇر، 1941 - يىلى «چىن شۈيىڭ ئەنزىسى» ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئايال جىنايەتچىنى سوراق قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇڭا ئەن يۈگېنى ئالاھىدە يۆتكەپ كېلىپ جىنايەتچى خىزمەتكار نامى بىلەن ئاياللار كامىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئىككى بالا ئارقىلىق ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىمكان قەدەر ئايال جىنايەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىش، ئىگەللىگەن ئەھۋاللار توغرىسىدا 3 كىشىلىك گۇرۇپپىغا مەخپى مەلۇمات بېرىش، شۇ ئارقىلىق سوراققا ئاستىرتتىن ھەمكارلىشىش ئىدى. 137 - مەخپى سوتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەخپىيەتلىكنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئىنتىزام ۋە تۈزۈملەر ئورنىتىلغان. مەسىلەن: خۇ باۋجيەن مەخسۇس سىم يولى ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە ئەھۋالنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ ۋە يوليورۇق سورايدۇ. سوراقنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالىغا قاراپ، شىڭ شىسەي بىۋاستە ھوكۇم چىقىرىدۇ؛ 137- نىڭ خادىملىرى خالىغانچە سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلگەندە، 2 - 3 ئادەم بىللە بېرىپ بىللە قايتىشى، ھەر قېتىم سىرتقا چىققان ۋاقتى 2 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ 3 كىشىلىك گۇرۇپپا



ئەزالىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ئەنزە توغرىسىدا سۆزلىشىشى مەنئى قىلىنغان. سوراق قىلىنغۇچى سىرتتىكىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر، تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن تۈرمە ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىدۇ.

مەن 137 - نومۇرلۇق مەخپى تۈرمىگە بىر يىلغا يېقىن قامالدىم. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش ۋە ھېيت بايرام قىلغانلىقلىرىنى كورمىدىم. سوراق كېچە - كۈندۈز توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلاتتى. كۈندۈزى ئاياللار سوراق قىلىنسا، كېچىسى ئەرلەر سوراق قىلىناتتى. بىر ئەنزە ئاخىرلاشسا يەنە بىر ئەنزىگە تۇتۇش قىلاتتى. بىز كېچىلىرى يېتىپ قالغاندىن كېيىنمۇ، ھەمىشە سوراقخانىلاردىن كەلگەن ھەرخىل ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە خۇباۋجيەننىڭ غەزەپلىك ۋارقىراشلىرى، سوراق قىلىنغۇچىنىڭ ئېچىنىشلىق چىقىراشلىرى ئاڭلىنىپ، بىز قۇلىقىمىزنى ئېتىپ، بېشىمىزنى يوگىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتۇق. بۇ ئاۋازلار بەزىدە يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشسا، بەزىدە تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشاتتى.

مەن 1941 - يىلى 8-ئايدا بۇ جايغا ئېلىپ كېلىنىپ، 1942- يىلى 6 - ئايدا جاڭ يۈجىن بىلەن بىرگە 2 - تۈرمىگە يۆتكىۋېتىلدىم. بۇنىڭ بىلەن بۇ جايدىكى سەرگۈزەشتىلىرىم ئاخىرلاشتى. 2 - تۈرمىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئايرىم يېزىپ چىقماقچىمەن.

# شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى ھاياتتىن پارچە

لاڭداۋخېڭ

1937 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا گو شىلياڭ بىلەن مەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىندۇق. ئۇ ۋاقىتتا ھەممە كىشى تەشۋىش ئىچىدە قالغان بولغاچقا، ئىشىك ئالدىدا بىرەر ماشىنىنىڭ توختىغان ئاۋازى ئاڭلانسىلا جىددىيلىشىپ كېتەتتى. ئەگەر ئىشىك قاققان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالسا، قولغا ئېلىنىدىغان مەن دەيتتى. كەلگەن كىشىلەر گوڭئەن گۈەنلىچۈنىڭ پۇقراچە كىيىنگەن تاپانچا ئاسقان ئادەملىرى بولۇپ، ئەگەر قولغا ئېلىنىغۇچىنىڭ قورالى بولمىسا ئۇلارمۇ قورال چىقارمايتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا دۈبەن سىزنى تەكلىپ قىلدى، دەيتتى. ئادەتتە دۈبەن تەكلىپ قىلىشقا سالاھىيىتى توشمايدىغانلارغا نىمە دەيدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم، قىسقىسى ئۇلارنىڭ قولىدا قولغا ئېلىش قەغىزى بولمىسىمۇ قولغا ئېلىنغۇچىلار يۇۋاشلىق بىلەن ماڭماقتىن باشقا ئامالنىڭ يوقلۇغىنى ئېنىق چۈشىنەتتى.

شىڭ شىسەي كىشىلەرنى تۈركۈملەپ قولغا ئالغاندا تۈرمە ئۆيلىرى يېتىشمىسە ئادەتتىكى ئۆيلەرنى تۈزەشتۈرۈپ قاماقخانا قىلاتتى. مەسىلەن: مېنى ج. خ باشقارمىسى گوڭئەن



گۈەنلىچۈنىڭ ماشىنا قويىدىغان ئۆيىگە قامىغان ئىدى. ئۆي ئىچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سۇپا قىلىپ توشەكلەر تاشلىناتتى. تاشقىرىغا پوس قوياتتى. ئۈرۈمچىدە دۈبەن مەھكىمىسىدىكى ئالاھىدە تۈرمىدىن باشقا بەش ئورۇندا تۈرمە بار ئىدى. بىرىنچى تۈرمە نەنمىننىڭ ئىچىدە لوۋېنلۇگىنىڭ بىرۇنقى قوروسى، ئىككىنچى تۈرمە شىمىن ئىچىدىكى كونا تۈرمە، ئۈچىنچى تۈرمە ج. خ باشقارمىسىدا، تۆتىنچى تۈرمە ۋاڭيە مياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئارقىسىدا، كېيىن بۇ تۈرمىنىڭ سىرتىدىكى ھويلا تەپتىش باشقارمىسىنىڭ ئىشخانىسى بولدى. ئىچىدىكى ھويلا يەنىلا تۆتىنچى تۈرمە ئىدى. بەشىنچى تۈرمە مەنچىڭدە ئەسلىدىكى موڭغۇل مەنخەن ۋاڭىنىڭ مەھكىمىسى ئىدى. كارۋات يېتىشمىسە، يەردە يېتىۋېرەتتى.

ماشىنا قويىدىغان ئۆيدە گو شىلياڭ بىلەن ئىككىمىز بىرگە ياتتۇق، بىزدىن باشقا يىگىرمىدىن كۆپرەك كىشى بار ئىدى. كۈندۈزى پاراڭ كۈلكە بىلەن ئازاپ بىلىنمەيتتى. كېچىسى ئۇيقا كەلمەي تۈرلۈك خىياللارغا بېرىلىپ قاچان تاڭ ئاتا دەپ ئازاپلىناتتۇق. ھەر كۈنى ئىككى ۋاقلىق تاماق جىڭمۇما ئىدى. بەزىلەر جىڭمومىدىن ماجاڭ ياساپ ئويناپ ئىش پۇشقىنى چىقىرىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئارىمىزدا بىر كىشى بار ئىدى (ئىسمى ئېسىمدىن چىقىپتۇ) كۈندە كەچقۇرۇنلىقى ئۇنى چاقىرىپ كېتەتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئەكىرىپ قوياتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنىش ئەھۋالى ۋە قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنى ۋەزىپىلىرىنى سورىساق تاغدىن - باغدىن سوزلەيتتى. ئۇ قىلچىمۇ ئازاپلىق ھىس قىلماستىن باشقىلارنىڭ سوزلىرىگە قىزىلاق سالاتتى. ھەممەيلەن ئۇنى ئىشپىيون دەپ بىردەك يېقىن-

لاشمايدىغان بولدۇق. شىڭ شىسەيىنىڭ ئىشپىيونلىرى ئەنە شۇنداق ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى.

1938 - يىلى 3 - 4 - ئايلاردا لى بولىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان سوت ھەيئىتى سوت قىلىش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. مېنى 4 - تۈرمىگە يوتكەپ باردى. ئۇ يەردە سوۋېتلىك بىر كىشى ئىككى قېتىم سوراق قىلدى. سەن ياپونىيىدە ئوقۇغان، ئەلۋەتتە ئۇ يەردە بۇرادەرلىرىڭ بار، ئۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدى. مەن يوق دېدىم. ئۇ بار، دېدى، تالاش - تارتىش تۈگىمىدى. ئىسىم - پەمىلىلىرىنى بىلمىسەن، دېسەڭ مۇنداق كىشىلەر خېلى بار، بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىڭ بار دېسەڭ بىرسىمۇ يوق دېدىم. شۇنداق قىلىپ مەندىن مۇھىم بىر نەرسە ئالالمىدى. بىر ھەپتە ئوتكەندە سوۋېتلىك سوراقچى يەنە سوراق قىلدى. سوراقچى مېنى كورۇپلا سەن مانجوغۇ دەيمەن دېدى. مەن: ھەئە دېدىم. ئۇ، ئۇنداق بولسا سەن ئەلۋەتتە مانجو دولىتىنى ياقتۇرىسەنغۇ دېدى. مەن ياقتۇرمايمەن، ئۇ ياپونلار تىكلىگەن قورچاق خانلىق، ئۇنى بىر دولەت دەپ ھىساپلىغىلى بولمايدۇ دېدىم. ئىككىمىز يەنە تالاش - تارتىش قىلدۇق، گېپىمىز بىر يەردىن چىقمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن: ئەگەر سەن مانجۇلارنىڭ ھەممىسى مانجۇ دولىتىنى ياقتۇرىدۇ دەيدىغانغا ئىسپات - دەلىل كورسىتەلىسەڭ ئۇ چاغدا مەن مانجۇ دولىتىنى ياقتۇرغان بولاي دېۋىدىم ئۇ ھېچقانداق ئاساس كورسىتەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى مېنى سوراق قىلمىدى. سوت ھەيئىتىدىكى خەنزۇ سوراقچىلار مەندىن تەرجىمە ھالىمنى سورىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۈرمىدە 4 يېرىم يىل ياتتىم.



4 - تۈرمىدىكى ۋاقتىمىزدا تەپتىش باشقارمىسىنىڭ ئىشخانا بىناسىنى ياساشقا كېسەك قۇيدۇرماقچى بولدى. كېسەك قۇيغانلارغا ھەر كۈنى ھەر بىر كىشىگە بىر ۋاراق تاماكا قەغەز، بىر پاشكا موخوركا، ئىشتىن چۈشكەندە بىر ۋاقلىق سۈيۈق ئاش بېرەتتى. قايناقسۇغا ئۇگرىنى سېلىپ ئازراق تۇز قويۇپ بەرگەن بۇ ئاش بىزگە بەك ئېتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندۈزى چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ ئىختىيارى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممەيلەن داۋاملىق كېسەك قۇيۇشقا تىرىشاتتۇق. بىزنىڭ ئويدىكىلەر ئىلگىرى - ئاخىرى بىر ئايچە قۇيۇپتىمىز، بىر ۋاقىتتا تۈرمىگە قارىغۇچى كىشى بىزدىن كىم ئاشپەزلىك قىلالايدۇ دەپ سورىۋىدى، مەن دەپ جاۋاپ بەردىم. بۇ قايتىپ كېتىپ تۈرمە باشلىقىغا مەلۇم قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن تۈرمىگە قارىغۇچىلارغا تاماق ئېتىدىغان ئاشپەز بولدۇم، كېچىسى يەنىلا ئوز جايىمغا بېرىپ ياتىمەن. 3 - كۈنى تەپتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىۋ بىندى كېلىپ مېنى كورۇپ قېلىپ گەپ قىلماي كەتتى، شۇ ئارىلىقتا مەن بىر قاچا تاماقنى يەپ تۇراتتىم. دۇبەندىن تېلېفون كېلىپ مېنىڭ ئاشپەز بولۇشۇمنى چەكلەپ قويدى. دېمەك 3 كۈن ئاشپەز بولۇپ قاپتىمەن.

1940 - يىلى مېنى 5 - تۈرمىگە يوتكىدى. ئىككى ئېغىز ئويدە ئون نەچچە كىشى ياتاتتۇق، بەزىلەر يەردە ياتاتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئەتىگەندە، كەچتە ئىككى قېتىم ھاۋا ئېلىش ئۈچۈن سىرتقا ئېلىپ چىققاندىن تاشقىرى چۈشلۈكى يەنە بىر قېتىم چارەك سائەت ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدۇرۇشنى قوشقان ئىدى. كوپچىلىك بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئوزئارا خەۋەرلىشىپ قايسى

ئۆيلەردە كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالاتتۇق، بەشىنچى تۈرمىدى-
كىلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئۈزۈن مۇددەت سولايدىغان ئاساس-
لىق گۇناكارلار ئىدى. بىزنىڭ ئۆيدە گۈڭ جىڭخەن، ۋۇ داخو،
يۇ خۇاتىڭ (ياپون ئىشپىيونى مەخپى - تېلېگىراممىلارنى تەر-
جىمە قىلالايتتى) لار بار ئىدى. بىر كېچىسى 300 دىن ئارتۇق
ئادەمنى ئۆلتۈردى. بۇ بەشىنچى تۈرمىدە ياتقان ئادەملەرنىڭ
يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. شىڭ شىسەينىڭ ئادەم
ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى قەبىھ ۋە زەھەرلىك ئىدى. ئۆلتۈرۈشكە نازا-
رەت قىلغۇچىلار ئىسىملىك بويىچە چاقىرغاندا تۈرمە باشلىقى
ئىسمى چاقىرىلغان گۇناكارنى ئۆيگە ئېلىپ كىرەتتى. نازارەت
قىلغۇچىلار ئۇلارنى كۆزىدىن كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىچكىر-
كى ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇيتتى. ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىدىغان
يان ئىشىكنىڭ كەينىدە ئىككى كىشى سىرتماق تۇتۇپ تۇراتتى،
ئۆلتۈرۈلگۈچى ئىشىكتىن كىرگەن ھامان بوينىغا سىرتماق سې-
لىپ ئىككى تەرەپتىن تارتاتتى - دە، نەپەستىن قالدۇرۇپ قو-
زۇققا ئېسىپ ئۆلتۈرەتتى. ئاندىن باشقىلار ئارقا ئىشىكتىن
سۆرەپ چىقىپ بىر - بىردىن ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كېتەتتى، شۇ
تەقلىتتە بىر كېچىدە 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئۈن -
تۈنسىز يوق قىلىۋەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئۆلۈكلەرنى
ماشىنا بىلەن خۇڭسەن زۇيگە ئاپىرىپ كۆمگەن ئىكەن. شىڭ
شىسەينىڭ بۇ زەھەرخەندىلىكىنى ھىچنەرسىگە تەڭلەشتۈرگىلى
بولمايتتى.

لى يىڭچى ج. خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. جاڭ
گۇاڭچەن مۇئاۋىن باشلىق، سوت ھەيئىتىگە ليۇ خەنشىڭ مەس-



ئۇل بولغان ئىدى. ئاساسلىق سوراقچى فۇ باۋلىيەن ئىدى،
ئۇ ئەپيۇننى قانغىدەك چېكىۋېلىپ ئاندىن سوراق قىلاتتى. ئۇ-
زىنىڭ نىمە ئۈچۈن سولانغانلىقىنى بىلمىگەنلەر ئەلۋەتتە بىر
نەرسە دەپ جاۋاپ بېرەلمەيتتى. ئاندىن ئۇ تەن جازاسى بېرەت-
تى. تامغا «جازا بىلەن ئۆلگەنلەر سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ» دىگەن
شىڭ شىسەينىڭ سۆزى چاپلاپ قويۇلغان ئىدى. تەن جازاسى
بېرىپمۇ نەتىجە چىقمىغاندا ئالدامچىلىق قىلىپ، سىلەرنىڭ تەش-
كىلاتىڭلاردا كىملەر بار، باشلىقىڭلار كىم؟ دەپ سوئال قويات-
تى، بەزىلەر زۇلۇمغا چىدىيالماي يالغان ئېيتىپ بەزىلەرنى
كۆرسىتىپ قوياتتى. ئاندىن بالدۇرراق دىگەن بولساڭ تاياق يې-
مەيتتىڭ ئەمەسمۇ دەيتتى. ئاندىن كېيىن شىڭ شىسەيگە
تېلېفون بېرىپ پالانىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيى-
قەست ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. پالانىلار باشلىق ئىكەن
دەيتتى. شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا يولىيورۇق بېرىپ: سۈيىقەستلىك
قوزغىلاڭ ئىكەن، بىرنەچچە مەمۇرى كىشىلەر كىپايە قىلمايدۇ،
بۇنىڭدا ھەربى كىشىلەرمۇ بار. يەنە سوراڭلار دەيتتى. فۇ باۋلىيەن
يەنىلا شۇ كونا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سوراق قىلاتتى. ھەربىلەر-
دىن پالانىلار بار دەپ ئىقرار قىلدۇراتتى. فۇ باۋلىيەن شىڭ
شىسەيگە يەنە دوكلات قىلغاندا شىڭ شىسەي، ھەربىلەر قاتناش-
قان بولسا خىراجىتى نەدىن كەپتۇ، يەنە سورا دەيتتى. فۇ باۋ-
لىيەن يەنە سوراق قىلاتتى، ئۇراتتى. بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ،
بىر تەرەپتىن سورايتتى. قاچانكى پالانى سودىگەر
خىراجەتنى بەرمەكچى بولغان دىمىگىچە توختىمايتتى. مەمۇرى
كىشىلەرنىڭ پىلانى، ھەربىلەرنىڭ قورالى، سودىگەرنىڭ پۇلى

بولغانلىقى ئۈچۈن، شىڭ شىسەي ئاندىن ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان «سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ شىڭ شىسەي هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان» سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭدىن ئىبارەت يالغان ئەنزىنى پاكىتلىق بوپتۇ دەپ ھېساپلايتتى. پولكوۋنىك جاۋنىڭ سول بېغىشىدىن جوزىغا مىقلاپ قويۇپ، ئىقرارنامە يېزىشقا مەجبۇرلىغاندىمۇ جاۋ يېزىشقا ئۇنىمىغان. دىمەك تۈرمىدە جاۋغا ئوخشاش ئوغۇل باللارمۇ بولغان ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدە دوختۇرلار بار ئىدى. ئادەتتە سولانغانلاردىن ئاغرىپ قالغانلارنى تۈرمىگە قارايدىغانلار ئاپىرىپ دوختۇرغا كورسىتەتتى. ئەمما دوختۇر بەزىدە كامىرلارغا كىرىپ پالاننىڭ كېسىلى بار، چوقۇم دورا ئىچىشى كېرەك دەپ مەجبۇرى دورا ئىچكۈزەتتى، ئەمەلىيەتتە دورا ئەمەس زەھەر ئىدى.

شىڭ شىسەينى جىياڭ جيېشى چۆكچىڭغا يوتكەپ، دىخانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىگىنىڭ مىنىستىرى قىلغاندا، مېڭىش ئالدىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىككىنچى تۈرمىگە ئوت قويۇپ، ئادەملەرنى كويدۇرۇپ ئولتۈرۈپ تۈنجۇقتۇرماقچى بولغان ئىدى. بۇ ئىشتىن سۇ شاڭدا خەۋەر تېپىپ لومەنچىڭدە تۇرۇشلۇق مەركىزي قىسىملارنىڭ 7 - دېۋىزىيىسىگە مەلۇم قىلغان، 7 - دېۋىزىيىنىڭ باشلىقى لى شىڭ شىسەيگە تېلېفون بېرىپ تۈرمىنى كويدۇرۇشنى چەكلىگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن شىڭ شىسەي جۈرئەت قىلالماي سولاقتىكىلەرنىڭ هاياتى ئامان قالدى.



# شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە يۈز كۈن

ئەن يۈنشىڭ

1944 - يىل 6 - ئايدا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتتىم. شۇ ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە مەكتەپتىكى بارلىق مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەربى تەلىم - تەربىيە ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ باشچىلىقىدا شىڭ شىسەينىڭ سوزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن دۇبەن مەھكىمىسىگە باردۇق. شۇ كۈنى هاۋا بەك ئىسسىق ئىدى، چوڭ هويلىغا كىرىشىمىز بىلەن بىر قانچە پۇقراچە كىيىنىۋالغان كىشىلەر بىزگە قوماندانلىق قىلىپ بىر قاتار قىلىپ تىزىپ غەربى زالغا ئېلىپ كىردى. بىز بىر قانچە ساۋاقداشلار غەربى زالنىڭ ئىچىگە كىرىشىمىز بىلەن ئەھۋالنىڭ باشقىچە جىددى قورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدۇق. بىرىنچى قەۋەتتە ياۋروپاچە كىيىنگەن ئىككى بەستلىك ئادەم يانلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىزنى غەربى زالدىن ئېلىپ چىقىپ، چوڭ هويلىدا ئۇزۇن ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. يېرىم سائەتچە ئوتكەندىن كېيىن شىنجاڭ شۆبىيۈەن، بىرىنچى سىنىپتىكى بارلىق مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئولتۇرۇشتى. تۇيۇقسىز «دىققەت» دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، دەس ئورنىمىزدىن تۇردۇق، ئالدى بىلەن بىر قانچە پۇقراچە كىيىنگەن كىشىلەر كورۈندى، ئۇلار قولىنى

شىمىنىڭ يانچۇغىغا سالغان هالدا ئالدىدا تۇرۇشتى، ئاق كىيىم كىيگەن شىڭ شىسەي مەيدانغا كىرىپ كەلدى. شۇ ۋاقىتتىكى مائارىپنىڭ نازىرى ليۇ يۈگشياڭ مەيداندا بار ئىدى. ج. خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇبىندې تەرجىمانلىق قىلدى، چوڭ هويلىنىڭ ئىچى ئۈن - تىنسىز، غەربى تەرەپتىكى كوچىدا قاتناشمۇ توختىغان ئىدى. شىڭ شىسەي سوزىنى باشلاپ؛ تەتىل باشلاندى، ساۋاقداشلار ئائىلىلىرىنى كورۇپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كوپچىلىككە خەلقئارا ۋەزىيەت، ياپونغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن سوزلەپ ئوتمەكچىمەن، دەپ تېتىقسىزگەپلەردىن نەق ئۈچ سائەت سوزلىدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە توختالغاندا شىڭ شىسەي زەھەرخەندىلىك بىلەن مۇنداق دىدى: «شىنجاڭ شۆبىيۈەندە يۇقۇرىسى پروفېسسور (پروفېسسور توجىژنى دېمەكچى) تۆۋىنى ئوقۇغۇچىلار، بىرىنچى سىفەن بىرىنچى ئورتىدا يۇقۇرىسى مۇئەللىم، تۆۋىنى ئوقۇغۇچىلار هازىرقى ئەھۋالغا نارازى، باشقىلارغا ئالدىنىپ، چىڭ دۇگبەي (قولغا ئېلىنغان مائارىپ نازىرى) قاتارلىقلار ئۇيۇشتۇرغان سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭغا قاتناشقان، سەنمىنجۇ يىلىق هوكۇمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان، بۇ، پىلانلىق، تەشكىللىك، سۇيىقەستلىك — قوزغىلاڭ ئەنزە، قاتناشقانلار خېلى كوپ، دائىرىسى چوڭ، ئۇسۇلى قەبىھ، بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار ناهايىتى كوپ، مەن دۇبەن بولغانلىقىم ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئوزەڭلارنى دوزاققا ئاتقانلىقىڭلارنى كورۇپ چىدىيالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن هەممەيلەن ئوزىنى مەلۇم قىلىش كېرەك، ئوزىنى مەلۇم قىلغاندىلا مەن سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالالايمەن . . . » بۇ سوزنى ئاڭلاپ



ھەيران بولدۇق، ساۋاقداشلار بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ پەس ئاۋازبىلەن «ئوزىنى مەلۇم قىلىش دىگەننىڭ مەنىسى نىمە؟» - دەپ سورىشاتتۇق. چوڭ هويلىنىڭ شەرق - غەرب تەرەپلىرىگە تىزىلغان ئۇزۇن ئۈستەللەرگە قەغەز - قەلەملەر قويۇلغان بولۇپ، ھەر - بىر كىشى «ئوزىنى مەلۇم قىلىش» كېرەك ئىدى، مەن ھىچقانداق سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭغا قاتناشمىغانلىقىم ئۈچۈن پەقەت ئىسمىمنىلا يېزىپ قويدۇم، ئاندىن ھەممەيلەن ئوز ئورۇنلىرىمىزدا ئولتۇرۇپ جىددى هالدا كۈتۈپ تۇردۇق . . . . .

ئۇزۇن ئوتمەي شىڭ شىسەينىڭ چىرايى تۈتۈلغان هالدا زەھەرخەندىلىك بىلەن مۇنداق دىدى: سىلەر ئوزەڭلەرنى مەلۇم قىلمىساڭلار ماڭىمۇ ئامال يوق، هازىر ئىسمىڭلارنى ئوقۇيمەن، ئىسمى چىققانلار بۇياققا (شەرقى زالىنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇق يەرنى كورسۈتۈپ) يىغىلىڭلا دىدى - دە، شىنجاڭ شۆبىيۈەن بىلەن بىرىنچى سىفەندىن خېلى كوپ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئون نەچچە ئوقۇغۇچىنى چاقىرتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە مەن بار ئىدىم. كورسەتكەن يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇش بىلەنلا ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم. 2 - قەۋەت زالنىڭ ئۈستىدە ئون نەچچە ئەسكەر ئېغىر پىلىموتلارنى قۇرۇپ دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك مىلتىقلىرىنى بەتلەپ تەييار تۇراتتى. شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن كەچ سائەت 7 گىچە تۇردۇق، قوساق ئېچىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ج. خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى كېلىپ ئۈچ ئىشنى ئېلان قىلىپ: (1) ھەر بىر كىشىگە بىردىن نان تارقىتىپ بېرىلدى. (2) بۈگۈن

كەچ بولۇپ قالدى، ھەممەيلەن باشقارمىغا بېرىپ دەم ئالىسىلەر، ئەتە يېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە قايتىسىلەر، (3) سىلەر بەك چارچىدىڭلار، سىلەرگە ماشىنا تەييارلاپ قويدۇق دېدى. بىز ئالدىراپ - تېنەپ ماشىنىغا چىقتۇق، ماشىنىدا بېشىمىزنى كوتۇرۇشكە روخسەت قىلمىدى. ماشىنا بىزنى ئۇدۇللا 2 - تۈرمىگە ئاپاردى، ئۇ يەردە بىزنى بىر ئېغىز چوڭ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. يېشى كىچىك ساۋاقداشلار تامنىڭ بۇلۇڭىدا يىغلاشقا باشلىدى، بىر قانچە مىنۇتتا بىرىمىزنى چاقىرىپ چىقىپ كېتەتتى، ھەر قېتىم بىرسى كەتكەندە ساۋاقداشلار ئۆز ئارا قول ئېلىشىپ خوشلىشاتتۇق.

كۈن قاراڭغۇلاشقاندا مېنى چاقىرىپ بىر سۇرلۇك ئۆيگە ئېلىپ كىردى، ئىشىكتىن كىرىشىمگە قولىدا ئامبۇر تۇتقان بىر ئادەم چاپانلىرىمنىڭ تۈگمىلىرى، شىمىمنىڭ تۈگمىلىرىنى يۇلۇۋېلىپ بىر لاتىنى بەردى. شىمىمنى باغلاپ ئالدىم، يانچۇقتىكى ھەممىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئىسىم - پەمىلەم، ياش، يۇرتۇمنى تىزىملىدى، ئاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان يەنە باشقا بىرسى قارا خالتىنى بېشىمغا كىيدۈرۈپ يېتەكلەپ ئېلىپ كەتتى. بىر يەرگە ئېلىپ كەلگەندە ئىشىكنىڭ قۇلۇپى ئېچىلغانلىقى ئاڭلاندى. بىرسى بىر ئىتتىرىۋىدى ئۆينىڭ ئىچىگە يىقىلىپ چۈشتۈم. مېنى 2 - تۈرمىنىڭ جەنۇپ ھويلىسىدىكى بىر ئۆيگە سولىغان ئىكەن. بۇ ئۆيدە جەمئىي 5 كىشى بولۇپ ئۈچىسى قازاق، بۇلار خەنزۇچە سوز بىلمەيدىكەن، بىرسى جاڭپەمىلىك شەرقى شىماللىق ياش ھەربىي ئوفىتسېر، يەنە بىرسى شىنجاڭ شۆبيۈەن ئوقۇغۇچىسى لۈي شۇشى بولۇپ 41 - يىلى سولانغان ئىكەن، ئېيتىشچە سوراق



قىلىنمىغاپتۇ، ئۇلار مېنى كىچىك بالىدەك كورۇپ تۇرمۇش جەھەتتە بەك غەمخورلۇق قىلىپ دائىم تەسەللى بەردى. كورپە، چاپانلىرىنى ئارىيەت بېرەتتى، ئەتىگەندە ھاۋا ئېلىشقا چىققاندا، ماڭا سۇيدۇك قاچىسىنى كوتەرگۈزمەيتتى، دەسلەپتە مەن قانداقلا بولمىسۇن مەندە ھېچقانداق گۇنا يوق، ئېنىقلىنىپ بولدى، چىقىپ كېتىمەنغۇ دەپ ئاددى ئويلاپتىمەن. 5 - 6 كۈن ئوتكەندە بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تۈرمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىر شىڭلىسىنى تاشلاپ قويدى، قارىسام ئۈستىگە مېنىڭ ئىسمىم يېزىلغانلىق ئىكەن. شۇ ھامان بېشىمغا سوغاق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتىم. شىڭلىلىرىمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھوكۇرەپ يىغلاپ كەتتىم، ئەمدى مەن راستىن تۈرمىدە ياتىدىغان بولدۇم، دەپ كوڭلۇم بۇزۇلدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۈرمىگە قارىغۇچى، بىر دانە شاڭنى ياندۇرۇپ بېرەتتى. قاراڭغۇ چۈشكىچە بىرسى كويۇپ بولسا بىرنى ياندۇرۇپ تۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن گۇناكارلار تاماكىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ چېكەتتى، دىققەتسىزلىكتىن ئوتنى ئوچۇرۇپ قويسا قايتا ئوت بەرمەيتتى. دەسلەپتە تۈرمىگە كىرگەنلەر بەزى سادىدا خىياللاردىن خالى بولالمايتتى. بالدۇرراق قويۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى، مەن شۇنداقلارنىڭ بىرسى ئىدىم. لېكىن كونا دوستلارنىڭ شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە قارىتا كوز قارىشى خېلى چوڭقۇر ئىدى. ھاۋا ئېلىشقا چىقىپ چوڭ تەرەتكە ئولتۇرغان ۋاقتىمدا يەرگە يېزىپ قويغان قىزىق گەپلەرنى كورۇپ قالاتتىم، «بۇرۇن كىرگەننى، كېيىن كىرگەننى، ئىلگىرى - كېيىن ھەممىسى كىرگەننى! ئولۇك چىققىنى، تىرىك چىققىنى، ئىلگىرى - كېيىن ھەممىسى چىققىنى!» «كۈن چىقىدۇ، كۈن چىقىدۇ، چىقمايدىغان كۈن بولمايدۇ» يەنە شېئىرمۇ يېزىپ قوياتتى.

باھار ئۈيقۈسىدا تاڭ ئاتقانىنى سەزمەيسەن،
ھەر تەرەپتىن ئىت ھاۋشىغانىنى ئاڭلايسەن
تۈن كېچىدە ماشىنا ئۈنى ئاڭلانسا
كىم بىلىدۇ قانچىنى تۈتقاندۇ دەيسەن.

8 - ئاينىڭ بىر كۈنى تۈيۇقسىز تۈرمىنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ
ناتونۇش بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئەن
يۈنشىلىك دىگەن كىم دىۋىدى، مەن دەپ ئۆزەمنى مەلۇم قىلدىم.
بۇ ئادەم ماڭا قىسمەن شىڭلىردىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. بېشىمغا
قارا خالتىنى كىيگۈزۈپ بىر مەيىگە ئولتۇرغۇزدى، مەيىنىڭ پەر-
دىسىنى چۈشۈرۈپ ملىتىغى بار بىر ساقچى مېنى 4 - تۈرمىگە
ئاپىرىپ يالغۇز كىشىلىك بىر ئۆيگە ئاپىرىپ سولاپ قويدى،
كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، تاڭ سەھەردە كوزۈم ئويقىغا كەتكەن
ئىكەن، بىرسى كىرىپ ئورنىڭدىن تۇر دىدى. ئۆيقۇلۇقتا كوزۈمنى
ئۇۋۇلاپ قارىغىدەك بولسام كارۋاتىنىڭ يېنىدا پۇقراچە كىيىنگەن
بىر ئادەم تۇرۇپتۇ، بۇ ئادەم ماڭا قاراپ، ماڭ سوراقخانىغا
بارىسەن دىدى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم، مېنى 2 - قەۋەت-
تىكى بىر ئېغىز ئۆيگە ئېلىپ كىردى، ئۆي ئىچىدىكى كارۋاتتا
قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بىر كىشى سوراق قىلدى: „قەيەردە
قولغائېلىندىڭ؟“، „دۆبەن گوگشودا“، „نىمە ئۈچۈن قولغا ئېلىندىڭ؟“
„بىلمەيمەن“، سوراقچى دەس ئورنىدىن تورۇپ، خۇددى بورى
ھوۋلىغاندەك ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، بىلمەيمەن! ساڭا ئازراق تې-
تىتىپ قويمىساق، سەن راستگەپ قىلمايدىغان ئوخشايسەن، جازا
بىلەن ئولگەنلەر سورۇشتۇرۇلمەيدۇ دىگەننى بىلەمسەن؟ دىدى.
باشقا بىر ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خەنزۇچە سوزنى خېلى
ئوبدانلا سوزلىيەلەيدىغان بىر قازاق كىشى خې فاگۇەن تولا جىد-



دىلەشمەك، ياش بالا قورقۇپ كېتىدۇ، ئاستا سوزلەڭ دىۋىدى
سوراقچىنىڭ ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازى بىر ئاز پەسەيدى، بۇ
قازاق كىشى „قايتىپ چىقىپ ئويلان، قورقما“ دىدى. شۇنىڭ
بىلەن مېنى يەنە ھىلىقى بىر كىشىلىك ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى.
ئويلىنىپ ئولتۇراتتىم گۈندىپاي كىرىپ ئويلاندىڭمۇ؟ دىدى. مەن،
ئويلىيالمىدىم دىدىم. ئۇ خۇددى ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ،
ئاستا ئاۋاز بىلەن „سېنىڭ ساۋاغداشلىرىڭ نەچچە كۈننىڭ ئالدى-
دا سوراق قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپ مۇدىرى جىڭ
لىڭ، سىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ يىغىن ئاچقانلىغىنى، سەنمىن-
جۇيى ھوكۇمىتىگە قارشى تۇرۇپ، شىڭدۇبەن رەھبەرلىگىدىكى
سەنمىنجۇيىلىق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغانلىغىنى
ئىقرار قىلدى. سەنمۇ شونداقلا دىسەڭ ھىچ ئىش يوق“ دىدى.

2 - كۈنى سوراقىا چىققاندا يەنىلا خې فاگۇەن سوراق قىلدى.
مەن قىلچە ئىككىلەنمەي گۈندىپاي ماڭا ئۆگۈتۈپ قويغان گەپلەر-
نى بىر قۇر دىدىم. خې فاگۇەن „تونوگىزىن مۇشۇنداق دىگەن
بولساڭ مۇنچە ئاۋارچىلىق بولمايتتى؟“ دەپ، يېزىپ تەييارلاپ
قويغان بىر پارچە ئىقرارنامىغا قولۇمنى باستۇردى، ئۇ ماڭا
ئىككى پاشكا سوۋېت موخوركىسىنى بەردى، ئاۋالقىدەكلا ھىلىقى
شامالمۇ ئوتۇشمەيدىغان مەيىگە ئولتۇرغۇزۇپ، 2 - تۈرمىگە
قايتۇرۇپ كەلدى. تۈرمە ئۆيىگە ئەكىرىپ، بېشىمدىكى قارا خالتىنى
ئېلىۋەتكەندە، ئۆي - ئىچى كىچىكلەپ ئوزگۈرۈپ قالغاندەك كو-
رۈندى. ئۆينىڭ ئىچىدە پۈتىمدا كىشەن بار بىر كىشى بار ئىكەن.
2 - كۈنى كەچتە مېنى غەربى ئامبارىدىكى تۈرمىگە ئالماشتۇ-
رۇۋەتتى.

9 - ئاينىڭ باشلىرى بىر كۈنى كەچتە، تۈرمىدە پوستا تۇرۇ-

دىغانلار كوپىيىپ، گۈندىپايلارنىڭ باشقۇرۇشىمۇ چىڭىيىپ كەتتى، ئەمدىلا ئۇخلاي دېۋىدىم، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ بىرنەچچە كىشى كىرىپ كەلدى، مېنى يەنە بىر قانچە يىلەننى مېڭىڭلار دېدى، قاراڭغۇ بولغاچقا، قارا خالتىنى كىيگۈزمەي غەربى ئامباردىن شىمالى هويلىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە كوچۇرۇپ قويدى. ئۆينىڭ ئىچىدە هەربى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لى جەنتاڭ، شىڭ شى-سەينىڭ مۇهاپىزەتچى قىسىملار باشلىقى ۋاڭ مىلىڭ، بىرىنچى سىفەننىڭ ئوقۇغۇچىسى لى زىجۈڭ، شەرقى - شىماللىق هەربى ئەمەلدارلار شويىڭچۈنلەر بار ئىكەن. 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كىشىلەرنىڭ كوڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىز بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى مۇددەتتىن ئىلگىرى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مانا شۇنىڭ بىلەن يوقىلاڭ بەتنامىنى ئارتىۋېلىپ تۈرمىدە يۈز كۈن سولاندىم.



# تۈرمىدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمدىن پارچە

سەي خېڭسىڭ

## 1938-يىلدىن 1944-يىلغىچە

مەن 1938- يىلى 1 - ئايدىن 1944 - يىلى 10 - ئايغىچە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغان 7 يىل ئىچىدە جەمى 7 تۈرمىدە ياتتىم، يەنە جاهانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشما تۈرمىسى (ۋاقىتلىق قۇرۇلغان) ج. خ باشقارمىسىنىڭ تۈرمىسى (ماشىنا قويىدىغان ئۆينى ئۆزگەرتىپ قۇرغان) 3 بۆرجەك يەردىكى تۈرمە (كېيىن كېڭەيتىپ 4- تۈرمە قىلىندى) 2 نچى تۈرمىدىن ئايرىپ چىققان تۈرمە (ليۇۋېنلۇڭنىڭ قورو-سىنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان) 2-تۈرمە، 3 - تۈرمە، (مەنخەن ۋاڭنىڭ مەهكىمىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرغان)، ئەڭ ئاخىرىدا 4-تۈرمىگە يوتكەلدىم، 7 يىل ئىچىدە مەن بىلەن بىرگە ياتقان بىرگە ئەمگەك قىلغانلار مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كۈن، بىرنەچچە ئاي، هەتتا بىرنەچچە يىل بىرگە ياتقانلار بار. 15-16 ياشلىق ياشلار ۋە 60-70 ياشلىق قېرىلار بار، ئىشچىلار، دېخانلار، پومىشچىكلار، چوڭ سودىگەر، ئۇششاق تەن-زىكەش، ئوقۇغۇچى، ئەسكەر، هەربى ئەمەلدار، مائارىپ خادىملىرى،

ئىلغار زىيالىيلار، ۋە چىرىكلەشكەن كونا بيۇروكراتلار بار. مۇتلەق كوپ ساندىكىلەرنىڭ جىنايىتى ئاتالمىش سىياسى گۇناكار، ئۇنىڭدىن قالغانلىرى ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوغرى جىنايەتچى، خىزمەتتە خاتالاشقان، قىمارۋاز، پاھىشىۋاز، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ ساتقان ئەتكەسچىلەر، چېگرىدىن ئۆتكەن (ئىچكى ئۆلكىلەردىن رەسمىيەت ئۆتمەي شىنجاڭغا كەلگەن جۇڭگو پۇقرالىرىنىمۇ سىياسى گۇناكارلار قاتارىدا بىرتەرەپ قىلاتتى) قاتارلىق جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ئىدى، سىياسى جىنايەتچىلەرنى قاتتىق باشقۇراتتى، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى بوشراق باشقۇراتتى ئائىلىدىكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە، تۈرمە ئىچىدە ئەمگەك قىلىشقا يول قوياتتى، سوراقچىمۇ ناھايىتى ئاز ئېلىپ چىقاتتى، شۇڭا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى سىياسى جىنايەتچىلەردىن ياخشىراق دەپ ھېساپلايتتى، ھەتتا بەزىلەر چېتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ بىر ئۆيدە ياتقان سىياسى جىنايەتچىلەر بىلەن سوزلەشمەيتتى.

تۈرمە ھاياتى، ھەركۈنى ئەتىگەندە كەچتە تەرەت قاچىلىرىنى توكتۇرۇپ، چوڭ - كىچىك تەرەتكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ماڭدۇراتتى، بۇ ھاۋا ئېلىشقا ئېلىپ چىققانلىقى ئىدى. ۋاقتى 15 مىنۇتتىن 20 مىنۇتقىچە بولاتتى، تاماق ئەتىگەنلىك، كەچلىك 2 ۋاق بولۇپ ئىچىدىغىنىمىز قايناقسۇ، قورۇق مىتاڭ، يەيدىغىنىمىز جىڭ موما بىلەن نان، قوشۇمچە يىمەكلىك سەي ياكى سەي شورپىسى ئىدى. 1943-يىلىنىڭ ئالدىدا گۇناكارلار ماركسىزىم - لېنىنىزىم كىتاپلىرىنى ئوقۇيتتى، كېيىن تەكشۈرۈپ پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىۋالدى.



تۈرمىدىكى تازىلىق ئىشلىرى، چوڭ ئاشخانا (گۇناكارلارغا تاماق ئېتىدىغان)، كىچىك ئاشخانا (تۈرمىگە قارىغۇچىلارغا تاماق ئېتىدىغان)نىڭ ئاشپەزلىكى، ھارۋىكەش، ئات باققۇچى قاتارلىق جىسمانى ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىنى گۇناكارلار ئىشلەيتتى، بۇلارنى گۇناكار ئىشچىلار دەپ ئاتايتتى. بوغالتىرلىق خەت - چەك، ئاۋام خىزمىتى ئىسكىلاتچى قاتارلىق ئىشلارغا ئادەتتىكى سىياسى جىنايەتچىلەردىن ياكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىدىن تەيىنلەيتتى، گۇناكارلار ئىچىدە چاقچاق قىلىشىپ بۇلارنى ئالى دەرىجىلىك گۇناكار ئىشچىلار دېيىشەتتى. گۇناكار ئىشچىلارنىڭ ياتىدىغان ئۆيلىرىگە كېچىسى قۇلۇپ سېلىنمايتتى، ئەركىنرەك ھەركەت قىلالايتتى، ئەمما مۇناسىۋەتلىك ئىش بولمىسا، تۈرمىگە يېقىنلاشمايتتى.

تۇۋەندە 7 يىل ئىچىدە كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان، ئالەمدە كورۈلمىگەن نۇرغۇنلىغان ئاڭلىغان، كورگەن جىنايى پاكىتلار ئارقىلىق كونا جەمىيەتتىكى ئەكسىيەتچىل ھوكۇمەرانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقىچە تونۇسۇن دەپ خاتىرەم بويىچە پارچا - پارچە يېزىپ چىقتىم.

## 4 - تۈرمىدىكى تۈرلۈك ئىشلار

بۈگۈنكى گۈللەنگەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ھەيۋەتلىك خەلق مەيدانىنىڭ شەرقىغە قاراپ ماڭساق، كورپۇس - كورپۇس بىنالارنى كورىمىز، ھازىرقى چوڭ ماگىزىنىنىڭ شەرقىي تەرىپى-

دىكى بوشلۇق يەردە بۇندىن 30 نەچچە يىل بۇرۇن كىشىلەر دوزاق دەپ ئاتايدىغان ئەڭ دەھشەتلىك 4- تۈرمە بار ئىدى، تۈرمىنىڭ ئىچى 5 كىچىك ھويلىغا بۆلۈنۈپ 60 تىن ئارتۇق ئۆي (كامىر) بار ئىدى، چوڭ ئۆيلەرگە 20 - 30، كىچىك ئۆيلەرگە 10 - 15 كىشى سىغاتتى، نورمال ئەھۋالدا گۇناكارلار بىر مىڭ بەش يۈز ئەتراپىدا بولۇپ گۇناكار ئىشچىلارنى قوشقاندا ئىككى مىڭغا يېتەتتى، بۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە يەنە ج. خ باشقارمىسىنىڭ 3-بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسى، ساقچى، ئەمەلدارلار بەھرىمەن بولىدىغان تەمىنلەش كاپېراتىۋى ۋە ھاراق زاۋۇدىمۇ بار ئىدى.

3- بۆلۈمدە كادىرلار ئاز بولاتتى، كۆپۈنچە ئىشلارغا گۇناكار ئىشچىلارنى ئىشلىتەتتى، چەت بىلەن ئۇچرىشىش چەكلەنگەن ئىدى، بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىغى جاۋجىلياڭ (ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى) ئىدى، ج.خ باشقارمىسىنىڭ باشلىغى لى يىنچىڭنى جاڭ گۇاڭچەن (ئىككىلىسى ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى) ليۇبىندى قاتارلىقلار دائىم بۇيەرگە كېلىپ خىزمەت ئىشلەيتتى. موشۇ بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان گۇناكار ئىشچى لۇچىڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇ بۆلۈم جاللاتلار ئۇۋىسى بولۇپ، ئاخبارات، ئىز قوغلۇشۇش، قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، ھەركەتلىنىش مەمۇرى ئىشلار مەخپى ئەنزە قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلەيدىكەن.

تەمىنلەش كاپېراتىۋى ئاتىلىشتا ساقچى خادىملىرىدىن پاي توپلاپ ئاچقان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت پۇلى ئىدى، ج. خ باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقىغا ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەر-



دىكى ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئەرزان باھادا مال سېتىۋېلىش، قاتناشنى مونوپول قىلىۋېلىش يولى بىلەن بازارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئىدى، مەسىلەن: 1943-يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدە يەرلىك رەخ، پاختا كەمچىل بولغاندا بۇ كاپېراتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شەخسلەرنىڭ مال سېتىۋېلىشىنى چەكلەپ بازار باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ ئۆزلىرى مال سېتىۋالدى. ھەمدە شەخسى سودىگەرلەرنىڭ رەخ، پاختىلىرىنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈشنى چەكلەپ ئەرزان باھادا ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىپ تۈمەنلەپ پايدا ئالغان، ھاراق زاۋۇدى ئىشلەپچىقارغان ئالى سورتلۇق كانىيەك ۋە ئۈزۈم ھاراقلىرىدىن ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇپ ئاز قىسمىنى تاشقىرىغا ساتاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ زاۋۇتنىڭ تېخنىگى ۋەلىدىگەن كىشى ئىران تەۋەلىگىدىكى ئادەم بولۇپ، بۇرۇن ئۈرۈمچىدە شەخسى ھاراق چىقىرىدىغان تىجارەتچى ئىدى، ھىلىقى زىيانكەشلەر ئۆزلىرى ھاراق چىقىرىپ ئىچىش ئۈچۈن بۇ كىشىنى قولغا ئالغان ئىدى. ھاراق زاۋۇدى ۋە كاپېراتىپ خىزمىتىگە گۇناكار ئىشچىلارنى ئىشلىتەتتى. پەقەت سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان خادىملار ۋە ئازساندىكى باشلىقلارلا ئۆزلىرىدىن بولاتتى.

## جەنۇبىي ھويلىدىكى مەخپىيەتلىك

4- تۈرمىنىڭ جەنۇبىي كىچىك ھويلىسىدا 8 ئېغىز سولاقخانا بار ئىدى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئەتىگەندە، كەچتە ھاۋا

ئېلىشقا ئېلىپ چىقىش تاماق بېرىش، گۇناكارغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى تۈرمىگە قارىغۇچىلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى، گۇناكار ئىشچىلار بۇ يەرگە يېقىن كەلمەيتتى، بۇ هويلىنى شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن بىر مۇھاپىزەتچى باشقۇراتتى. كىچىك هويلىنىڭ دەرۋازىسى دائىم قۇلۇپلاغلىق تۇراتتى، گۇناكارلار ئىسىملىك دەپتىرىگە مۇنداق بىر نەچچە جۈملە: «جەنۇبىي كىچىك هويلا يەتتە كىشى يەنە بىر ئېغىز سولاقخانىغا ۋاڭ ئەپەندى، 18 ياش سەندۇقچىلۇق» دەپ يېزىپ قويۇلغان. 1944-يىلى 4-ئاينىڭ بىر كۈنى بۇ هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى، رەڭگى روھى ئاقىرىپ كەتكەن يۈز - كوزى ئىششىق بىر كىشىنى شىڭلىسىنى كوتەرتىپ ھەيدەپ چىقتى، ۋاڭ ئەپەندى دىگىنى ئەسلىدە بۇرھان شەھىدى ئىكەن، يەنە شۇ دەپتەرگە «ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى» دەپ ئوچۇق ئەسكەرتىپ قويۇلغان. بۇ هويلىنىڭ سولاقخانىلىرىدىكى باشقا 7 كىشىچۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا چيۇزۇڭجۇن (شىڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى) ئائىلىسىدىكى ئاشپەز جۇۋىچى، گۈلچى قاتارلىقلار بولۇپ چيۇنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئەنزىسى تۇپەيلىدىن قولغا ئېلىنغانلار ئىكەن.

1938- يىلدىن 1944- يىلغىچە باندىت شىڭ شىسەي ئاغدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن، جازادا ئۆلگەن، ئازاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاغرىپ ئۆلگەنلەر ئۈستىدە ئىشەنچلىك بىر سان بولمىسىمۇ تەخمىنەن 2000 كىشىدىن كام ئەمەس، مۇشۇنداق ئازاپتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا خوتۇن - بالاچاقىلىرى پەقەت بىلمەيتتى، دائىم ئۇلارغا



كېيىم - كېچەك پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئائىلىسىدىكىلەر جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ياكى يىراق يوللارنى بېسىپ ئەكەلگەن كىيىم - كېچەك پۇللارنى كىمگە بېرىدۇ؟ مەخپىيەتلىكنى قەتئى ساقلايدىغان گۇندىپايلار، ئېلىپ كەلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ياخشىراقلىرىنى ئۆزلىرى بولۇشۇۋېلىپ، ناچارلىرىنى ئىسكىلاتقا تاشلىۋېتەتتى. ھەر يىلى باھار بايرىمىدا كەلگەن تاماق، تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ئۆزلىرى يەپ ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتەتتى، ياكى ئىشتقا تاشلاپ بېرەتتى.

## لۇشاۋزۇڭنىڭ پۇشايمان قىلىشى

تۆتىنچى تۈرمىدە شەرقىي كىچىك هويلىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە بىر قېرى ياتاتتى. بۇ ئۆيگە قولۇپ سېلىنمايتتى. بۇ قېرى هەر كۈنى كىتاپ كورۇپ خەت يېزىپ، رەسىم سىزىپ بىمالال كورۇنەتتى. قېرى لۇشاۋزۇ (شىڭ شىسەينىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يۇقۇرى سوتقا باشلىق بولغان ۋە ئەفيون چېكىشنى مەنئى قىلىش هەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولغان). 1944- يىلى 2- ئايدا مېنى 3- تۈرمىدىن 4- تۈرمىگە يوتكەپ ئەكىلىپ گۇناكار ئىشچى قىلدى. پۇرسەت تېپىلىسىلا مەن بۇ قېرى بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولدۇم. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن: «سېنى ياخشى كۈتۈۋاتىدۇ، تاماق ياخشى، ئىشىككە قۇلۇپمۇ سالمايدۇ» دىۋىدىم، ئۇ، ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ، ئاچچىق بىلەن مۇنداق دىدى: «كوزۇم كورمەس بولۇپ قالغانلىقىغا هەيرانمەن، بۇ قاراقچى تەكلىپ

قىلىپ ئەكەلدى، ھەممىگە زىيان سېلىپ خانىۋەيران قىلىپ، بالا - چاقىسىدىن ئايرىدى، پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ بىكار، قانداقمۇ ياخشى كۈتۈۋاتىدۇ دېگىلى بولسۇن!» ئۇ سۆزىگە ئۇلاپلا: 1928- يىلى مەن نەنجىڭدە شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا جىن جۇشى (جىن شۇرېن) ماڭا بىر ھەربىي كىشىنى تاللاپ ئەۋەتىش توغرىسىدا تېلېگرامما بېرىپ ئەخلاقى ياخشى، سەممىي، پۇختا، ھەم شىماللىق ئادەم بولۇش كېرەك دەپ شەرت قويغان ئىدى. پېڭ شاۋشەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق مەن شېڭ شىسەي بىلەن تونۇشۇپ بىر نەچچە ئاي بېرىش - كېلىش قىلدىم. مەن ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى ياخشى چۈشىنىدۇ، كىشىلەرگە سەممىي ئادەم دەپ قاراپ، شىنجاڭغا بېرىشنى تەكلىپ قىلدىم. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن جىن جۇشى ئۇنى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىمىز ئىنتايىن يېقىن ئۆتتۇق. قىزى كىچىك بىلەن ئوغلى كىچىنى ئاتاقتا بالا قىلىۋېلىشقا بەرمەك بولدى. شۇ مەزگىللەردە ئۇ بىر نەچچە قېتىم ماڭا دەرت تۆكۈپ ئائىلىسىدە جان سانىنىڭ كۆپلىكى، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېرىپ تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ جىن جۇشىغا ئېيتىپ بىرەر ناھىيە ھاكىملىقىغا كۆرسىتىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت بىر ئاز پۇل تاپماقچى ئىدى. مەن ئۇنى جىن جۇشىغا تونۇشتۇردۇم، جىن جۇشى ۋەزىيەت بىر ئاز تېنچلانغاندا ھاكىم قىلىشقا ماقۇل بولدى. ئەمدى بۈگۈن دۇبەن بولۇپ، ۋاپاغا - جاپا دەپ بىكاردىن - بىكار مېنى قولغا ئېلىپ قاراڭغۇ ئۆيدە بىر نەچچە يىل سولىدى. بۇنداق قىلىشنى بۇرۇن



ئويلىماپتىكەنمەن. لۇشاۋزۇنىڭ بۇ سۆزى، يۈرەك باغرىدىكى غەزەپلىرىنى تۆكۈشلا ئەمەس، بەلكى شېڭ شىسەينىڭ قانداق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## كاتولىكلار ئىبادەتخانىسىدىكى ئالاھىدە تۈرمە

ئۈرۈمچىدە كىچىك نەنمىننىڭ سىرتىدىكى كاتولىكلار ئىبادەتخانىسىنى شېڭ شىسەي ئالاھىدە تۈرمە قىلغان ئىدى. ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققانلىكى چوڭ ئەنزىدىكىلەر ۋە ئالاقىدار مۇھىم گۇناكارلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ تۈرمىگە سولاپ مەخپىي جازالاپ سوراق قىلاتتى. سوراقخانىغا شېڭ شىسەينىڭ چوڭ خەتلىك «جازا بىلەن ئۆلگەنلەر سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن قول يازمىسى چاپلانغان ئىدى. ئىشلەتكەن جازا قوراللىرى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قول بارماقلىرىنى سىققىدىغان قىسقۇچ، تىزلاندۇرۇپ قويىدىغان داشقال پارچىسى، داغلايدىغان تۆمۈر، ئېغىز بۇرۇنغا قۇيۇدىغان لازا سۈيى، بارماقلار ئارىسىغا تىقىدىغان بامبۇك بىگىزى ۋە باشقىلار ئىكەن. يەنە يېڭىدىن ئىجات قىلغان «جاڭ فېنىڭ گۆش سېتىشى»، «ئايروپىلانغا بومبا ئېسىش»، «شاتۇتىنىڭ قونداقتا چىقىشى»، «باۋاڭنىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشى»، قاتارلىق تۈرلۈك ناملاردىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەھشەتلىك جازا قوراللىرى بار ئىكەن. بۇ يەرگە سولانغان گۇناكارلار بۇ مۇدھىش جازالار ئارقىلىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنمىغانلىرى ناھايىتى كەم، بەزىلەر قىيىن - قىستاقتا تونىغىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتەتتى.

بەزىلەر ناكا بولاتتى. بەزىلەر ئازاپتا ئولۈپتۈگەيتتى. گۇناكار-
لارنى ئۇرۇپ، ئېغىر جاراھەتلەنگەندىن كېيىن كىپسەلخانىغا ئا-
پىرىپ داۋالاپ جاراھىتى ساقايغاندا سوراققا تارتىپ يەنە جازا-
لايتتى.مەسىلەن: ئاۋاتسىيە مەكتىۋىدىكى ۋاڭ دىگەن بىر ئوقۇ-
غۇچىنى سوراق ئۈستىدە ئىككى بارمىغىنى كەندىر ئاغامچا بى-
لەن باغلاپ پۈتىنىڭ ئۇچى يەرگە ئارانچە تېگىدىغان قىلىپ
ئېسىپ ئۇدا 21 كۈن سوراق قىلغان، ھەر كۈنى ئۇنى قايناقسۇ
ياكى سۈت بىلەن ئوزۇقلاندۇرغان، بۇ ئوقۇغۇچى ھەرقېتىم ھوشى-
دىن كەتسە چۈشۈرۈپ ھوشىغا كەلگەندە يەنە ئېسىپ داۋاملىق
قىستاپ ئىقرار قىلدۇرماقچى بولغان. 21 كۈن بولغاندا بۈتۈنلەي
ھوشىدىن كېتىپ، بەدىنى ئىششىپ، جېنى تومشۇغىغا كېلىپ قال-
غاندا ئاندىن سورەپ سولاقخانىغا ئەكىرىپ قويغان، بىر نەچچە
ئايدىن كېيىن بەدىنى ئەمدىلا ئەسلىگە كېلىش بىلەن يەنە سو-
راققا ئەچىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قانداق بولغانلىقىنىڭ دى-
رىكى بولمىدى. مەسىلەن: يەنە مىخانىكىلاشقان بىرىگادىنىڭ
پەيجاڭى ليۇ ۋېنزىنى ئاتالمىش شىڭ شىسەينى ئولتۇرمەكچى
بولغان دىگەن ئەنزە بىلەن قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ تۈرمىگە
ئەكىلىپ قويغان ئىدى. سەكسەن نەچچە كۈن داۋاملىق قىيناپ،
سوراق قىلىپ، كوكرىگىنى سۇندۇرۇپ سول قولىنىڭ سىڭىرىنى
ئۈزۈپ ئۈزۈۋەتكەن. بۇ ئادەمنى تاش ئۆۋاقلىرىغا دەسسىتىپ ما-
ڭالماس بولۇپ قالغاندا ئاندىن كىپسەلخانىغا ئەكىلىپ داۋالات-
قان، جاراھەتنىڭ قەقەشلىرى تېخى ئاجرىماي تۇرۇپلا يەنە سو-
راققا ئېلىپ چىقىپ، تاش ئۆۋاقلىرىغا دەسسەتكەن، ئاخىرى
ئىككى پۇتى پۈتۈنلەي كاردىن چىققان ئىدى.



# ”توشقان تۇتۇپ بەرگەن ئىتنى دۇمبالاش“

قارا نىيەت شىڭ شىسەي ھەممىدىن گۇمانلىناتتى.تەخت-
كە ئولتۇرغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ قارشى تۇرۇشى ياكى
قەست قىلىشىدىن قورقۇپ ئەتراپتىكى يېقىنلىرىدىن خۇدۇكسى-
رەيتتى، مەيلى كونا، مەيلى يېڭى ئىشلەتكەن ھەربى-مەمۇرى خا-
دىملارغا ئىشەنمەيتتى. 12 - ئاپرېل جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن چىن جۇڭ، لى شياۋتيەن،
تاۋمىنيۇيلەرنى بىرىنچى قەدەمدىلا ئېتىپ تاشلىدى. ئولكە
رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى نەزەربەنت قىلدى. ياپونغا قارشى پىدا-
ئى قوشۇنلارنىڭ گېنىراللىرى جىڭ يۈنچىڭ، ياڭ ياۋجۈن قا-
تارلىق ئون نەچچە كىشىنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئولتۇردى. شىڭ
شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ھوقۇق تالىشىش
سوقۇشىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆچ چىقارغان باتالىيون باشلىقى-
مىڭ شى، پولكوۋنىك يۈدېشىڭ، يەن ياۋزۇڭ، ياڭ شۇتاڭلارنى
ئىلگىرى - ئاخىر قولغا ئېلىپ ئولتۇرۇۋەتتى. بىر نەچچە يىل
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان، ئوز قولى بىلەن ئوستۇرگەن پول-
كوۋنىك ليۇ يۈلىن، مادەسەن، نيۇ جىنخەن قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ
قانلىق قېلىچىدا ئولدى. يۇقۇرى دەرىجىلىك مەمۇرى خادىملار
ئىچىدە كىمنىڭ قابىلىيىتى ئۈستۈن، خىزمەتتە ئاكتىپ، ئىناۋى-
تى يۇقۇرى ياكى ئاز - تولا مەخپى خىزمەتكە قاتناشقان بولسا،
ھەممىسىنى قولغا ئالدى ياكى يوقىتىۋەتتى.مەسىلەن: ئىلىنىڭ
ۋالىسى چېن دېپى، مالىيە نازىرى خۇشۇكاڭ، خارجى ئىشلار باش-
قارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن نازىرى ۋاڭ يىڭلۇ، چوچەكنىڭ ۋالىسى جاۋ دېشيۇ، دۇ-

بەن گۆڭشۈ تەرجىمانلار باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى يى مىنجىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئەھۋالدا قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ نەزىرىدىكى شىڭ شىسەي

1941 - يىلى 2 - تۈرمىدىكى ۋاقتىمدا شىڭ شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى سۇڭ يىڭ بىلەن بىر نەچچە ئاي بىرگە بولدۇم. بۇ ئادەم دەسلەپتە بىز بىلەن ئانچە يېقىنلاشمىدى. كېيىنچە بىزگە بولغان پوزىتسىيىسى تەدرىجى ياخشىلىنىپ كۆڭلىدىكى گەپلەرنىمۇ دەيدىغان بولۇپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «شىڭ شىسەي قولغا ئالغان ئادەملەرنى گۇناسى بار بۇزۇق كىشىلەر، دەپتىكەنمەن. ئەمدى ئۆز بېشىمغا كەلگەندە چۈشەندىم. بۇرۇن شىڭ شىسەينى ئۇلۇق داھى دەپتىكەنمەن، ئەمدى قارىغىدەك بولسام، ھەممىسى يالغان ئىكەن، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىكەن». ئۇ يەنە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ: «شىڭ شىسەي مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى ئۆزى تۇتاتتى، ئۆزى تۈزۈم بەلگىلەپ، ئۆزى سىنايتتى، مۇھاپىزەتچىلەرگە شەپقەت قىلغان بولاتتى، ھەم بېسىم ئىشلىتەتتى، دائىم ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆزلىشەتتى. مائاشتىن باشقا قوشۇمچە پۇل ۋە بايراملاردا مۇكاپات بېرەتتى» دىگەن ئىدى. ھۆكۈمەت ئىشى ياكى شەخسى ئىش بىلەن سىرتقا چىققاندا، ئىككى كىشى بىرگە چىقىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قايتىپ كېلىشى بەلگىلەنگەن، يەنە بىر مىسال: شىڭ شىسەي ھەر



قېتىم سىرتقا مەجلىس ياكى مېھمانلار بىلەن (سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بارغاندا) كۆرۈشۈشكە چىقىشىنىڭ ئالدىدا، بىر نەچچە يولنى بەلگىلەپ پوسلارنى قويۇپ مېڭىش ۋاقتىدا مۇشۇ يوللارنىڭ بىرىنى تاللاپ ماڭاتتى. ئاممىۋى چوڭ يىغىنلارغا (12- ئاپرېل بايرىمى) قاتناشقاندا يول بويلىرى ۋە يىغىن مەيدانلىرىغا ھەربى-ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا مەيدە تىجارەتچىلەر شەكلىدە گىرىم قىلغان مۇھاپىزەتچىلەرنى ۋە ئايال ئوقۇغۇچىلار يىغىن مەيدانى ۋە سەھنە ئەتراپىغا قوياتتى. ئۇنىڭ مېھمان قوبۇل قىلىدىغان ئۆيى، ئىشخانىسى، قىرائەتخانىسى، تاماقخانىلىرىنىڭ ئالدىدا دائىم پوس تۇراتتى. ياتىدىغان ئۆيى بىر قانچە بولۇپ ھەر قانداق كىشى كىرەلمەيتتى. مۇھاپىزەتچىلەرمۇ ئۇنىڭ قەيەردە ياتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. تاڭ ئاتقىچە چىراق يېقىلىپ ھەر قايسى ئورۇندىكى پوسلار 2 سائەتتە بىر قېتىم ئالمىشىپ تۇراتتى. بۇ ئەشەددى مىلىتارىست بۇ ھەقتە قانچىلىك باش قاتۇرغان - ھە!

## بۇلار نەلەرگە كەتتى؟

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن كۆپلىگەن ئاق رۇسلار شىنجاڭغا كىرگەن ئىدى. جىن شۇرېننىڭ ئاخىرقى دەۋرى، شىڭ شىسەينىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ قالايمىقانچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن رۇسلارنى ۋە ئاق رۇس ھەربى ئەمەلدارلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئاتالمىش «گۇيخۇا جۈن» تەشكىللىگەن، بۇلار جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش

ۋە شىڭ شىسەيىنىڭ ھوكۇمىرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتە خېلى
كۈچ چىقاردى. 1937- يىلى شىڭ شىسەي ھەر مىللەت ھەر سا-
ھەدىكى كىشىلەرنى ھەدەپ قولغا ئېلىۋاتقاندا «گۇيىخۇا جۇن»
دىكى كوپلىگەن ھەربى ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەرنى قولغا ئال-
دى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىكتىيوۋ،
ئورتا مەكتەپ مۇدىرى ئىۋانوۋ، «گۇيىخۇاجۇن» نىڭ تۇەنجاڭى
نىكالايىۋ، لەنجاڭ پەلىنوۋ، ئوقۇتقۇچى چاچىلوۋ بۇندىن باش-
قا يەنە رولوسو، دىياجىۋ، كوزنىتسوۋ، كالولىنكا قاتارلىقلار
بار ئىدى، بۇ ئادەملەردىن بەزىلىرى شىڭ شىسەي تەختىدىن
(1944-يىل 10- ئاي) چۈشكەندە تۈرمىدىن چىقتى، بەزىلىرىنىڭ
ئىز - دىرىكى يوق.

مەخپىيەتلىك ئاخىرى ئاشكارا بولدى، يۇقۇرىدىكى مۇل-
چەر خاتا بولغان ئىكەن، ئىز - دىرىكى يوقلاردىن پەلىنوۋ 3 ۋى-
لايەت ئىنقىلاۋىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئىچكى ئىشلار بۇجاڭى
ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ھېچ كىشىنىڭ خەۋى-
رى يوق ئىۋانوۋدىن شىڭشىسەي ئاغدۇرۇلۇشنىڭ ئالدىدا مە-
لۇم دولەتتىن بىر پارچە خەت كەلگەن. خەتتە شىنجاڭدىكى ۋاخ-
تىدا شىڭ شىسەيىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردەم ۋە غەمخورلىقىغا
رەھمەت ئېيتقان.

## جۇڭگودىكى گۇناكارلارنى سوراق قىلىدىغان چەتئەللىك

1939- يىلى تۈرمىدە ياتقان ۋاختىمدا بىر كۈنى بېشىمغا
قارا خالتىنى كەيدۇرۇپ، كىچىك بىر هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، 2-
تۈرمىدىكى سوراقخانىغا ئېلىپ باردى. چىرايلىق ياسالغان
ئىشخانىدىكى ئۈستەلنىڭ ئالدىدا پايىنەك باش، ئۇزۇن بويلۇق



بىر چەتئەللىك ئولتۇراتتى. ئۇ جۇڭگوچە سوزنى ئەپچىل سوز-
لەپ، مېنىڭ ئىسىم-پەمىلەمنى، ياش، يۇرتۇمنى، ئائىلە مۇلۇك-
لەرنى، تارىخىمنى سوراپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا، مەن بىر
ئامال قىلىپ كېيىنكى ئايدا (8- ئاي) سېنى قويدۇرىۋېتەي،
سەن چىققاندىن كېيىن بىر كىشى سېنىڭ ئويۇڭگە بېرىپ خىز-
مەت مەسىلەڭ توغرىسىدا سوزلىشىدۇ، بىراق بۇگۇن سوزلەشكەن-
نى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىڭنى ھېچقانداق كىشىگە
ئېيتمايسەن دىدى. گېپى تۈگەش بىلەن كىشى چاقىرىپ
مىنى تۈرمىگە ئاپىرىپ قويدى. بىر قانچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن
ھەر كۈنى بىزنىڭ ياتاقتىن بىر كىشىنى سوراققا ئېلىپ چىقىد-
ىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە لى جونتاڭ، چوي زىچىڭ،
جو فوجاڭ، سوڭ نىڭ دىگەنلەر بار ئىدى. بۇ قېتىمقى سوراق-
تىن كېيىن كوڭلۇم خاتىرجەم بولمىدى، بىر تەرەپتىن غەم قىل-
سام يەنە بىر تەرەپتىن خوشال بولدۇم، تۈرمىدىن چىقىپ ئاتا-
ئانا، خوتۇن - بالا چاقىلىرىم بىلەن كورۇشىدىغان بولدۇم دەپ
خوشال بولسام، خىزمەت بېرىمىز دەيدۇ. نىمە ئۇچۇن يەنە ئوغرى
موشۇك تىمىسقىلىغاندەك مەخپى بولىدۇ؟ دەپ غەم قىلاتتىم. بۇ-
نىڭدا چوقۇم باشقىلارغا ئېيتقىلى بولمايدىغان ھىيلە بار دەپ
ئويلايتتىم. لى جونتاڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم يېقىن ئىدى. شۇ-
ڭا مەن ئۇنىڭدىن: «سوراققا ئېلىپ چىققاندا ساڭا نىمىلەرنى
دىدى؟ دەپ سورىدۇم، ۋە مەندىن سورىغان ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا
ئېيتىپ بەردىم» لى جونتاڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ راست سوزنى
قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتقان گېپى بىلەن ھېلىقى چەتئەللىك (سوت-
چى) نىڭ ماڭا دىگەن گېپى پۈتۈنلەي ئوخشاش چىقتى، بىراق
بىر ئاي ئوتتى، بىر يىلمۇ ئوتتى، سوراقچى ئېيتقان سوزلەر
ئىشقا ئاشمىدى.

1979- يىلى 18- ئىيون ئاخىرلاشتى.

# تۆرمىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

ليۇ دېخې

1942 - يىلى مەن مالىيە ھەيئىتىنىڭ كاتىۋات مۇدىرى ئىدىم. ساڭ گوفېڭ ھەيئەت مۇدىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يولداش ماۋزېمىن ھەيئەت بولغان ئىدى. ئۇ چاغدا مەن مالىيە نازارىتى ئىچىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇراتتىم. قەمەرىيە 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچتە بىرسى ئىشىك چەكتى، ئىشىكنى ئېچىۋىدىم ئوتتۇرا ياشلىق بىر كادىر كىرىپ، غەربىي زالدا يىغىن بار ئىكەن، دۇبەن سىزنى يىغىنغا قاتنىشىشقا دەيدۇ، دېدى. مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ بولۇپ، ئايالىمنىڭ قولىغا پېچىرلاپ، ئەھۋال ياخشى ئەمەس، قولغا ئېلىنىپ كېتىشىم مۇمكىن، سەن باللارغا ۋە ئۆيگە ئوبدانراق قارىغىن دېدىم. مالىيەنازارىتىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندا بىر كىچىك ماشىنا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ھېلىقى كىشى ماڭا مەرھەمەت، ماشىنىغا چىقىڭ، دېدى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە شوپۇردىن باشقا يەنە بىر كىشى بار ئىكەن. تۈن قاراڭغۇسى بولغانلىقتىن چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. ماشىنا داشىزىغا كەلگەندە، غەرب تەرەپكە بۇرۇلۇپلا ئۇدۇل ئىككىنچى تۆرمىگە كىرىپ كەلدى. يېرىم كېچە بولغانلىقتىن كامېردىكىلەر ئۇخلاپ كەتكەن ئىكەن، تۆمۈر دەرۋازادا راڭلاپ ئېچىلدى-دە، شۇئانلا مېنى



ئىچكىرىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغانلىقتىن ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇشتۇمتۇت بىرسى مەندىن قولغا ئېلىنىش ئەھۋالىمنى سورىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تونۇش بولغانلىقتىن ئۇ سوزئارا فامىلە سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ كونا دوستۇم تاۋخىۋەن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ 1937 - يىلى جاڭ شىڭ باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش سوۋېتقەستلىك قوزغىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسىگە چېتىلىپ قولغا ئېلىنغان ئىكەن، ھازىر تۆرمىدە ياتقىنىغا 5 يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى تاۋشيۇيۈن ئەسلى قىزلار مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. شىڭ شىسەي باندىتلىرى ئۇنى خائىنلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتى دەپ غۇلجاكۆرەڭگە سۈرگۈن قىلغاندا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن كېسەل بولۇپ ھالىدىن كەتكەن ئىكەن. بۇ كامېردا يەنە ئېلىنغان تورە، لۇ ۋېنزىڭ، شاپىڭجىن، ما ۋېنچۈەن، ما چىڭفۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. تۇۋەندە يۇقۇرقىلارنىڭ سوراق قىلىنىش ئەھۋالىنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1. ليۇ ۋېنزىڭ شەرقىي شىماللىق، مىخانىكىلاشقان بىرىگادا توپچى باتالىيونىنىڭ شتاپ باشلىقى ئىدى. ئۇ تۆرمىگە ئېلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا سوراققا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنچە تەخمىنەن يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن كامېرغا قايتىپ كەلدى. بىز 24 - نومۇرلۇق كامېردا تۇراتتۇق، ھەركۈنى ئىككى قېتىم تەرەتكە چىقارغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قوياتتى. تۆرمىنىڭ قائىدىسى بويىچە ناخشا ئېيتىشقا، ئۈنلۈك سوزلىشىشكە يول قويۇلمايتتى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا جازاغا تارتىلاتتى. ئىشىكنىڭ سىرتىدا پوسلار كېچە - كۈندۈز ئالمىشىپ

نۇۋەتچىلىك قىلاتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە تەرەت تۆكۈش قۇيۇلغان بولۇپ، ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك تەرەتكە چىقىش ۋاقتىدا ئۇنى ئېلىپ چىقىپ توكەتتۇق. بىز شىمال تەرەپتىكى 21 - نومۇردىن 27 - نومۇرغىچە بولغان كامېردا تۇراتتۇق، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 3 قاراڭغۇ كامېر بولۇپ، ھەربىرسىگە بىردىن ئادەم ئاراندىلا سىغاتتى. ئۇنىڭ ئىچى قاپ - قاراڭغۇ بولغاچقا ھېچنېمىنى كورگىلى بولمايتتى. بىر كامېردىكىلەر شاخمەت ئوينايتتۇق (نان ئۇۋاقلىرىدىن شاخمەت ئۇرۇقى ياسىۋالاتتۇق). كامېر سىرتىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر ئالالمايتتۇق، شۇڭا ھەرقايسى كامېرلاردا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق. ليۇ ۋېنزېڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنى كاتولىك چېركاۋىسىدا سوراق قىلغان ئىكەن. 80 كۈندىن ئارتۇق سوراق جەريانىدا تۈرلۈك قىيناشلارنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغان، ئۇنىڭ كوكرەك قوۋۇرغىسى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىلگەن، سول قولىنىڭ ئالقىنى، ئىككى تاپىنى پۈتۈنلەي تاتۇق بولۇپ كەتكەن، سوراق قىلىنىپ ھوشىدىن كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ بىگىز قولىنى سۇرۇققا چىلاپ — قەغەزگە باستۇرۇۋېلىپ ئاندىن كېسەللەر ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان. ئۇنىڭ جاراھىتى ئاساسىي جەھەتتىن ساقايغاندىن كېيىن ئاندىن كامېرغا ئەكىلىپ قويغان. سۇندۇرۇۋېتىلگەن كوكرەك قوۋۇرغىسى دائىم ياللۇغلىنىپ تۇرغانلىقتىن شىپاخانىدا ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى ئېلىۋېتىلىپ يەنە كامېرغا ئەكىلىپ قويىدى، بىز ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۈرمىدە بىللە تۇردۇق. 1944 - يىلى قىشتا — شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىنلا بىز تۈرمىدىن چىقتۇق. ئۇ بىر قەيسەر ئەزىمەت ئىدى، ئۇ



ھەرگىزمۇ يوقنى باردەپ قالايمىقان بىلجىرلايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭلاشقا نۇرغۇن قىيناشلاردا ھوشىدىن كەتكەندە غالچىلار ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئىقرارنامىنى يېزىپ قولىنى باستۇرۇۋالغان. بۇ كىشى ھازىر قاراشەھەردىكى مەلۇم دېخانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سول قولى تۈگۈلمەيدىغان ھەم ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالغان. نۇرغۇن قېتىم داشقالغا دەسسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىككى تاپىنى پۈتۈنلەي يارىلىنىپ تاتۇق بولۇپ كەتكەن. 80 كۈندىن ئارتۇق سوراق جەريانىدا كوپ قېتىم قامچىلاپ ئۇرغان. غالچىلار ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ سېنىڭ قانچىلىك قاتتىق ئىكەنلىكىڭنى كورۇپ باقايلى دەپ قوۋۇرغىسىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەن.

2 - تاۋخۇەن خۇنەنلىك ئىدى. قورچاق ئۆلكىلىك ھوكۈمەت كاتىۋات باشقارمىسىدا كاتىپ بولغان، 1937 - يىلى كۈز ئايلىرىدا ئاتالمىش چاڭ شىڭ باشچىلىقىدىكى سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسىگە چېتىلىپ قولغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئايالى تاۋ شيۇيۈن قىزلار مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ھازىر پىنسىيىگە چىقتى. مەن تۈرمىگە كىرگەندە تاۋ خۇەننىڭ تۈرمىدە ياتقىنىغا 5 يىلدىن ئاشقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن 37 - يىلدىكى سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ ماڭا، مەن نەدىن بىلەي دىدى. ئۇنداق بولسا سىزنى سوراق قىلغاندا نېمە دەپ جاۋاپ بەردىڭىز؟ دىسەم، ئۇ ماڭا، 5 يىلدىن ئاشتى ھېچكىممۇ سوراق قىلمىدى دىدى. ئاردىن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئوتكەندە، مەلۇم بىر كۈنى ئۇنى ئەپچىقىپ گەپ سوراپتۇ، قايتىپ كېلىپ ماڭا بۇگۈن تەپتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ بىندى بىزگە

سوز قىلدى، چاقىرتقانلار 20 دىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، ھەممىسى 37 - يىلى كۈزدە قامالغانلار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە جاڭ جىجۇن بار ئىكەن، ھېلىمۇ ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ دىدى. تاۋ خۇەننىڭ ئېيتىشىچە، لېۋبىندى ئۇلارغا، سىلەر تۈرمىگە كىرگىلى 5 يىلدىن ئاشتى، گۇنايىڭلار يېنىك بولغىنى ئۈچۈن تېخىچە گەپ سورىمىدۇق، ئەمدى ھۆكۈمەت سىلەردىن كېچىرىم سوراپ قويۇۋېتەرمۇ؟ مېنىڭچە مۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا قايتىپ بېرىپ ھەرقايسىڭلار ئۆزەڭلەرنىڭ ئەھۋالى بويىچە ئەرز - ئىلتىماس يېزىڭلار، دەپتۇ. تاۋ خۇەن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى تەپسىلى سوزلەپ بەردى. بىز قويۇۋېتىش ئېھتىمالى بار دەپ پەرەز قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر پارچە ئەرز يېزىپ يۇقۇرىغا يوللىدى. نەتىجىدە گەرچە رەسمىي قويۇپ بەرمىگەن بولسىمۇ لېكىن كوپ ئۆتمەستىن جىنايەتچى ئىشچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى.

3- شاپىڭجىن، خۇيزۇ، مىچۇەن ناھىيىسىدىن، خۇيزۇ ئاخۇنى بولۇپ، ما لياڭجۇن ئاخۇنىنىڭ ئىشەنچلىك مۇرىتى. ئۇ مەندىن ئىككى ئاي بۇرۇن تۈرمىگە كىرگەن. بىز 24 - نومۇرلۇق كامىردا ئىككى يىلدىن ئارتۇق بىللە ياتتۇق. ئۇنى بىر يىلدىن كېيىن سوراق قىلدى، ئۇ چاغ دەل ياز ۋاقتى ئىدى. ئۇنى ما لياڭجۇن ئاخۇنىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدا جۇملىدىن قارا شەھەر ئەتراپىدا ھەم ئىچكىرىدە قانداق ئادەملەر بىلەن ئالاقىسى بارلىقى، قانۇنغا خىلاپ قانداق ھەركىتىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئىقرار قىلىسەن دەپ قىستىغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن جاۋاپ بېرىشكە ئامالسىز قالغان. ئۇنىڭ ماڭا سوزلەپ بېرىشىچە، ئۇنى تامغا قارىتىپ قويۇپ، يۇڭ ئەدىيال بىلەن بېشىنى



پۈركەپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلىتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ يېمەك - ئىچمەك بەرمەي، ئۇدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز قىيىنىغان. ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ئەدىيال پۈركەلگەندىن كېيىن دىمىقىپ تېخىمۇ تەرلەپ تۇنجۇقۇپ كەتكەن. ئەگەر راۋرۇس تۇرمىسا ياكى ئۆگدەپ قالسا ئالمىشىپ نازارەت قىلغان غالچىلار ئۇنى قامچىلاپ ئۇرغان. نەچچە كېچە - كۈندۈز تۇرغاچقا ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن. ئازاپقا چىدىماي نىمە دىسەڭلەر شۇ دىگەندە سوراقچىلار ئۆز غەرىزى بويىچە، ما لياڭجۇن ئاخۇنىنىڭ مەخپىي سۇيىقەستلىك ھەركەتلىرى باردەپ ئۆزقەلىمى بىلەن ئىقرارنامە يازغاندىن كېيىن ئاندىن سوراق تاماملانغان. 1944- يىلى قىشتا، باندىت شىڭشىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ تۈرمىدىن چىقتى.

1944- يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئۇشتۇمتۇت يېنىمىزدىكى 23- نومۇرلۇق كامىردىكى ئادەملەرنى يوتكەپ كەتكەنلىكىنى، بىردەمدىن كېيىن يەنە كوپلىگەن ئادەملەرنى يوتكەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۆز ئارا سوزلىشىشكە ۋە كۆرۈشۈشكە يول قويۇلمىغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە كامىر ئىشىكلىرى تاقاقلىق بولغانلىقتىن كىملەر كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. باندىت شىڭشىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن 23- كامىردا كونا دوستۇم ۋەنجۇنۋۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ۋەنجۇنۋۇ ئەسلىدە غۇلجا باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇ ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى 23- نومۇرلۇق كامىرغا قامالغانلاردىن ئىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار غۇلجىدا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا شىڭشىسەيدىن بىر قانچە ئىدارە باشلىقلىرىنى يىغىنغا تەكلىپ قىلغان

تېلېگىرامما كېلىدۇ، ۋەنجۇنۋۇ بىلەن ھاكىم ۋە سودا شىركىتى-
نىڭ جىڭلىلىرى مۇزاكىرىلىشىپ بىر ماشىنا تەييارلاپ يولغا
چىقماقچى بولىۋاتقاندا ئىلى جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدىن
بىر كادىر كېلىپ، بىز بۇيرۇق بويىچە بىر جىنايەتچىنى سىلەر-
نىڭ ماشىناڭلارغا سېلىپ ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بەرمەكچى
بولدۇق، يەنە بىر كادىر قوشىمىز. يول ئۈستىدە ھەر قانداق
ۋەقە چىقسا شۇ كىشى مەسئۇل بولىدۇ دەيدۇ. ئۇلار ماقۇل بو-
لۇپ جىنايەتچى بىلەن بىر نەپەر كادىرنى ماشىنىغا سېلىۋالىدۇ.
ئۇ كادىر يول ئۈستىدە ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە
داشىمىڭدىن ئوتىسىلا داشىمىڭنىڭ سول تەرىپىدە ئىككىنچى
تۈرمە بار، سىلەر جىنايەتچىنى ئىككىنچى تۈرمىگە ئاپىرىۋېتىپ
ئاندىن ئۆزەڭلار بارماقچى بولغان يەرگە بارساڭلار بولامدۇ؟
دەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ما-
شىنىنى ئىككىنچى تۈرمىگە ئەكىرىپ، جىنايەتچى بىلەن ھېلىقى
ساقچى كادىرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ تۇرغاندا، تۈرمىنىڭ خىز-
مەتچى خادىملىرى چىقىپ ماشىنىدىكىلەرگە، جاپا تارتتىڭلار
ھەممىڭلار چۈشۈپ دەم ئېلىپ مېڭىڭلار دەپتۇ، ئۇلار، رەھمەت
كۆن كەچ بولۇپ كەتتى، بىز چۈشمەيلى دەپ تۇرۇشىغا بىر
نەچچە ساقچى ماشىنىغا چىقىپ، ماشىنىدىكى يۈك تاقلارنى
تۆۋەنگە تاشلاپ ھەممىڭ چۈشۈش! دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇلار
نائىلاج ماشىنىدىن چۈشىدۇ، ئاندىن ھەر بىر ئادەمنىڭ نەرسە-
كېرەكلىرىنى تىزىملىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە ئىمزا قويغۇزۇپتۇ
ۋە ئۇلارنى يەنە باشقا بىر ئۆيگە ئاپىرىپ ئۈستى باشلىرىنى بىر
قېتىم ئىنچىكە تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەر بىر ئادەمنىڭ



بېشىنى قارا رەخ بىلەن پۈركەپ، ھەيدەپ 23- نومۇرلۇق كا-
مېرغا ئاپىرىپ سولاپتۇ، سوراقمۇ قىلماپتۇ. باندىت شىڭشىسەي
شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىنلا ئۇلار تۈرمىدىن بوشاپ چىقتى.

سەي جىنسىنىڭ، باندىت شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە
قاراشەھەردىكى مەنخەنۋاڭنىڭ كاتىۋى بولغان ئىدى، ئۇنىڭ
خىزمىتى ئولكىگە يوتكەلگەندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە
بازار ئارىلاپ يۈرسە، توساتتىن بىرسى كېلىپ، بىزنىڭ باشلى-
غىمىز لى يىڭچى سىزنى بىر كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ، سىز بىلەن
سوزلىشىدىغان ئىشى بار ئىكەن دەپتۇ. سەي جىنسىنىڭ ئۇنىڭغا،
مەن قايتىپ بېرىپ ئويدىكىلەرگە ئېيتىپ قويۇپ ئاندىن باراي
دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا، بېرىپلا قايتىپ كېلىسىز، ۋاقتى
ئۇزۇنغا بارمايدۇ، بىللە بارايلى دەپتۇ، سەي جىنسىنىڭ بۇ كىشى
بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. نەتىجىدە ئۇنى ئودۇل ئىك-
كىنچى تۈرمىگە ئاپىرىپ سولاپ قويۇپتۇ. كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ
تۇتقۇن قىلىشتا تەتقىق قىلىپ پىلانلىق ھالدا ئىش ئېلىپ بار-
غان، ئۇسۇل- چارىسى ئەپچىل، دېمەك كىشىلەر ئوزلىرىنىڭ
قاپقانغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالاتتى.

4- ماچىڭفۇ، گوچوڭلىق، خويزۇ، 24 ياش. راڭپېزا
سېتىپ كۆن كەچۈرەتتى. ئۇ مەن بىلەن 24- نومۇرلۇق كا-
مېردا بىللە ياتقان، ئۇنى يېرىم يىلدىن كېيىن سوراققا
ئېلىپ چىقىپ، ئىسمىڭ نىمە دەپ سورىغاندا
ئۇ، ئىسمىم ماچىڭفۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن، سوراقچى ئۇنىڭغا:
سېنىڭ ئىسمىڭ مافۇ، نىمە ئۈچۈن ماچىڭفۇ دەيسەن، ھېلىگەر-
لىك قىلىپ كوز بوياپ ئوتۇپ كەتمەكچىمۇ؟ دېگەن. ماچىڭفۇ

ئۇنىڭغا، مېنىڭ ئىسمىم ئەسلىدىنلا ماچىڭفۇ، پۇخرالىق گۇۋانامەمنى كورۇپ باقسىڭىز بولىدۇ، دەپ گۇۋانامىسىنى سۇنۇپ بېرىدۇ. سوراقچى گۇۋانامىنى كورگەندىن كېيىن ئۇنداق بولسا سەن مافۇ دىگەن ئادەم بىلەن تونۇشامسەن، شۇنداق بىر ئادەمنىڭ بارلىغىنى بىلەمسەن دەپ سورىغان، ماچىڭفۇ بىلمەيمەن دىگەندە، سوراقچى ئۇنىڭغا، ئۇنداق بولسا سەن قايتىپ تۇرغىن دىگەن. دىمەك بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا ماچىڭفۇ خاتا قولغا ئېلىنىپ قالغان.

5. ئېلىخان، قازاق بولۇپ، نىلقا ناھىيىسىدىكى قازاقلارنىڭ ۋاكى ئىدى. ئۇ شىڭشىسەي چاقىرغان موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيى ۋاقتىدا ۋەكىل بولۇپ ئۇرۇمچىگە كەلگەن ئىدى، قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندا قولغا ئېلىنغان ئىكەن. تۈرمىدە ئۈچ يىل ياتقاندىن كېيىن، سوراققا ئېلىپ چىقىپ: سائا قاراشلىق كوچمەن چارۋىچىلارنىڭ قولىدىكى قورال- ياراقلار تولۇق تاپشۇرۇلدىمۇ، بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالامسەن دەپ سورىغاندا، ئۇ، ھەممىنى تاپشۇرۇۋەتكەن، بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالايمەن دەپ جاۋاپ بەرگەن. سوراقچى ئۇنىڭغا سەن كەلگىلى 4 يىل بولاي دەپ قالدى. يەنە ئىككى ئىشنى ئېنىق تاپشۇرىدىغان بولساڭ قويۇپ بېرىمىز دىگەندە، ئۇ، قېرىپ قالدىم، نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، سىز گەپنىڭ بېشىنى كورسىتىپ بېرەلەمسىز دىگەندە، سوراقچى ئۇنىڭغا، بولىدۇ سېنىڭ ئېسىڭگە سېلىپ قوياي، سەن بۇرۇن «تولۇقچى قوڭغۇزلارنىڭ سوقۇشقانلىغى» توغرىسىدا گەپ قىلغانمىدىڭ؟ دىگەن. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاپ بېرىپ: «مەن مەج-



لىسكە كېلىشتىن بۇرۇن چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئارىلاپ يايلاقتا يۈرگىنىمدە، تولۇقچى قوڭغۇزلارنىڭ ئوز ئارا سوقۇشۋاتقانلىغىنى كورگەن ئىدىم، قۇرۇلتاي جەريانىدا كىنودىن ئادەملەرنىڭ ئوز ئارا سوقۇشۇپ قىرىلىۋاتقانلىغىنى (شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش» دىگەن فىلىم قويۇلغان ئىدى) كورگەندىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقان بىر قازاق ئاغىنەمگە: يايلاقتا تولۇقچى قوڭغۇزلار سوقۇشقانلىغىنى كورگەن ئىدىم، ئەمدى ئادەملەرنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىغىنى كورۇۋاتىمەن، بۇ دۇنيا نىمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ، دىگەن سوزنى قىلغان ئىدىم، دىگەن. سوراقچى ئۇنىڭغا، ئەمدى ئىككىنچى ئىشنىڭ بېشىنى دەپ بېرەي، سەن يىغىنغا كېلىۋېتىپ غۇلجا بازىرىدا قارا بېلىق سېتىلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ نىمىلەرنى دىگەن ئىدىڭ؟ دىگەندە، ئۇ، بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ: مەن يىغىنغا كېلىۋېتىپ غۇلجىدىن ئوتكەندە بازار ئارىلاپ، ئىلىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، بازاردا قارا بېلىق سېتىلىۋاتقانلىغىنى كوردۇمدە، يىغىنغا كېلىۋاتقان ھەمرايىمغا، بۇرۇن ئىلى دەرياسىدا قارا بېلىق يوق ئىدى، بۇ قارا بېلىقلار نەدىن كەلگەندۇ، سوۋېت تەرەپتىن كەلگەنمىدۇ- يا؟ دىگەندەك گەپلەرنى قىلغان ئىدىم، دىگەن. سوراقچى ئۇنىڭغا، بولدى سەن ھەممىنى ئېنىق سوزلىدىڭ، ئوزەڭمۇ يەتمىش ياشقا كىرىپ قاپسەن، بىز دۇبەنگە مەلۇم قىلىپ، يولىيورۇق سورىغاندىن كېيىن سېنى قايتۇرۇۋېتىمىز دىگەن. ئۇ كامىرغا قايتىپ كېلىپ ئىككى ئاي ئوتكەندە، يەنى 1944- يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا ئۇنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ شەكلى ۋە باشقا نەرسە- كېرەك-

لىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى. ئاڭلىساق ئۇنى تۈرمىدىن قويۇۋەتـ
كەن ئىكەن.

ۋاڭ فامىلىلىك يەنە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ كونا كۈرەلىك
ئىدى، موڭغۇلچە بىلەتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇششاق
ئېلىپ- ساتارلىق قىلىپ كۈن كەچۈرەتتى. شىڭشىسەي تەرىپىـ
دىن قولغا ئېلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن سوراققا ئېلىپ چىققاندا
ئۇ، مەن ھوكۇمەت ئىشىغا ئارىلىشىپ باقمىغان، چارۋىچىلىق
رايونلىرىدا ئۇششاق ئېلىپ- ساتارلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىـ
ۋاتقان ئادەم تۇرسام، مەن نىمە گۇنا قىلدىم؟ دەپ سورىغاندا،
سوراقچى ئۇنىڭغا، سەن خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەن، ئوچىغىنى
ئېيتىپ قوياي، سەن زادى قانداق تەشكىلاتقا قاتناشتىڭ؟ باشـ
لىغىڭلار كىم؟ قانداق قانۇنسىز ھەركەتلەرنى قىلدىڭ؟ سېنى
كىم تارتقان؟ سەن كىملەرنى تارتتىڭ؟ ھەممىسىنى تەپسىلى
تاپشۇر. ئالدى بىلەن سېنى كىم تەشكىلاتقا تارتىپ قاتناشتۇر-
غانلىغىنى تاپشۇر، دىگەندە، ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ، مېنى ۋاڭ
غوجام تارتتى، دىگەن. سوراقچى خوشال بولۇپ: توغرا، توغرا،
ئۇ زادى قايسى ۋاڭ غوجام؟ ئالتايدىكى ئەلەن ۋاڭمۇ ياكى قارا-
شەھەردىكى مەنخەن ۋاڭمۇ؟ دىگەندە، ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ھېچقايسى
ئەمەس دىگەن. سوراقچى ئۇنىڭدىن: ئەمىسە قايسى ۋاڭ؟ زادى
قايسى ۋاڭ غوجام؟ دەپ سورىغان. ئۇ، مېنى دىڭشياڭ ئۆزىگە
تارتقان دەپ جاۋاپ بەرگەن. سوراقچى ئۇنىڭغا ۋاقىراپ، نىمىلەرنى
جۆيلۈۋاتىسەن، دىڭشياڭ دىگەن بۇت تۇرسا، قانداق قىلىپ
سېنى ئۆزىگە تارتالايدۇ دىگەندە، ئۇ، يەنە دىڭشياڭ غوجام
چۈشۈمدە مەن بىلەن كۆرۈشكەن دىگەن. سوراقچى غەزەپ بىلەن
تىكىلىپ، سەن ئىشت نىمىلەرنى دەپ كاپشىۋاتىسەن، دىگەندە،



ۋاڭ جاۋاپ بېرىپ: «قانچىق سەكرىسە، كۈچۈك قاۋايدۇ، سەكرەپ
قويسا، قاۋاپ قويىدۇ» دىگەن. سوراقچى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ،
ئىككىنىسى تېپىۋېتىپ: «سەن نىمە دەپ ئالجىۋاتىسەن دىسە، ئۇ:
«مەن ئالجىۋاتقىنىم يوق، مېنىڭ دىگەنلىرىم باشلانغۇچ مەكتەپـ
نىڭ دەرسلىك كىتاۋىغا يېزىلغان» دىگەن. سوراقچى تېخىمۇ
تېرىكىپ بىر قانچىنى تەپكەندىن كېيىن، ئۇنى كامىرغا قايتۇ-
رۇۋەتكەن، ئارىدا ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ
چىقىپ كەتكەن، شۇندىن كېيىن ئۇنى باشقا تۈرمىگە يۆتكىۋەتـ
تىمۇ ياكى باشقىچە چارە كۆردىمۇ، خەۋىرىنى بىلەلمىدۇق.

مېنىڭ تۈرمىدە كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىم يۇقۇرقىلاردىن
ئىبارەت. شىڭشىسەينىڭ كىشىلەرنى قولغا ئېلىش ۋە سوراق
قىلىشتىكى بەزى ئەھۋاللارغا قاراپ، ئۇنىڭ ۋەھشىلىكتە ھەقىـ
قەتەن چېكىگە يەتكەنلىگىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# شىڭشىسەي ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش سۇيىقەستلىك توپىلاڭ قوزغاش ئەنزىسىنىڭ ھەقىقىي سىرى

سەي خېڭسىنىڭ

## 1

1937 - يىلى 10 - ئايدا ھاۋا بىردەم ئېچىلىپ بىردەم تۇتۇلۇپ كۈز شامىلى سوقۇۋاتقان بىر كۈنى، شىڭشىسەي بېيمىن سىرتىدىكى ھەربىي مەكتەپ مەيدانىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، لۇگوۋچياۋ ۋەقەسىنى ئېلان قىلىپ ئومۇمى خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىغىنى، شىنجاڭ بولسا مۇھىم ئارقا سەپ ئىكەنلىگىنى، ھوشيارلىقنى ئوستۇرۇپ، تېچلىقنى قوغداش لازىملىغىنى سوزلەپ، يېقىندا ھوكۇمەتنىڭ خوجا نىيازھاجى (ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، جاڭ شىڭ (مائارىپ نازىرى)، خۇاڭ خەنجاڭ (يۇقۇرى سوتنىڭ باشلىغى)، پىڭ لياڭ (دوبەن مەھكىمىسى ھەربىي قانۇن باشقارما باشلىغى) قاتارلىقلارنى قولغا ئالغانلىغىنى، ئۇلار ياپون جاھانگىرلىگى بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، توپىلاڭ قوزغاش سۇيىقەستى پىلانلاپ، ھوكۇمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغانلىغىنى ئۇقتۇردى.



شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ھوكۇمەت سىياسىتىدە پاكىت ۋە ئىسپاتقا ئاساسلىنىپ، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلمايدىغان، بىرمۇ يامان ئادەمنى قويۇۋەتمەيدىغانلىغى توغرىسىدىمۇ سوزلىدى. يىغىندا شىڭشىسەي ئىسمىنى ئاتاپ ئېلان قىلغان كىشىلەردىن باشقا، شۇ مەزگىللەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قولغا ئېلىنغانلاردىن يەنە ماشاۋۇ (خەلق ئىشلار نازىرى)، مەن چۇكجاپ، شىلىنكجۇلار (قاراشەھەر موڭغۇل باشلىقلىرى)، بەندى (موڭغۇل ۋاڭى)، يۇنۇسبەك (ئۇيغۇر، دىخانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى)، خۇتىڭۋېي (دوبەن مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى)، شى شىچاڭ (قورۇلۇش ھەيئىتىنىڭ باشلىغى) قاتارلىقلار بار ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى شۈيۈيخۇنى ئىچكى بولۇمىگە چاقىرىپ، يۈزدەك ئادەم تىزىملانغان بىر ئىسىملىكنى ئېلىپ چىقىپ كورسۇتۇپ، بۇ كىشىلەرنى ئەتە سائەت 12 دىن بۇرۇن دوبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىغا توپلۇنۇپ، يول - يورۇق كۈتۈشنى بۇيرۇيدۇ. شۇ بويىچە بۇ كىشىلەر ئەتىسى غەربىي زالغا توپلۇنۇپ دوبەن كېلىپ ئوزلىرىگە يول - يورۇق بېرىشىنى تاكى چۈشتىن كېيىنگىچە كۈتىدۇ، ئەمما دوبەن كەلمەيدۇ. ئادىيۇتانتلار باشقارمىسىدىن چىن يۇجۇ بىلەن خىۋەنرۇڭ ئىككىسى كېلىپ كۆپچىلىكنى رەتكە تىزىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىغا بېرىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ چاغدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ۋاقىتلىق تۇرمە قىلىپ ئوزگەرتىلگەن ئىدى. بۇ كىشىلەرنى شۇ يەرگە ئەكىلىپ چوڭ زالغا توپلاپ نەزەر

بەنت قىلىندى. بۇ قېتىم كوللېكتىپ قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە دوبەن مەھكىمىسى مەھۇرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شۈي دىڭيىڭ، قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى جۇنتاڭ قاتارلىقلاردىن باشقا قالغانلىرى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ بولۇم باشلىقلىرى، كاتىپلىرى، مۇدىرلىرى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، شۇنداقلا سودا ساھەسىنىڭ رەھبىرى ئەرباپلىرىدىن ساۋيۇيسەن، جاۋياڭگۇڭ، ماخېنيەن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر باسقۇچتا توپىلاڭ قوزغاش سۈيىقەست ئەنزىسىگە قاتناشقان دىگەن نام بىلەن ئۈزلۈكسىز قولغا ئېلىنغانلاردىن ئۆلكە مەركىزىدە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لەنيەنشۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇشوۋكاڭ، مۇئاۋىن نازىرى ۋاڭ يىڭلۇ، ئابدىراخمان، دىخانچىلىق كانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ماۋەنلۇ، ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گوشلياڭ، ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى ۋاڭ لىشى، ئۈرۈمچى يەرلىك سوتىنىڭ باشلىقى چىڭ دوڭبەي، تيانشان گېزىتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇشىرۇ، جامائەت خەۋپسىزلىگى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گەن يۈن، ھەربى مەكتەپ ئالى تەتقىقات سىنىپىنىڭ مۇدىرى لوكەنفېن، دوبەن مەھكىمىسى ھەربى قانۇن باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جوۋفۇ، جىڭلى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چۈي جېچىن، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى لۇشياۋزۇ، مۇئاۋىن مۇدىرى جىياڭجى، مىڭشى قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ چاغلاردا پۈتۈن شەھەرنى سۈر بېسىپ ھەممە ئادەم جان قايغۇسىدا قالغان ئىدى.



دوستلار سۆزلەشمەيتتى، تۇققانلار بېرىپ - كېلىش قىلالمايتتى، شۇ چاغدىكى باشقارما باشلىقى جاۋجيەنفىڭ بۇنداق بولسا قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ شىڭ شىسەيگە سالماقراق بولۇشقا نەسىھەت قىلغان، بۇنىڭ ئۈچۈن شىڭ شىسەي 11 - ئايدا جاۋجيەنفىڭنى باشقارما باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، چوچەككە ۋالىلىققا ئەۋەتىۋەتكەن. بۇ باسقۇچتا ھەرقايسى ناھىيىلەردىن قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە سانجى ھاكىمى ليۇخۇۋۇ، قۇتۇبى ھاكىمى جاۋگۇەنمىن، مۇئاۋىن ھاكىمى يۈي خۇيخىن، ماناس ھاكىمى كاڭ بېيلىڭ، شىخو ھاكىمى سۇڭ نيەنسى، قورغاس ھاكىمى لېي گۇاڭبېن، ئىلى ۋالىسى چېن دېلى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى ليۇيىڭلىن، جىمسار ھاكىمى دوخېنيەن، مورى ھاكىمى دوڭشۇيجىن، چوچەك ۋالىسى جاۋدېشيۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. چەتئەلدىن چاقىرىپ كېلىپ جېگىردا قولغا ئالغانلار ئىچىدە تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل گۇاڭلۇ، ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇل سالاچۇن، زەيساندا تۇرۇشلۇق كونسۇل بۇرھانلار بار ئىدى.

مەن 1937 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يېرىم كېچىدە قولغا ئېلىندىم. ئاڭلىشىمچە، شۇ كېچىسى مەن بىلەن بىر ۋاقىتتا قولغا ئېلىنغانلار 30 - 40 كىشى ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن ۋە يەنە 6 كىشى بىرلىكتە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ چوڭ يىغىن زالىدىكى ۋاقىتلىق تۈرمىغا قامالدۇق. بۇ چاغدا 10 - ئايدا قولغا ئېلىنغان يۈز نەچچە كىشى باشقا تۈرمىلەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت 30 - 40 تەك ئادەم قالغان ئىكەن، مەن قولغا ئېلىنغانىنىڭ ئە-

ئىسى شىڭشىسەي مالىيە نازارىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى دوبەن
مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ كېلىپ سوز قىلغان، ئۇ سوزىدە سەي-
خېڭىسىنىڭ ئېخى ياش، خىزمەتتە ئىرىشچان بولسىمۇ، ئۇ بۇ قې-
تىمقى توپىلاڭ قوزغاش سۇيىقەستىنى بىلىپ تۇرۇپ پاش قىلمى-
غان، پولاتتەك پاكىتلار بولغانلىقتىن قولغا ئېلىنىدى، باشقىلار
خاتىرجەم ئىشلەۋېلار دىگەن. ئەڭ ئاخىرىدا: سىلەرنىڭ ئاراڭلار-
دا روسچە تىلنى كىم پىششىق بىلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا بەزىلەر
ئورنىدىن تۇرۇپ ياڭ فىڭچۇننى تولۇق بىلىدۇ دەپ جاۋاپ بەر-
گەن. شىڭشىسەي شۇ يەردىلا ياڭ فىڭچۇننى مۇۋەققەت مۇئاۋىن
نازىرلىققا تەيىنلىگەن.

## 2

1937 - يىلىنىڭ دەسلەپكى ياز كۈنلىرىدە، ج خ باش-
قارمىسىدا مىللى ئاخبارات خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان جاڭ ياۋزۇ
(ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە تىلنى پىششىق بىلەتتى) مەخپى مەلۇمات
يېزىپ، جاڭ جيۇگاۋ (مائارىپ نازارىتىدە بولۇم باشلىغى)،
چىڭ زىڭفەن (خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى). موڭ-
غۇل بىرلەشمە باشلىغى شىلىڭ، موڭغۇل ۋاڭ بەندى قاتارلىقلار
ئوز ئارا تىل بىرىكتۇرۇپ توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلىدى دې-
گەندە، ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىغى ماۋجيەنفىڭ بۇ بىر چوڭ
ئىش ئىكەنلىگىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، جاڭ ياۋزۇدىن پاكىتنى ئې-
نىق چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ ياۋزۇ پەقەت جاڭ جيۇ-
گاۋ، چىن زىڭفەن بىلەن شىلىڭ، بەندىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قو-
يۇق ئىكەنلىگىنى، دائىم بىرلىكتە يەپ - ئىچىشكەنلىگى ۋە بە-
زىدە كېچىلىرى بېرىش - كېلىش قىلغانلىقىنىلا ئېيتالىغان.



جاۋجيەنفىڭ داۋاملىق رازۋېتكا قىلىش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن
ئىش كورۇشنى تاپىلىغان، جاڭ ياۋزۇ داۋاملىق رازۋېتكا قىلدى-
مۇ يوق، ئۇنىسى نامەلۇم، ئەمما ئۇ يەنە شىڭشىسەيگە بىۋاستە
مەخپى مەلۇمات يېزىپ تاپشۇرغان. شىڭشىسەي جاۋجيەنفىڭنى
چاقىرىپ ئەھۋال سوراپ، بۇ ئادەملەر ھەركەتلىنىۋاتقانغا بىر
يىل بوپتۇ، رازۋېتكىنى كۈچەيتىش كېرەك، دىگەن. ئۇزۇن ئوت-
مەيلا شىڭشىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جاڭ جيۇگاۋ، چېن زىڭفەننى
قولغا ئالغان. 8 - ئايلاردا شىڭشىسەي يەنە مائارىپ نازارىتى-
نىڭ كاتىۋى زۇنەيجۇ، ماۋبيچۇەن ۋە باشقا خىزمەتچىلەردىن
خې گۇاڭخەن، لى شىنمىن، خۇجېخۇي قاتارلىقلارنىمۇ ئىلگىرى-
كېيىن قولغا ئالغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ماۋبيچۇەندىن
باشقىلارنىڭ ھەممىسى خۇبېيلىق بولۇپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ
نازىرى جاڭ شىڭنىڭ يۇرتداشلىرى ئىدى.

قولغا ئېلىنغان يۇقۇرىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا يەنە ئاكام
سەي جىنسىنىمۇ بار ئىدى، ئاكام ئەسلىدە ئولكىلىك ھوكۇمەت
بىرىنچى بولۇمىنىڭ باشلىغى ئىدى. 1936 - يىلى شىڭشىسەي
جاڭ شىڭ بىلەن كورۇشكەندە ئۇنى سادىق ۋە قابىلىيەتلىك
بىر ئادەم تونۇشتۇرساڭ، ئۇ ئادەمنى قاراشەھەر جەنۇبى موڭغۇل
قەبىلىسى ۋاڭلىق مەھكىمىسىگە مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتمەكچى-
مەن، ئۇ يەردە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مەدىنى، مائارىپ، سە-
ھىيە خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملىشىدۇ دىگەن-
دە، جاڭ شىڭ ئاكام سەي جىنسىنى كورسەتكەن.
شىڭشىسەي ئاكامنى دەرھال قاراشەھەرگە ئەۋەتكەن. 1937-يىلى
ئەتىياز جەنۇبىي شىنجاڭدا ماموت، ماخوسەنلەر ۋەقە تۇغدۇر-
غاندا قاراشەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى

جىددىيلىشىدۇ، بۇ چاغدا ماۋىيچۈەن جەنۇبىي موڭغۇللار قەبىلىلىرىـ
دىن ئەسكەر ۋە ئات ئېلىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىنچى پولكىنى
تەشكىل قىلىش، موڭغۇللار ئات مىنىشكە ماھىر بولغاچقا بىرـ
ئازلا مەشىق قىلدۇرۇلسا ئىشقا يارايدۇ، بۇ ئارقىلىق قاراشەھەر،
كورلا ئەتراپىنى قوغداپ، ماخوسەننىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىـ
نى توساشقا بولىدۇ دەپ پىكىر بېرىدۇ. ماۋىيچۈەن، شىڭ شىسەيـ
نىڭ كونا تونۇشلىرىدىن بىرى ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ خوتۇنى
چيۇ يۈيفاڭ قىزلار مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تۇرغان چاغلارـ
دا ماۋىيچۈەن بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇراتتى. كېيىنچە ئۇز -
ئارا بېرىش - كېلىش قىلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شىڭـ
شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ماۋىيچۈەن ئاممىۋى تەشـ
كىلاتلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغانلىقتىن مەزكۇر تەشكىلات
نامىدىن نەنجىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تىلگىرامما يوللاپ،
شىڭ شىسەينى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە رەسمىي تەـ
يىنلەشنى تەلەپ قىلغان، كىشىلەرگە نىسبەتەن ئاق كۆڭۈل ئىـ
دى. دېمەك شىڭ شىسەيگە چىن كۆڭلىدىن ساداقەتلىك بىلدۈـ
رۈپ، ئۇنى ھىمايە قىلغان ئىدى، موڭغۇل ئاتلىق پولكى قۇرۇش
تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمۇ شىڭ شىسەيگە ساداقەتلىك بىلـ
دۈرۈش ھەمدە ۋەزىيەتكە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.
ماۋىيچۈەن بىلەن ئاكام ئىككىسى ئۇزۇن يىللىق دوست بولۇپ،
بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىدىكىنى بىلىشەتتى. يۇقۇرىدىكى بىر قانچە
كىشى قولغا ئېلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، شىڭ شىسەي ئاكامغا
جىددىي تېلېگىرامما يوللاپ، ئۈرۈمچىگە تېز يېتىپ كېلىشنى تاپـ
شۇرىدۇ. ئاكام كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا
شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا شىڭ شىسەي بۈگۈنچە



ئارام ئالسۇن، ئەتىلىككە چاقىرىپ كۆرۈشىمەن دەيدۇ. ئەتىسى
ئاكام چاچ ئالدۇرماقچى بولۇپ كوچىغا چىققاندا ئىشپىيونلار
دۇبەن چاقىرىدۇ دەپ تۇتۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن 7 كۈنگىچە
ئىز-دېرىكى بولمىغان، پۈتۈن ئائىلە ئالاقزادە بولۇپ نەگە كەتـ
كەنلىكىنى بىلەلمىگەن. 8 - كۈنى ج خ باشقارمىسى ئادەم
ئەۋەتىپ ئاكامنىڭ شىكلىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۇختۇرغانـ
دىلا ئاندىن ئاكامنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلگەن. ئاكام
قولغا ئېلىنغان كېچىسىلا سوراققا تارتىپ جاڭ شىڭ بىلەن بولـ
غان مۇناسىۋەت بىلەن شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرغان سۇيىقەستلىك
ھەركەتلىرىنى تاپشۇرۇشقا زورلىغان، ئاكام ئۇلارغا «يوق يەرـ
دىن پۈتاق چىقىرىش، خالىغانچە ئۇيدۇرمىچىلىق قىلغانـ
لىق» دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا ئۈچ
كۈنگىچە ئولتۇرۇشقىمۇ، ئۇخلاشقىمۇ يول قويماي پەقەت ئىچىشـ
كە سۇ بېرىپ، سوراقچىلار نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ كۆزەت قىلـ
غان. تۆتىنچى كۈنگە يەتكەندە ئاكام ھوشىدىن كېتىپ يىقىلـ
غاندىلا، ئاندىن كامىرغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويغان. 7 - 8 كۈن
دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە سوراق قىلىپ، ھەر كۈنى ئوخشاش
بولمىغان قىيناش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. مەسىلەن: كومۇرداشـ
قاللىرىغا يۈكۈندۈرۈش، تىرناققا بامبۇك شۇخىسى سانچىش، چوغ
بىلەن دۈمبىسىنى كۆيدۈرۈش قاتارلىق ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن
قىينىغان، شۇنداقتىمۇ ئاكام باشتىن ئاياق «بىلمەيمەن» دەپ
جاۋاپ بەرگەن. ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا ماۋىيچۈەننىڭ ئىقرار ناـ
مىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ «خەق ئىقرار قىلدى، سەن تېخىچىلا
ئىقرار قىلماي بىكار ئازاپ چېكىۋاتىسەن» دىگەن. ماۋىيچۈەنـ

نىڭ ئىقرارنامىسىدا «جاڭ شىڭ بىلەن سەي جىنسىڭنىڭ كورسەتـ
مىسى بويىچە شىڭ دۆبەنگە موڭغۇل ئاتلىق پولكى قۇرۇش تەكـ
لىۋىنى بەردىم، ئۇلار موڭغۇل پولكى ئارقىلىق ھەربىي ھوقۇقنى قولغا
ئالماقچى» دېيىلگەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاكام ئىشىنىڭ
تىگى - تەكتىنى چۈشۈنۈپ يەتكەن.

## 3

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك جاڭ ياۋزۇ يوللىغان مەخپى مە-
لۇمات بىلەن ماۋ بېيچۈەننىڭ بەرگەن تەكلىۋى، شىڭ شىسەينىڭ
ئاتالمىش سۇيىقەستلىك توپىلاڭ قوزغاش ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ
چىقىشىنىڭ باناسى بولدى. شىڭ شىسەينىڭ ھەقىقى غەرىزى مۇ-
شۇ بانا بىلەن رەقىبى جاڭ شىڭنى كوزدىن يوقۇتۇش، ئوزىنىڭ
دىتىگە ياقمىغان، ئىشەنچىسىز دەپ قارالغان ھوكۇمەت خادىمـ
لىرى ۋە مائارىپ خادىملىرىنى تازىلىۋېتىش ئىدى. «ئۇچ پادىـ
شالىق ھەققىدە قىسسە»دە ساۋساۋ «ئالەمدىكى كىشىلەرنى بويـ
سۇندۇرۇمەنكى، مەن ئۇلارغا بويسۇنمايمەن» شۇنىڭدەك گومىنداڭ ئەكـ
سىيەتچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى جياڭ جېيشىمۇ «مىڭنى خاتا ئولتۇرۇـ
ۋەتسەممۇ مەيلى، بىرنى توردىن قاچۇرمايمەن» دىگەن ئىكەن،
شىڭ شىسەي دەل شۇلارغا ۋارىسلىق قىلغان. خەن ياۋنەن، ياڭ
زىڭشىڭنى ئولتۇرۇشى ئارقىلىق قوزغىغان سىياسى ئوزگۇرۇش
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ شىڭ خەن ياۋنەن بىلەن بىرلىكـ
تە پىلانلىغۇچى دەپ قارالغان. شۇڭلاشقا جىن شورىن ۋاقتىدا
ئۇزۇن مەزگىل نەزەربەنت قىلىنغان ئىدى. چېن جوڭ، تاۋمىڭـ
يۇي، لى شياۋتيەن، جاۋدېشۇلار ئاق ئوروس ئەسكەرلىرى



بىلەن بىرلىشىپ جىن شورىننى ئاغدۇرۇپ «12- ئاپرېل» سىياسى
ئوزگۇرۇشىنى قوزغىغاندا جاڭ شىڭ سىياسى ئوزگۇرۇشنىڭ پەردە
ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرىدىن بىرسى ئىدى. شۇڭلاشقا شىڭ
شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن جاڭ شىڭ بىرسەكرەپلا مـاـ
ئارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى يولـ
غا قويۇپ ئاممە ئارىسىدا بىرقەدەر ئىناۋەتكە ئىگە بولغان ئىـ
دى. شىڭ شىسەي ھەسەت قىلىپ، كېيىنكى كۇنلەردە ئوزىنىمۇ
ئاغدۇرۇپ تاشلىشىدىن قورقاتتى. مانا بۇ، شىڭ شىسەينىڭ سۇيىـ
قەستلىك توپىلاڭ قوزغاش ئەنزىسى دىگەن بىر نەمىنى ئويدۇـ
رۇپ چىقىرىشىدىكى ئاساسى سەۋەپلەرنىڭ بىرى. مەسىلىنىڭ
ئارقا كورۇنۇشىنى كوزەتكەندە شىڭ شىسەي داغدۇغا قوزغاپ،
چاخماق تېزلىگىدە ھەركەت قىلىپ، 1937 - يىلى 7 -، 8 - ئايـ
لاردىن باشلاپ، 1938 - يىلى 12 - ئاپرېلغىچە بولغان ۋاقىت
ئىچىدە، ئولكە بويىچە مىڭدىن كوپ كىشىنى قولغا ئالدى. ئۇلارـ
دىن ئاز ساندىكىلىرىنى قولغا ئالغاندىلا قاتتىق قىيناپ سوـ
راق قىلغاندىن تاشقىرى، مۇتلەق كوپ ساندىكىلەرنى باشتىن
ئاياق سوراق قىلمىغان. بەزەن كىشىلەرنى گەرچە بىر ئىككى
قېتىم سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئاتالمىش توپىلاڭ ئەنزىسىگە
ئائىت مەسىلىلەر بولماستىن، ئادەتتىكى ئەھۋاللارلا سورالغان.
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئورۇش يېڭى پارتلاپ، پۇتۇن
مەملىكەت خەلقى دۇشمەنگە ئورتاق غەزەپ بىلدۇرۋاتقان كۇنـ
لەردە، شىڭ شىسەي پۇتۇن مەملىكەتكە سىياسى تەشەببۇس يولـ
لاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئورۇشنى قەتئى ھىمايە قىـ
لىدىغانلىغىنى، بەلكى يۇزىنىڭ يىگىتنى باشلاپ، ياپون باسـ

قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا تەقمۇ - تەق بولۇپ،
بويرۇق كۈتۈپ تۇرۇدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ مىز-
شۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش توپىلاڭ قوزغاش
ئەنزىسى دىگەن بىر نىمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، «ياپون جاھان-
گىرلىگى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ياپونغا قارشى يېڭى ھوكۇ-
مەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى» دىگەن ئاتالغۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلقىنى ئازدۇرۇپ، خەلقنىڭ ھىسداشلىقى ۋە مەدەتكار-
لىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە،
شىڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش توپىلاڭ قوزغاش ئەنزىسى دىگەن
نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقىشتىكى يەنە بىر مەقسىدى، ئوزىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1936 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈر-
گۈزگەن چوڭ تازىلاش ھەركىتىدىن ئۈلگە ئالغانلىقىنى ئىپادى-
لەش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولماقچى ئىكەن.
بو سوزنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالغىنىم
ئۈچۈن، ئوزەمچە بىر نەرسە دىيەلمەيمەن.



# شېڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش «چوڭ سۈيىقەستلىك ئەنزىسى» گە بىر نەزەر

جىن گۇجېن

(1)

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جىڭ شۇرىن فېئودال
ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق دۇبەن
بولدى. شېڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ، جاڭ پې-
يۈەن، مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىك-
لىرىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ۋاقىتلىق مۇقىملاشتۇردى.
ھايات قالغان ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەملىك بىلەن ئىشلەپ-
چىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خوشاللىق ئىچىدە ھويلا - ئارام-
لىرىنى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ، ۋەتەن چېگرىسىنى— گۈللەندۈ-
رۈشنى ئارزۇ قىلىشتى. بىراق ئۇزۇن ئوتمەستىن 1937 - يىلىنىڭ
كۈز پەسلىدە يەرلىك پادىشا شېڭ شىسەي يوقىلاڭ يەردىن «چوڭ
سۈئىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» دىگەن بىر نىمىنى ئويدۇرۇپ
چىقىپ، زور تۈركۈمدە ھەرقايسى نازارەت باشقارما باشلىقلىرى
بىلەن بولۇم باشلىقلىرىنى مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە بۇرۇن خىز-
مەت قىلغان ئەمەلدارلار شۇنىڭدەك باي سودىگەر كاپىتالىستلار-

نى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى ۋە خائىنلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلدى ھەمدە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى خائىنلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دەپ ئىلىكورە شەھرىگە پالاپ ئەركىنلىكىنى چەكلەندى. تېرورلۇق ھەركەت، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ، كىشىلەر ئۆز - ئۆزىدىن قورقۇدىغان، بىر-بىرىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان، ئۇرۇق - تۇققان، دوست ئاغىنىلەر ئۇچراشقاندا سالاملاشمايدىغان، ئۆز-ئارا بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇنىڭدەك ئاتالمىش "چوڭ سۇئىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزە" ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى باددىت شېڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قەدىمدىن بېرى ئاز كۆرۈلىدىغان ناھەقچىلىقلاردىن ئىدى. ئاتالمىش بىر تۈركۈم ئاسىيلارنىڭ، سۇئىقەست تەشكىلاتى زادى بارمۇ - يوق دېگەن مەسىلە پەقەت شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تېرىگىگىلا ئايان بولۇپ، باشقىلار بولسا بۇنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيتتى.

تۇۋەندە مەن شۇ چاغدا بېشىمدىن ئۆتكەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن، بۇ "چوڭ سۇئىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزە" سىنىڭ قىسمەن ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ياندىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن.

1. 1937 - يىلى مەن ماناس ناھىيىسىدە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم. بۇ چاغدا بۇ ناھىيىدىكى ئىدارە، ئورگان ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا شېڭ شىسەينىڭ "ئالتە بۈيۈك سىياسىتى" گە نارازى بولغان ۋە باشقا قانۇنسىز تەش-



كىلاتلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر يوق ئىدى. مەسىلەن: ۋەزىپىدىن بوشۇتۇلغان ھاكىم كاڭ بىڭلىن ياپونىيىدە ئوقۇغان (10 چوڭ دوكتۇرنىڭ بىرسى) ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ مەسىلە تاپشۇرۇۋاتقان نەچچە ئاي ئىچىدە، ئۇ، ھېچقانداق قانۇنغا خىلاپ ۋە قانۇنسىز ھەركەتتە بولمىغان ھەم شېڭ شىسەيگە نارازى سۆزمۇ قىلمىغان ئىدى. بىراق 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن 20 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئولتۇرغان 2 ماشىنا كېلىپ، بىر ماشىنىدىكى ئەسكەرلەر كاڭنىڭ ئۆيىنى قورشاپ ئاختۇرۇپ، كاڭنى باغلاپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدى. يەنە بىر ماشىنا شىخۇغا بېرىپ، شىخۇ ھاكىمى سۇڭ نيەنسىنى (ياپونىيىدە ئوقۇغان، 10 چوڭ دوكتورنىڭ بىرى) قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ماناس ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى ئىدارە - ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملار بىلەن پۇخرالار ناھايىتى قورقۇنۇچ ئىچىدە قالغان ئىدى (چۈنكى ئىلگىرى بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان). ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلەر ئۈرۈمچىدە "چوڭ سۇئىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى" پەيدا بوپتۇ. نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ خادىملىرى، سودىگەرلەر قولغا ئېلىنىپتۇ، بۇلارنىڭ سانى 1000 دىن ئاشىدىكەن، ھەتتا ج خ باشقارما باشلىقى جاڭ يىۋۇ، مۇئاۋىن باشلىق ليۇ شىنجىنلارمۇ قولغا ئېلىنىپتۇ، دېگەن پاراڭلار بولۇندى. مەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ گۇمانلاندىم. باشقىلارنىڭمۇ سۇئىقەستلىك ھەركەتتە بولدى دېسە يەنە بىر گەپ، لېكىن جاڭ، ليۇ ئىككىسى، شېڭ شىسەيگە سادىق ھەمدە ئاخبارات توپلاش رەھبەرلىرىدىن تۇرسا، بۇلاردا ئۇ خىل سۇئىقەستلىك ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

2. مەن شۇيىلى نويابىردا يوتكەلدىم. شۇ چاغدا مەن قورقۇنۇچ ۋە تەشۋىش ئىچىدە ج خ باشقارمىسىغا كىرىپ مۇئاۋىن باشلىق ۋاڭ چىڭيۈن بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا بىر تەرەپ قىلىنىشىڭنى كۈتكىن دېدى. ۋەھىمە ئىچىدە بىر ئايدىن ئارتۇق كۈتتۈم، 1938 - يىلى ئەتىيازدا، مېنى چەرچەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. چەرچەنگە مېڭىشتىن 2 كۈن ئىلگىرى، 2 - بۆلۈمنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى جاڭ گۇاڭچيەن (مەخپىي سوراق ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، قارانىيەتلىك رەھىمسىز ئادەم بولۇپ شېڭ شىسەينىڭ يېقىنى ئىدى)، يوقلاپ كېلىپ ماڭا: «بۇ قېتىمقى سۇئىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىدە سەن يوق، شۇڭلاشقا سېنى خىزمەتكە تەيىنلىدۇق، شېڭ شىسەي سەن بىلەن ئەتە كۆرۈشمەكچى، يەنە باشقا ۋەزىپە بار» دېدى. ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم ئارام تاپتى. ئەتىسى مەن شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتۈم، شېڭ مېنى رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىن، ماڭا چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋۇزۇجۇن بىلەن كۆرۈشۈشىمنى ئۇنىڭ ماڭا تاپشۇرىدىغان ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا باشقارما باشلىقى ۋۇ بىلەن بىر سوۋېت مەسلىھەتچىسىنى كۆردۈم، ئۇلار ماڭا، چەرچەندە ماخۇسەن قىسىملىرى ئۇزۇن تۇرغان ناھىيە، مانىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى شۇ يەردىن دۆڭخۇاڭغا قېچىپ كەتكەن بولىشى مۇ ئۇ يەردە يەنە يوشۇرۇن دۈشمەنلەر بار، بىز چەرچەنگە ھازىر ئادەم ئەۋەتىمىدۇق، سەن بۇ قېتىم بېرىپ قوشۇمچە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلىگىن، دائىم ئادەم ئەۋەتىپ، دۆڭخۇاڭ تەرەپ بىلەن گەنسۇ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى چارلاپ



تۇر. بۇنى ئوز ۋاقتىدا تېلېگىراممىا ئارقىلىق ماڭا بېرىلگەن شىفىرلىق تېلېگىراممىا دەپتىرى بويىچە تەرجىمە قىلىپ بىزگە يوللا، بۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەر ئايدا ئايرىم مائاش بېرىلىدۇ، دېدى. ئارقىدىنلا ماڭا شىفىرلىق تېلېگىراممىا دەپتىرى بىلەن مائاش بەردى، شۇنىڭ بىلەن مەن چەرچەنگە باردىم. شۇ يىلى قىش پەسلىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈمىكى نامى بىلەن لى تىڭچۈينى چەرچەنگە ئەۋەتىپ يوقىلاڭ جىنايەتنى ئويدۇرۇپ، گەنسۇ بىلەن ئالاقىسى بار دىگەن گۇمان بىلەن مېنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ سولاپ قويدى.

3. مەن 1937- يىلى قىشتامانستىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ بىرھەپتىدىن كېيىن، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ھوكۇمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا جاڭ جىزو بىلەن ئۇچراشتىم (جاڭ ئاتلىق 1- پولكنىڭ كوماندىرى) مەن ئۇنى يۈنچىڭيۈەن ئاشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ بىرگە تاماق يېدۇق. جاڭ ماڭا: «بۇ قېتىمقى چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى بىلەن بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى قەلەم ۋە ئەلەم ئەمەلدارلىرىنىڭ بارلىقى تۇتقۇن قىلىنىدى. مۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن، بۇ مېنى ئىنتايىن تەشۋىشلەندۈرمەكتە» دېدى. تاماقتىن كېيىن ھەرقايسىمىز ئۆز ئۆيلىرىمىزگە قايتتۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە، جاڭنىڭ قېيناتىسى ئۆيۈمگە كېلىپ ماڭا: «تونۈگۈن كەچ جاڭ جىزونى تۇتۇپ كەتتى ......» دېدى. بۇ مەندىكى تەشۋىش ۋە خاتىرجەمسىزلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. چۈنكى جاڭ ئاتلىق 1- پولكنىڭ كوماندىرى بولغان ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللار ئۈرۈشتا بىللە بولغان،

جاڭنىڭ باشقىلارغا ئوچۇق كۆڭۈل ۋە قەيسەر، پىداكارلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم، ئۇرۇش نەتىجىسى زور بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ شىڭ شىسەيىنىڭ سادىق ياش ئوفىتسېرى ئىدى. ئادەتتىكى كۈنلەردە جاڭ دائىم شىڭنى ماختاپ يۈرەتتى. شۇڭا شىڭ شىسەيىنىڭ جاڭنى، سۈيىقەستلىك ئەنزىگە قاتناشتى دەپ قولغا ئالغىنىغا، مېنىڭ زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيتتى. مەن يەنە كېلىپ جاڭنىڭ پولكىدا ئىشلىگەن. ئۇ ئاقلانمايدىكەن ماڭىمۇ خەتەرلىك. شۇڭا مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە دەككە-دۈككە ئىچىدە يۈردۈم، تاكى چەرچەنگە ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. كېيىن جاڭ جىزۇ، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

4. 1939-يىلى قىشتا، مەن ج خ باشقارمىسىدىكى رازۋېتكا بۆلۈمىدە رازۋېتچىك بولۇپ ئىشلىگەندە رازۋېتكا باشلىقى جاڭ گۇاڭچيەن دائىم «چوڭ سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزە» ئىچىدىكى بىر نەچچە ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرەتتى (بۇ ۋاقىتتا بۇ ئەنزە ئاياقلاشقان ئىدى) جاڭنىڭ يەنە ھەرقايسى تۈرمىلەرنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا سولانغانلارنىڭ تىزىملىكى ساقلىناتتى. مەسىلەن: پالانچىنى پوستانچى كامىرغا قاماش، پالانچى كىشىنى يوتكەش ياكى پوستانچىنى جىنايەتچى ئىشچى قىلىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل ئىدى. ھەرقايسى تۈرمە باشلىقلىرى جاڭدىن يوليورۇق سورايتتى.

بىر قېتىم جاڭ گۇاڭچيەن ماڭا: «چوڭ سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى سوتلاش ھەيئىتىنىڭ سوراق ئىشلىرىغا XXX ئەۋەتكەن كىشىلىرىدىن سىمىيونوۋ ئەپەندى بىلەن ياقۇپ ئەپەندى ئىككىسى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ئىككى ئەپەندى



ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا كامالەتكە يەتكەن بولغاچقا، سوراق جەريانىدا جىنايەتچىلەر گەپ تېپىشىپ بېرەلمەي گاڭگىراپ قالغان. سوراق تۈگىگەندىن كېيىن سوراق خۇلاسىسىنى ××× گە ئېلىپ كەتتى» دېدى. مەن شۇ ۋاقىتتا ××× نېمە ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىپ دۆلىتىمىزدىكى جىنايەتچىلەرنى بىۋاستە سوراق قىلىدۇ. دۆلىتىمىز يا ئۇلارغا قاراشلىق دۆلەت بولمىسا، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايەتچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ دەپ ھەيران بولدۇم.

يەنە بىر قېتىم جاڭ ماڭا: «چوڭ سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى، دۇبەن مەھكىمىسىدىكى ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فىڭ لياڭ كوتۇرۇپ چىققان. ئۇ يەنە جاڭ فەن، خۇاڭ خەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى باشلامچى دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا نازارەت، باشقارما، بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى قاتارلىق ئاسىيلارنىڭ ھەممىسى جازاغا تارتىلدى» دېدى.

جاڭ يەنە بىر قېتىم ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سوراق ھەيئىتىنىڭ باشلىقى لى بولىن كۈندۈلۈك سوراق ئەھۋالىنى مەخسۇس تېلېفون ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە دوكلات قىلىپ تۇرىدىكەن. لى بولىن شىڭنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، باشقارما باشلىقى لى يىڭچى ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇپ ھېيىقىپ يۈرىدىكەن، لى بولىننىڭ ئىچى زەھەر بولۇپ، قولغا ئېلىنىدىغانلارنىڭ تىزىملىكى يېزىلغان تىزىملىكنى شىڭ شىسەي تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن باشقارما باشلىقى لى يىڭچىنىڭ ئىجرا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس».

يەنە بىر قېتىم جاڭ مۇنداق دېگەن: «سوراق ھەيئەتلىر-

دىن مەسلەن: ليۇ بىڭدي، كۇڭ چىڭرۇي، لى خۇڭيۇن، جاۋ جەن-
فىڭ قاتارلىق كىشىلەر ××× تەرىپىدىن جىنايەتچىلەرنى سوت-
لاشقا ئەۋەتىلگەن سىمىيونوۋ، ياقۇپ ئەپەندىلەرنىڭ رەھبەرلىكى-
دە خېلى بىلىملىك بولۇپ قالغان، ھەممە قاتتىق سوراق قىلىش،
جازالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالغان، ئاسىي ئۇنسۇرلار قاتتىق
سوراق قىلىنمىسا ئىقرار قىلمايدۇ».

جاڭ گۇاڭچيەن ماڭا يۇقۇرقى سوزلەرنى قىلغاندا، مەن ئىچكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن پەقەت تېچ تۇرۇپ ئاڭلايتتىم، سوراشقىمۇ پېتىنالمايتتىم، ئۇندىن باشقا، جاڭ ھەرقېتىم سوزلىگەندە ھاكاۋۇرلۇق ۋە كورەڭلەپ كېتەتتى.

5. 1937- يىلى شىڭ شىسەي «چوڭ سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» تۇيەيلىدىن قولغا ئالغان جاڭ مىڭۋۇ ماڭا مۇنداق دىگەن ئىدى: «مەن 1937- يىلى چوڭ سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى بىلەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 7 يىل تۇرمىدە ياتتىم ھەممە ئائىلەمنى خائىنلار ئائىلىسى دەپ كۇرەڭگە ئاپىرىۋەتتى، مەن گومىنداڭ ۋاقتىدا كەلگەندە ئاندىن قويۇپ بېرىلدىم، ھەقىقەتەنمۇ خائىن ئۇنسۇر دەپ ئۇۋال قىلىندىم! ئەمما مەن بەختىكە يارىشا ھايات قالدىم. ھەممىدىن جاڭ شىن نازىرغا ئۇۋال بولدى. ئۇ بىر قېتىم نازىر ئىشخانىسىدا مەن ۋە زۇنەيجۇ، جاڭ چيوگاۋ، جاڭ چاگرۇڭ قاتارلىق تۇتىمىزگە مۇنداق دىگەن ئىدى: «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جۇرۇيچىڭ ۋاپات بولغاندا، شىڭ شىسەي بىلەن چۇيۇيباڭ ئەر- خوتۇن، كەچتە مائارىپ نازارىتىغا 3 قېتىم كېلىپ مەندىن پىكىر ئېلىپ ئولكە رەئىسى ۋاپات بولدى. رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى سىز ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز!» دىدى. مەن: قابىلىيىتىم چەكلىك تۇرسا



قانداقمۇ ئۆلكە رەئىسى بولۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ھوددىگە ئالالايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى كوزۇم قارىغۇ تۇرسا، ئەگەر رەئىس بولسام كىشىلەر قارىغۇ رەئىس دەپ مەسخىرە قىلمامدۇ؟ ھازىر مەن روخسەت ئېلىپ كوزۇمنى داۋالىتىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن، باشقا بىرەر بىلىملىك كىشىنى تەكلىپ قىلىسىڭىز!-دىدىم، بىز بىلدۇقكى، نازىر جاڭ شىن رەئىس بولۇشنى خالىمىغان. ئەمما كېيىن شىڭ شىسەي جاڭنى چوڭ سۈيىقەستلىك توپۇلاڭ ئەنزىسىنىڭ ئاساسى رەھبىرى دەپ ئولتۇرىۋەتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چېكىگە يەتكەن ئۇۋالچىلىق. يالغۇز جاڭشىن نازىرلا سولانماستىن، بەلكى مەن زۇنەيجۇ، جاڭجىڭدوڭ، جاڭ جيوگاۋ تۇتىمىز تەڭلا قاماققا ئېلىندۇق، خۇددى شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت كەتسە، خەندەكتىكى بېلىققا زىيان كەپتۇ دىگەندەك بىكاردىن-بىكار بالا-قازاغا ئۇچرىدۇق، ياۋۇز نىيەتلىك شىڭ شىسەي قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى ۋە ئەمەلدارلىرىنى قىرىپ يوقاتتى. ئۇ فاشىست يالماۋۇز گېپىتلىردىنمۇ ۋەھشى ئىدى، جاڭ مىڭۋۇ يەنە: «مەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن يوقۇلاڭ سۈيىقەستلىك توپۇلاڭ ئەنزىسى بىلەن قولغا ئېلىنىپ سوراققا تارتىلدىم، سوراق جەريانىدا كوڭ چىڭرۇي بىلەن جاڭ گۇڭجيەنلەر بۇرنۇمغا چاي قۇيدى، دەم ئالالماي قالدىم. جاڭ جىلياڭ قولۇمنى بەندىڭغا باغلاپ قويۇپ ئۇردى، پۈتۈن ئەزايىم ئىششىپ كەتتى. بىر قېتىم لى يىڭچى مەندىن سۈيىقەستچىلەر تەشكىلاتىنىڭ قوزغىلىڭى ھەققىدە سورىغاندا، مەن سوزلىيەلمەي قالدىم، لى مېنى يۇۋاش بولمۇدۇڭ ئېيتىپ تاشلايمەن، دىدى، ئارقىدىن ئىككى كوزۇمنى باغلاپ، ئېلىپ چىقىپ ئاتماقچى بولۇشتى. سىرتقا ئېلىپ چىقىپ بىر قانچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ،

يەنە تۈرمىگە ئەكىرىپ قويدى، ئۇ چاغلار ھەقىقەتەنمۇ زۇلمەتلىك كۈن!» دېدى.

يۇقۇرقى تەسىراتلىرىمغا شۇنىڭدەك جاڭ گۇاڭچيەن، جاڭمىڭۋۇلارنىڭ سوزلەپ بەرگەن پاكىتلىرىغا ئاساسەن، شىڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش «چوڭ سۇيىقەستلىك توپۇلاڭ ئەنزىسى» نىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق تۇھمەت ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ، بۇ ياۋۇز يەرلىك پادىشا شىڭ شىسەي، دائىم يوقىلاڭ جىنايەتلەر بىلەن يات ئۇنسۇر دەپ قارىغانلىرىنى جۇسەي ئورىغاندەك قىرىپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ نىيىتى ئىنتايىن زەھەرلىك. بۇنداق ياۋۇز نىيەتلەر تارىختا ئاز كورىلىدۇ.

## (2)

1937-يىلدىكى شىڭ شىسەينىڭ بۇ ئاتالمىش «چوڭ سۇيىقەستلىك توپۇلاڭ ئەنزىسى» نىڭ راست-يالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. پەقەت شۇ ۋاقىتتىكى شىڭ شىسەينىڭ سوراق ھەيئىتىگە قاتناشقانلارلا بۇنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلەتتى. بىراق بۇلارنىڭ تولىسى ئولۇپ كەتتى ياكى قېچىپ كەتتى. شۇڭا بۇ ئەنزىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى بىلىش تەس، پەقەت ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئاختۇرۇپ، ئاساسى مەزمۇنىدىنلا ۋاقىپلىنىشقا بولىدۇ، خالاس.

ئەينى ۋاقىتتا، بۇ ئەنزىگە ئارىلىشىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئايرىلىپ كەتكەن شىڭ شىزاۋ بايان قىلغان شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئاتالمىش «چوڭ سۇيىقەستلىك توپۇلاڭ ئەنزىسى» نىڭ سەۋەپلىرى ۋە 8 پاكىتى، مەزكۇر ئەنزىنىڭ ئويدۇرما ئەنزە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.



(1) 1937-يىلى ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە جياۋ جەنفېڭ شىنجاڭ ئولكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىگىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىڭ شىزاۋ 2-بولۇم (ئامانلىق قوغداش بولۇمى) نىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە جاڭ باۋزۇ (خەنزۇ. موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە بىلەتتى.) قاراشەھەر ج خ ئىدارىسىدىن ئۈرۈمچىگە يوتكىلىپ كېلىپ ئولكىلىك ج خ باشقارمىسىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ ئادەم كېلىپلا 2-بولۇمگە نارازى بولۇپ، 2-بولۇم مۇھىم ئەھۋاللارنى رازۋېتكا قىلالماپتۇ دەپ (بۇ ئادەم ئەپيۇن چېكىدىغان مەككار ئادەم ئىدى) شۇ بولۇمدىكى جاڭ گۇاڭجيېنگە: «2-بولۇمنىڭ رازۋېتكا خىزمىتى ياخشى بولماپتۇ، ھېچقانداق ئەھۋالنى رازۋېتكا قىلالمايدىكەن، مەن ئەڭ مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى بىلىمەن» دەيدۇ، جاڭ گۇاڭجيەن قانداق مۇھىم مەخپىيەتلىك ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، جاڭ باۋزۇ: «دۇبەن مەھكىمىسى ھەربى قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پىڭ لياڭ ۋە مائارىپ نازىرى جاڭ شىڭلار، شىلىك (موڭغۇل، قاراشەھەردىكى كونا تورغوت قەبىلىسىدە ئايماق باشلىقى، موڭغۇل ئاتلىق پولكىنىڭ پولكوۋنىكى) بىلەن مەنخەنۋاڭ (قاراشەھەر تورغوت قەبىلىسىنىڭ ۋاڭى مەنچۇكجاپ) ئۈرۈمچىدە (ئۈرۈمچى مەنچېڭدىكى مەنخەنۋاڭنىڭ ئويى) مەخپى يىغىن ئېچىپ، 6 بۈيۈك سىياسەتكە نارازى بولۇپ سۇيىقەست پىلانلاپ، شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ، يېڭى ھوكۇمەت قۇرماقچى بولغان. ھەربى جەھەتتىكى ئالاقە ئىشلىرىغا چېڭ لياڭ، سىياسى ئىشلارغا جاڭ شىڭ مەسئۇل بولغان. ئايماق باشلىقى شىلىكنىڭ بىر پولك موڭغۇل ئاتلىق ئەسكىرىنى يوتكەپ كېلىپ، ئىچى ۋە

سىرتىدىن ھۇجۇم قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغان» دەيدۇ، جاڭ گۇاڭچيەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئىككىسى بىر ماتېرىيال يېزىپ، شىڭ شىسەيگە يوللايدۇ، ئۇنىڭ ئارقىدىن باشقارما باشلىقى جاۋجەنفېڭگە دوكلات قىلىدۇ ھەمدە تەھدىت سېلىپ: شىڭ دۇبەنگە دوكلات قىلىدۇق دەيدۇ. جاۋ جيەنفېڭ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ بۇ ئىككىسىنى باشلاپ شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشىدۇ، شىڭ شىسەي شىلىك بىلەن مەنخەنۋاڭنى چاقىرىپ، جاڭ بىلەن يۈزلەشتۈرىدۇ. نەتىجىدە جاڭ باۋزۇنىڭ دوكلادىدا كۆرسىتىلگەن مەنخەنۋاڭ مەھكىمىسىدە ئېچىلغان يىغىننىڭ ئاي-كۈنى پۈتۈنلەي يالغان بولۇپ، يىغىن ئېچىلدى دېگەن كۈنلەردە شىلىك ئۈرۈمچىدە بولماستىن، بەلكى قارا شەھەردە ئىدى. لېكىن جاڭ باۋزۇ ئۆزىنىڭ شۇ يىغىندا تەرجىمان بولغانلىقىنى چوقۇملاشتۇرۇپ تۇرىۋالىدۇ، شىڭ شىسەي بۇ دوكلاتنىڭ راست-ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئەمما بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن شىلىك بىلەن مەنچۈكجاپ ئىككىسىنى قولغا ئالىدۇ. خەنۋاڭنىمۇ شىڭ شىسەي جاۋ جيەنفېڭغا: «XXX ئەلچىخانىدىكىلەر بۇرۇنلا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلغان» دەيدۇ. جاۋ جيەنفېڭ باشقارمىغا قايتقاندىن كېيىن 2-بۆلۈم باشلىقى شىن شىزاۋنى ئىشخانىغا چاقىرىپ ئۆزىنىڭ كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، 2 - بۆلۈمدە پىڭ لياڭ، جاڭ شىڭلار ئۈستىدىن توپلىغان ماتېرىيال بارمۇ دەپ سورىغاندا شىن: «2- بۆلۈمدە پىڭلياڭ، جاڭشىڭلارنىڭ 6 بۈيۈك سىياسەتكە بولغان نارازىلىق گەپ - سۆزلىرى ۋە سۈيىقەستلىك تەشكى-



لاتى ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيال يوق» دەيدۇ. جاۋجيەنفېڭ يەنە: «2 - بۆلۈمنىڭ خىزمىتى بەك ناچار، مۇنداق چوڭ ۋەقە توغرىسىدا تېخىچە بىرەر ماتېرىيال بولمىسا»، دەپ غودۇڭشىغاندا شىن جاۋاپ بېرىپ: «جاڭباۋزۇ بولسا، داۋاملىق ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ كەلگەن بىر ئادەم. ئۇنىڭ بەرگەن ماتېرىيالى راستمۇ ياكى يالغانمۇ ئەلۋەتتە تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسسىز گېپى بويىچە يۇقۇرىغا مەلۇمات بېرىش ئانچە مۇۋاپىق بولماپتۇ. نېمە ئۈچۈن مەندىن سوراپ باقماي ياكى ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا ئالدىراپ - تېنەپ يۇقۇرىغا يوللايسىزلەر؟» دەيدۇ. جاۋجەنفېڭ چۈشەنچە بېرىپ: «ئۇلار ماڭا دوكلات قىلىشتىن بۇرۇن دۇبەنگە مەخپى يوللاپ بولغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكتۈرمەيلا ئۇلارنى باشلاپ شىڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشتۈم» دەيدۇ. بۆلۈم باشلىقى شىن جاڭگۇاڭچيەننى ئەيىبلەپ: «سەن جاڭباۋزۇنىڭ سۆزىگە نېمانچە ئىشىنىپ كېتىسەن؟ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەسەن؟ باشقارمىدا پىڭلياڭ قاتارلىقلارنىڭ سۈيىقەستلىك تەشكىلاتى توغرىسىداھېچقانداقماتېرىيال يوقتۇرسا، مۇشۇنداق چوڭ ئىش بىلەن ئوينىشىشقا بولامدۇ؟» دېگەندە جاڭ گۇاڭچيەن پۇشايمان قىلىپ لام - جىم دېمىدى. ئاندىن 2 - بۆلۈم جاڭشىڭ، پىڭلياڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەت ۋە بېرىش - كېلىش مۇناسىۋەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ ھېچقانداق ماتېرىيال تاپالمايدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شىڭشىسەي يولىيۇرۇق بېرىپ: «پىڭلياڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەققەتەنمۇ سۈيىقەستلىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەشكى-

لاتى بار» دەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئالدى بىلەن مائارىپ نازارە-
تىنىڭ كاتىۋات باشلىقى جاڭ جيۇگاۋنى قولغا ئېلىپ ئۇنىڭدىن
ئۆز ئۆيىدە دائىم شىلىك ۋە مەنخەنۋاڭلارنى مېھمان قىلىش
ئارقىلىق مۇناسىۋەت باغلاپ مەخپى تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى
ئىقرار قىلدۇردى. ئاندىن خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نا-
زىرى چېڭ زىڭخەننىمۇ تۇتۇپ كېلىپ، شىڭ شىسەي ئۆزى سو-
راق قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپلا پىڭلياڭنى ۋە ھەرقايسى نا-
زارەت، باشقارما باشلىقلىرىنى دۇبەن مەھكىمىسىگە توپلاپ
سوھبەتلەشكەندىن كېيىن پىڭلياڭ قاتارلىق ئاساسى كىشىلەرنى
دۇبەن مەھكىمىسىدە تۇتۇپ قېلىپ، شىڭ شىسەي ئۆزى سوراق
قىلغاندىن كېيىن 2 - تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ چاغدا ج خ
باشقارمىسى بۇنداق چوڭ ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلالماي يول-
يورۇق سورىغاندا شىڭ شىسەي: «كېيىنچە سوراق ھەيئىتى تە-
سىس قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن شىڭ شىسەي لى بولىن بىلەن لى يىڭچى ئىككىسىنى سوراق
قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. (بۇ ۋاقىتتا سوراق ھەيئىتى تېخى قۇرۇلمىغان
ئىدى) دۇبەن مەھكىمىسىدىكى كاتىپ يەن لەنشىڭنى كاتىپلىققا
تەيىنلەيدۇ. ج خ باشقارمىسىدىن شىڭ شىزاۋ، جاڭ گۇاڭچيەن،
كۇڭ چىڭرۇي، جاۋ جىلياڭ، لى خۇگۇەن، لىن جۇسەي، سۇڭ خۇەنجاڭ
خې گۇيتىڭ قاتارلىقلار ۋاقىتلىق بېرىپ سوراق ئىشلىرىغا
قاتناشتى. شىڭ شىسەي يەنە مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئەۋەتىپ،
تۈرمە ۋە سوراقخانىلارنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلدى. شۇنداق
قىلىپ ئاتالمىش «چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى شەكىل-
لەندى.



(2) لى بولىن بىلەن لى يىڭچى ئىككىسى (كېيىن بۇلارنى
قىسقارتىپ 2لى دەپ ئاتىلىدۇ) شىڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە
مۇددىئاسىغا ئەمەل قىلىپ، پىڭلياڭغا قاتتىق - يۇمشاق ۋە چار-
چىتىپ ھالسىزلاندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ھەممە ئەيىپنى
چەكتۈرۈش ۋە ئالى يىمەكلىكلەر بىلەن ئالداپ جاڭ شىڭ، پېڭ
لياڭ، خۇاڭ خەنجاڭ، ئۈچىمىز مەخپى سۇيىقەستلىك تەشكىلاتىمىز
بار دەپ ئىقرار قىلدۇردى. 2 لى يەنە ھەرقايسى نازارەت، باش-
قارما، ئىدارە مەكتەپلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلىپ
كېلىپ، تىزىملىكتىكى ئىسىملار بويىچە «بارمۇ - يوق؟» دەپ
قىستاپ: «ئۇ بار، بىزنىڭ يولدىشىمىز» دېگەنلەرنى دەرھال خاتى-
رىگە ئېلىپ شۇ بويىچە كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىدۇ. شىڭ شى-
سەي ئالدى بىلەن چېن دېي (مالىيە نازىرى)، شى شىچاڭ (سا-
بىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى)، خۇاڭ خەنجاڭ، لەن-
يەنشۇ (خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىرى)لارنى نە-
زەر بەنت قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا جاڭ شىڭنى دۇبەن مەھكىمىسىدە
تۇتۇپ قالدى. پىڭلياڭ، بۇ كىشى بىزنىڭ يولدىشىمىز دېگەن
سۆزنى قىلغاندا، لى بولىن دەرھال مەخسۇس تېلېفون بىلەن شىڭ
شىسەيگە دوكلات قىلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم لى شىڭ شىسەيگە
بەرگەن دوكلادىدا: «جەمى 200دىن ئارتۇق ئادەم بولدى، يەنە
بار، يەنە نۇرغۇن!» دېگەن.

(3) شېن نىڭ ئېيتىشىچە، مەلۇم بىر كۈنى 2لى ج خ باش-
قارمىسىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى پىڭلياڭغا كۆرسىتىپ،
بۇنىڭ ئىچىدە كىملەر سىلەرنىڭ تەشكىلاتقا قاتناشقان، دەپ
سورىغان ۋە ئالدى بىلەن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋاڭ چىڭ-

يۈزىنى كۆرسەتكەندە پىلىڭلىياڭ: «بۇ كىشىنى بىلمەيمەن» دېگەن. ئاندىن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى گېنيۈنىڭ ئىسمىنى كۆرسەتكەندە، پىلىڭلىياڭ: «ھېلىقى ئۆلكە مەركىزىدە ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان گېنيۈنما؟» دەپ سورىغان. لى: «شۇنداق» دېگەن. پىلىڭ لياڭ بىر مەھەل ئارسالدى بولدى، 2 لى قىستاپ سورىغاندا پىلىڭ لياڭ ئىلاجىسىز: «بار، ئۇ بىزنىڭ يولدىشىمىز» دەيدۇ. 2 لى يەنە مۇدىر كاتىپ جاڭ رۇشۇنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىپ بارمۇ-يوق دەپ سورىغاندا، پىلىڭ لياڭ: «ھېلىقى دۆبەن مەھكىمىسىدە كاتىپ بولغانما؟» دېگەندىن كېيىن ئۇزۇنغىچە جاۋاپ بەرمەيدۇ، 2 لى قىستاپ سوراۋەرگەندە پىلىڭ لياڭ قانداقتۇر بىئارام بولغاندەك قىياپەت بىلەن ئاخىرىدا «بار» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، 2 لى يەنە بىرىنچى بۆلۈمنىڭ باشلىقى جىڭ خۇافېڭنىڭ ئىسمىنى كۆرسەتكەندە پىلىڭلىياڭ ئۈن چىقارماي بېشىنى چايقاپ ۋايسىغان، شىڭ شىزاۋ پىلىڭ لياڭنىڭ بۇ يەردە پۈتۈنلەي كويدۈرگىلىك قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جوزىغا ئۇرۇپ: «سەن يۇۋاش بولۇپ، راس گەپ قىل، بار بولسا بار، يوق بولسا يوق دېگىن! قالايمىقان سۆزلىمە!» دەپ ۋاقىرايدۇ، پىلىڭ لياڭ بىردەم تۇرۇۋېلىپ: «مەن راستىنلا ئېلىشىپ قالغاندەك تۇرىمەن، ھازىر بېشىم قاتتىق ئايلىنىۋاتىدۇ، ئوبدانراق دەم ئېلىۋېلىپ ئاندىن سۆزلىسەم» دەيدۇ. بۇ چاغدا 2 لى، شىڭغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ نارازى بولىدۇ، پىلىڭ لياڭ كۆرسەتكەن ئىسىملىكلەرنى لى بولسىن ئۆز ۋاقتىدا مەخسۇس تېلېفون ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە دوكلات قىلغاندىن تاشقىرى ئۆزىمۇ ئىسىملىكلەرنى توقۇپ يوللايدۇ، شىڭ شىسەي شۇ بويىچە قولغا ئېلىپ، 2 تۈرمىگە قامايدۇ.



(4) پىلىڭ لياڭ ھەر قايسى نازارەت، باشقارما، ئورگان، مەكتەپلەردىكى ئادەملەرنى قالايمىقان كۆرسىتىپ بېرىۋەرگەندە شىن شىزاۋ پىكىر قىلىپ: پىلىڭ لياڭ مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئۆزىنى سۈيىقەستلىك تەشكىلاتنىڭ كاتىپى دەپ ئىقرار قىلدى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ ئادەملەرنى قالايمىقان سۆرەپ چىقىۋاتىدۇ، بۇنداق قىلىشى بىرتەرەپتىن بىللە ئولتۇرىدىغانلارنى كۆپەيتىش، يەنە بىرتەرەپتىن بۇ ھاكىمىيەتنى پارچىلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت، دەپ 2 لىگە تەكلىپ تەرىقىسىدە: «پىلىڭلىياڭ پاش قىلغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى راست، بەزىلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس» دەيدۇ. 2 لى بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، شېن بۇ چاغدا: «ئۇنداق بولسا مەن ھازىر يوق يەردىن 10 كىشىنىڭ ئىسمىنى يازاي، سىلەردىن قايسىڭلار مەن بىلەن بېرىپ پىلىڭ لياڭدىن سورايسىلەر، ئۇ بۇ 10 كىشىنىڭ ساختا تەرجىمىھالىنى ھازىرلا يېزىپ بېرىدۇ. ھەممە ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ يولدىشى دەيدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنەمسىلەر» دېگەندە 2 لى ئىشەنمىگەندەك قىلىپ: «ئۇنداق بولسا، سەن سۈك خۆەنجاڭ، كۆك چىڭرۇي ئىككىسى بىلەن بېرىپ سوراپ باق»، دەيدۇ، ئاندىن ئۈچىمىز پىلىڭ لياڭنى سولاپ قويغان ئۆيگە باردۇق. بۇ ئۆيدە كارۋات ئۈستىگە ئەپيۇن چىرىغى ئورنىتىلغان بولۇپ، لى چۈنجەي دېگەن كىشى پىلىڭ لياڭغا ئەپيۇن چەكتۈرۈۋاتقان ئىكەن، جوزىغا ھەر خىل كەمپۈت-پرەندىكلەر تىزىلغان ھەمدە ھەر قايسى نازارەت، باشقارما، ئورگان، مەكتەپ ئىدارىلاردىكى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى قويۇلغان ئىكەن. شېن شىزاۋ پىلىڭلىياڭغا: «سەن يۇۋاشلىق قىلمايۋاتىسەن. تەشكىلاتلاردىكى ئادەملەرنى نېمىچۈن يوشۇ-

ردسەن؟» دەيدۇ پىلك لياڭ: «يوشۇرمىدىم، ھەممىنى ئېيتتىم» دىدى. شىپىن شىزاۋ ئۆزى يېزىپ كەلگەن 10 كىشىنىڭ ئىسمىلىكىنى كۆرسىتىپ «قارا، بۇ 10 كىشىنى سەن يوشۇرغانمۇ يوق؟» دەيدۇ، پىلك لياڭ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇ 10 كىشىگە بىر-بىردىن تەرجىمىھال توقۇپ چىقتى ھەممە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يولدىشىمىز دەپ يېزىپ بەردى، شىپىن شىزاۋ بۇنى 2 لىگە كۆرسەتكەندە، ئۇلار لام - جىم دىمىدى. پەقەت لى يىڭچىلا شىپىن شىزاۋغا تەنبىھ تەرىقىسىدە: «سىنىڭ مەسىلىگە قارىشىڭ بىر ئاز پاسسىۋراق جۇمۇ» دەيتتى.

(5) مەلۇم بىر كۈنى، كاتىپ يەنە لەنشىڭ كىلىپ شىپىن شىزاۋغا: «ھازىر 2 لى سۈن يىڭنى (پەۋقۇلئاددە باتالىيوننىڭ كوماندىرى، شىنجاڭ ھەربى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن) تۇتۇپ كىلىپ، پىلك لياڭ بىلەن يۈزلەشتۈرىۋاتىدۇ. سەن بېرىپ كۆرۈپ باققىن» دىدى. شىپىن بېرىپ قارىسا، سۈن يىڭ بۇ يەردە ۋىغلاپ تۇرۇپ: «پىلك لياڭ سەن نىمە ئۈچۈن بۇنداق زىيانكەشلىك قىلىسەن؟ ئىككىمىزنىڭ ئادەتتە ھېچقانداق ئۆچمەنلىگىمىز يوق تۇرسا، نىمىشقا بۇنداق قالايمىقان سۆزلەيسەن؟» دەۋاتقان ئىكەن، پىلك لياڭ رەسمى قىياپەتتە: «سۈن يىڭ، گالۋاڭلىق قىلىشىڭنىڭ ئورنى يوق! بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىسا مەغلۇپ بولىدۇ. ھازىر بىز مەغلۇپ بولدۇق، سەن ھەممىنى ئېيتقىن! يوشۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى! مەن سىنىڭ قېشىڭغا بېرىپ سوھبەتلەشكەندە، سەن ئىقتىسادى جەھەتتە قىيىنچىلىق بار، پەقەت ئىقتىساتتا چارە قىلىنسىلا بولىدۇ دىگىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەن كەچتە مەيدە بىر خالتا پۇل ئاپىرىپ بەر-



دىم. سەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ۋاختى كەلگەندە ئەسكەر تارتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىمەن دىدىڭ، ھازىر راستىنى دىسەڭ كەڭچىلىكنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن قورقۇپ كەتمە!» دەيدۇ. سۈن يىڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن، پىلك لياڭنى تىللاپ: «يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ بوھتان چاپلىما! مەن قاچان سىنىڭ مەيدە ئەكىلىپ بەرگەن بىر خالتا پۇلۇڭنى كوردۇم! پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ، سەن مۇشۇنداق زىيانكەشلىك قىلساڭ، ئەۋلادىڭ قۇرۇپ كىتىدۇ ........» دەيدۇ. سۈن يىڭ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ تىللايدۇ. كېيىن سۈن يىڭنىڭ زارلىنىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئېھتىمال 2 لى ئۇنى قىيناپ مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرىۋاتسا كېرەك.

(6) بىر كۈنى شېڭ شىسەي شىپىن شىزاۋ، جاڭ گۇاڭچيەن، كۆك چىگىرۈيلارنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ جاڭ شىگنى سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشخانىسىدىن چىقىپ قىلۋى تەرەپتىكى ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، جاڭ شىگنى قىچقىرىپ چىقتى. بىز ھەممىمىز نازارەت قىلىپ ئولتۇردۇق. شېڭ شىسەي بىر قەغەزگە خەت يېزىپ جاڭ شىگغا بەردى ۋە سۇئىقەستلىك تەشكىلاتنىڭ ئەھۋالىنى يېزىشنى تاپىلاپ قەغەز - قەلەم بەردى. جاڭ شىگ بىر نىمىلەرنى يېزىپ سۇنغاندا بىز ئۇنى شېڭ شىسەيگە بەردۇق، شېڭ شىسەي يەنە خەت يېزىپ جاڭغا سۇندى، مۇشۇ تەرىقىدە ئۇدا 3 كېچە - كۈندۈز يازدى. نىمە يازغانلىقىنى بىزمۇ ئۇقمىدۇق. بىز ھەممىمىز مۇگدىگەن پېتى بىر-بىرىمىزگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتىمىز. شېڭ شىسەيمۇ ئۇخلاش ئورۇندۇغىدا ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا، شېڭ شىسەي جاڭ شىگنى ھىلىقى ئۆيگە ئاپىرىپ، ئۆزى سولاپ قويدى.

(7) 2 لى شېڭ شىسەيىنىڭ پىكرى بويىچە، پىڭ لىياڭنى قىستاپ، ھەرقايىسى نازارەت، باشقارما، ئورگان، مەكتەپ ئىدارىلاردىكى ئادەملەرنى قالايمىقان كورسەتتۇرۇش بىلەن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى 100 دىن ئېشىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ئىدى.

شېن شىزاۋ باشقارما باشلىقى جاۋ جيەنفېڭغا شېڭ شىسەي بىلەن كورۇشۇپ، قولغا ئېلىشتا ئېھتىياتچان بولۇش ھەمدە ھەر جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولغان ھەقىقى ماتېرىيال ۋە پاكىت توپلاش، بىراۋنىڭ ئېغىزىدىكى ئىقرارى بويىچىلا قولغا ئالماسلىق توغرىسىدا سوزلۇشۇپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى بىئارام بولۇۋاتقان ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەكىتلەيدۇ. جاۋ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ شېن بىلەن بىرگە شېڭ شىسەي بىلەن كورۇشۇپ يۇقۇرقى ئەھۋاللارنى سىلىقراق قىلىپ سوزلىگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي شۇ زامات نارازى بولۇپ غەزەپلەنگەن ھالدا: «سىلەر قايتىپ كېتىڭلار» دىدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاۋ شېن شىزاۋنى ئەيىپلەپ: «سەن نىمىشكە سوزلىمەيسەن؟» دەيدۇ. شېن: «مەن دۇبەنىنىڭ ئاچچىقلانغىنىغا قاراپ بۇ پىكىرگە نارازى بولغانلىقىنى كوردۇم. سەن دىگەن باشقارما باشلىقى، ئەمىلىڭ مەندىن چوڭ سوزلىگىنىڭنىڭ ھېچقىسى يوق، مەن دىگەن كىچىك ئادەم، ئەگەر ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتمىسام، شۇ ھامان قاماققا ئالىدۇ، شۇڭا سوزلىمىدىم» دەيدۇ. ئۇزۇن ئوتمەستىن شېڭ شىسەي خۇاڭ مىڭفۇ (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا كاتىپ قىلىپ 2 ئايدىن كېيىن ئاقسۇغا ۋالى بولغان) نى ھەيئەت باشلىقى قىلىپ، تەيىنلەپ، لى بولىننى مالىيە



تەپتىش ھەيئىتىگە يوتكەپ كەتتى، لېكىن ئۇزۇن ئوتمەيلا خۇاڭ بۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ، لى بولىن يەنە قايتىپ كېلىپ ھەيئەت باشلىقى بولدى. لى يىڭچى مائاۋىن ھەيئەت باشلىقى ئىدى. خۇاڭ مىڭفۇ كەلگەندە شېن شىزاۋ 2 لىنىڭ ئوز بېشىمچىلىق بىلەن كەلسە-كەلمەس ئادەم تۇتۇپ زورلاش ئارقىلىق قىيىن-قىستاققا ئالغان ھەرخىل ئەھۋاللارنى تەپسىلى قىلىپ ئېيتقاندا، خۇاڭ: «مەن بارلىق ئارخىپلارنى كورۇپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن بىرتەرەپ قىلىمەن» دىگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئوتمەي XXX ئەۋەتكەن سوت خىزمەت گورۇپپىسى ياقۇپ، سېمىيونوۋ، يەنە ئىسمى نامەلۇم بولغان خەنزۇچە خەتكە پىششىق 2 ئايال كېلىپ سوراق ئىشلىرىغا قاتناشتى. بۇ ۋاقىتتا سوت ھەيئىتى قۇرۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا ئېلىنغانلارنى قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇراتتى. خۇددى «ئوغرى چىشلىسە، ئوستىخاندىن ئوتەر» دىگەندەكلا بىر ئىش ئىدى. شېن شىزاۋ بۇ ۋاقىتلاردا دائىم خەۋپسىرەپ، بولۇپمۇ 2 لىنىڭ ياۋۇز نىيىتىدىن ئەندىشە قىلىپ جاۋ جيەنفېڭدىن يوتكىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ج خ باشقارمىسىنىڭ مائاۋىن باشلىقى ۋاڭ چىڭيۈن ۋاڭ خۇڭزاۋ بىلەن بىللە ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا باندىت تازىلىغىلى بېرىپ قايتىپ كەلمىگەنلىكتىن باشقارمىدىكى 2 - بولۇمدە مەسئۇل ئادەمنىڭ يوقلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ شېن شىزاۋنى 2 - بولۇمگە قايتۇرۇپ كېلىشكە ئىلتىماس قىلىدۇ. شېڭ شىسەي تەستىق سالغاندىن كېيىن شېن شىزاۋ سوت ھەيئىتىدىن قايتىپ چىقىپ، باشقارمىدا ئىشلەيدۇ. بۇ 1937 - يىل قىش پەسلىدىكى ئىش ئىدى. ئۇزۇن ئوتمەستىن،

شىڭ شىسەي جاۋ جيەنفېڭنى خىزمەتتە كۈچ چىقارمىدى، دەپ
چوچەك ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ يوتكىۋەتتى (جاۋ جەنفېڭ ئادەم
تۇتۇش كوپ بولۇپ كەتتى. ئازراق تۇتايلى دەپ شىڭ شىسەيگە
تەكلىپ سۇنغان). ئۇنىڭ ئورنىغا لى يىڭچىنى ج خ باشقارمىسى-
غا باشلىق قىلىپ يوتكىدى. لى باشقارمىغا كېلىپلا شېن شىزاۋنى
چوچەك ۋىلايىتىنىڭ ج خ ئىدارىسىغا جۇيجاڭ قىلىپ يوتكىۋەتتى.
شېن شىزاۋ: «ئومۇمەن قارىغاندا، شىڭ شىسەينىڭ «چوڭ سۇيىد-
قەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» جاڭ باۋزۇ (جاڭ باۋزۇ كېيىن يوقاپ
كەتتى، 1944 - يىلى مەن ئۇرۇمچى ناھىيىسىگە ھاكىم بولغاندا،
ئۇ ناھىيىلىك ھوكۇمەتكە كېلىپ خىزمەت تەلەپ قىلدى. مەن
خىزمەت بەرمىدىم، كېيىن ئۇنىڭ شىنخۇدا دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان-
لىقىنى ئاڭلىدىم). جاڭ گۇاڭچيەن بىلەن مەخپى ھالدا شىڭ شى-
سەيگە يەتكۈزگەن يالغان دوكلاتنى ج خ باشقارمىسىدا تەكشۇرۇپ
ئېنىقلىمىغانلىقى، شۇنىڭدەك 2- بولۇمدە پېڭ لياڭ، جاڭ شىڭلارنىڭ
قانۇنسىز سوز - ھەركەتلىرى ۋە تەشكىلاتى توغرىسىدا ماتېرىيال
بولمىغانلىقتىن شىڭ شىسەي، ئايماق باشلىقى شىلىك بىلەن
جاڭ باۋزۇنى يۇزلەشتۇرۇپ ساختىلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ،
ئەمما شىڭ شىسەي يەنە پېڭ لياڭ بىلەن ھەرقايىسى نازارەت،
باشقارما باشلىقلىرىنى تۇتۇپ سوراق قىلغاندىن كېيىن 2 -
تۈرمىگە ئاپىرىپ سولىغانلىقى، ھەمدە 2 لىگە، ھەرقايىسى نازارەت،
باشقارما، مەكتەپ، ئورگان، ئىدارىلارنىڭ ئىسىملىكى بويىچە
قىيىن- قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا يوليورۇق بېرىپ، نۇر-
غۇنلىغان بىگۇنا زاتلارنى تارتىپ چىققانلىقى، × × × يەنە سوراق
قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە
قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، ئىقرار قىلدۇرۇش ئىشى پۈتۈن شىن-



جاڭدىكى ھەرقايىسى ناھىيىلەرگىچە كېڭەيگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭدا تۇنجى قېتىملىق «چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزى-
سى» نى ياساپ چىقىرىپ، ئون مىڭلىغان خەلق ئاممىسىنى با-
لايى - ئاپەتكە ئۇچرىتىپ، خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىپ خانى-
ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى شۇ تەر-
تىپتە سوزلەپ بەرگەن ئىدى .........»

شېن شىزاۋنىڭ بۇ ئەنزىگە قاتنىشىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە
بېشىدىن ئوتكۈزگەن يۇقۇرقى 8 ئەمەلىي پاكىتلىرى شۇنى تولۇق
ئىسپاتلاپ بەردىكى: شىڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش «چوڭ سۇيى-
قەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» پۈتۈنلەي ئاساسسىز ساختا دوكلات-
تىن ئىبارەت. شىڭ ئالدى بىلەن جاڭ شىڭنىڭ كاتىپ مۇدىرى-
جاڭ جيۇگاۋنى قولغا ئېلىپ، ئارقىدىن پېڭ لياڭ ۋە ھەر
قايىسى نازارەت، باشقارما باشلىقلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ئۇلارنى
ئارقىمۇ - ئارقا 2 - تۈرمىگە ئاپىرىپ قامىدى. ھەمدە 2 لىگە
قىيىن - قىستاققا ئېلىش ۋە ئازدۇرۇپ ئىقرار قىلدۇرۇش توغرى-
سىدا يوليورۇقلارنى بېرىپ، ھەرقايىسى ئىدارە، ئورگانلار ۋە مەك-
تەپلەردىكى ئىسىملىكلەر بويىچە قالايمىقان تارتىپ چىقىش
بىلەن كەڭ كولەمدە تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. شىنجاڭ-
دىكى يېڭى - كونا ئەمەلدارلار، زىيالىلار، ئوقۇغۇچى - باي
سودىگەرلەر، ھاللىق پۇخرالارنىڭ ھەممىسى خائىنلار دەپ ئەنگە
ئېلىندى. ئۇلار ئېچىنىشلىق ھالدا ئولتۇرۇلدى ياكى تۈرمىلەرگە
تاشلىنىپ، خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران قىلىندى.

مەن يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۆۋەندىكى 2 ۋەقە
ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى:

1- 1943 - يىلى مەن ئىلىدا ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى-

نىڭ باشلىقى بولغان ۋاقتىمدا، شىڭ شىسەي تېلېفون ئارقىلىق ۋۇ شۇخې، لى جاۋيۇنلەرنى قولغا ئېلىپ ئۆلكىگە ئەۋەتىپ بې-رىشنى بۇيرىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىدارىمىزدا قانۇنسىز سوز-ھەركەتلىرى توغرىسىدا بىرەرمۇ ماتېرىيالى يوق ئىدى. زادىنىمە ئۈچۈن قولغا ئېلىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ، ئىدارىمىز بۇ ھەقتە ھېچ-نەرسە بىلمەيتتى. ئەمما يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بولغانلىقتىن، ئىجرا قىلماسلىققا بولمايتتى.

1943 - يىلى قىش پەسلىدە، مەن قورچاق مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىگى شىنجاڭ شوبىسىنىڭ 3 - قارار پارتىيە ھوكۇمەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلدىم. بۇ قا-رارىدىكى ئوقۇغۇچىلار، ھەرقايسى نازارەت، باشقارما باشلىقلىرى، ھەرقايسى ناھىيە ھاكىملىرى، ج خ ئىدارە باشلىقلىرى، باتالي-يون روتا كوماندىرلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق كىشى ئىدى. كۇرس پۈتۈشتىن بىرھەپتە بۇرۇن شىڭ شىسەي كۇرسقا كېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سوزلىدى. سوزلەش-تىن ئىلگىرى، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر يىغىن زالىنىڭ 4 ئەترا-پىغا پىلىموت ئورنىتىپ، ھەرقايسى ئىشىكلەرگە پوست قويغان، سەھنىگىمۇ نۇرغۇن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر قويۇلغان، خۇددى چوڭ دۈشمەن يېتىپ كەلگەندەك جىددى ھەم سۇرلۇك ئىدى. شىڭ شىسەي 5 - ئىنىسى شىڭ شىچى بىلەن سەھنىگە چىققاندىن كېيىن دوسكىغا بىر چوڭ چەمبەر سىزدى، ئاندىن چەمبەرنىڭ ئاستىنقى بۇرجەكلىرىگە كىچىگرەك ئىككى كىچىك چەمبەر سىزدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككى كىچىك چەمبەرنىڭ ئاستىغا يەنە ئىككى كىچىك چەمبەر سىزدى. شۇنداق قىلىپ شىڭ شىسەي، چوڭ



چەمبەرنى كورسىتىپ تۇرۇپ سوزىنى باشلىدى: „مانا بۇ «چوڭ سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نىڭ تەشكىلاتى، ئۇلارنىڭ بۇ تەشكىلاتى ھوكۇمەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ پاش قىلىندى. ئەمما، بەزىبىر ھىلىگەر سوۋېتقەستچى ئۇنسۇرلار تېخى پۈتۈنلەي تازىلىنىپ بولمىدى. ھازىر ئۇلار يوشۇرۇن ھالەتتە ھەرقايسى باشقارمىلاردا مەخپى ھەركەتلىنىپ، بىزنىڭ ھوكۇمىتىمىزنى ئاغدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ماۋۇ ئىككى كىچىگرەك چەمبىرەكتىن ئىبارەت. بۇ توردىن چۈشكەن بىر قىسىم سوۋېتقەستچىلەر تەشكىلاتلىرىنى ئىنقىلاپ باستۇردۇق. ئەمما يەنىلا پاك - پاكىزە، ئۈزۈل - كېسىل تازىلانغىنى يوق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنىلا توردىن چۈشۈپ قالدى، بۇلار بولسا مانا ماۋۇ تۆۋەندىكى 4 كىچىك چەمبىرەك. ھوكۇمەت يەنىلا قو-ساقنى كەڭ تۇتۇش پىرىنسىپىنى قوللىنىۋاتىدۇ. بۇ بىر ئۇچۇم توردىن چۈشۈپ قالغانلار ئەگەر سەمىمىيەتلىك بىلەن ئوزىنى مەلۇم قىلسا، پېقىر دۇبەن، قوشۇمچە رەئىس بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ئۇلارنى قولغا ئالماسلىققا كاپا-لەتلىك قىلىمەن. ئەگەر خاتالىغىدا چىڭ تۇرۇپ ئويقۇسىنى ئاچماي، جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىپ مەسىلىنى يوشۇرۇدىكەن، ئۇ ھال-دا قولغا ئېلىنىپ قاتتىق جازالىنىدۇ، ھەرگىز كەڭچىلىك قى-لىنمايدۇ. پېقىر دۇبەن، ئاغزىدىن چىققىنىغا ئەمەل قىلىدۇ. يوشۇرۇنغان خائىنلار تەل تۈكۈس تازىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇن ئورنىنىڭ سىرتىدا قېلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. سىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ توردىن چۈشۈپ قالغان ئۇن-سۇرلار بار، سىلەر ۋاقتىدا ئۇيقاڭلارنى ئېچىپ مېنىڭ ئالدىمدا

ئۆزەڭلەرنى مەلۇم قىلىڭلار! ئەگەر مەلۇم قىلىدىكەنسىلەر، جازاغا تارتىلمايلا ئەمەس، بەلكى مۇكاپاتلىنىسىلەر، ئەندى پەقەت سىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈشىڭلارغا قارايمىز!» دېدى. شۇ چاغدا پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورقىنىدىن رەڭگىدە قان دىدارى قالماي، ئاۋازلىرى ئۈچۈپلا كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېچكىمنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلمايۋاتقانلىقىنى كورگەن شىڭ شىسەي ناھايىتى سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن: «ئېردەنى (موڭغۇل، جەمئىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) سەن قاچانغىچە ئۆز تەشكىلاتىڭنى پاش قىلمايسەن؟» دەپ ۋاقىرىدى. ئېردەنى قورقىنىدىن تۇرغان يېرىدە تىترەپ، بىر ئېغىزمۇ سوز قىلالمىدى. شىڭ شىسەي: يەنە تەلىم - تەربىيە باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەسىلەڭنى ئوچۇق تاپشۇر، ئۇنداق بولمايدىكەن، قاتتىق جازاغا تارتىلىسەن!» دېدى. شىڭ شىسەي يەنە بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ: «سىلەر قايتقاندىن كېيىن ئوبدان ئويلىنىپ كورۇڭلار، بۈگۈن كەچ سائەت و دىن بۇرۇن تەلىم - تەربىيە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆزەڭلەرنى مەلۇم قىلىڭلار، ياكى يېزىپ تاپشۇرۇڭلار، تەلىم - تەربىيە باشلىقىغا بەرسەڭلەرمۇ بولىدۇ. ئەگەر سائەت و دىن ئۆتۈپ كەتسە باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېدى. شىڭ شىسەي دوكلاتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەتتى. بىز ھەممىمىز قورقىنىمىزدىن كەچكى تاماقنىمۇ يېيەلمىدۇق. كەچقۇرۇن، دېژورنى باشلىقى بىزگە: «دەم ئېلىشتىن كېيىن ئۆز مەيلىڭلەرچە سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت يوق. كىمنىڭ ئىسمى چاقىرىلسا شۇ كىشى تېزدىن كىيىمىنى كىيىپ چىقسۇن. باشقىلارنىڭ سورىشىغا، جىمجىتلىقنى بۇزۇشىغا يول



قويۇلمايدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. ھەممىمىزنىڭ يۈرەكلىرى پوكۇلداپ كارۋاتتا يېتىپ قورقىنىمىزدىن زادى ئۇخلىيالمىدۇق. پەقەت شوبە ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاستا ئاۋاز بىلەن بىردەم ئۈنى، بىردەم بۇنى ئالدىراپ يۈرۈپ چاقىرىۋاتقانلىقىنىلا ئاڭلايتتۇق. 2 - كۈنى كوپچىلىكنىڭ پارىڭىدىن 25 - 26 كىشىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى بىلدۇق. ئېردەنى بىرىنچى بولۇپ قولغا ئېلىنغان ئىكەن. ئىلى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ دېيۇمۇ قولغا ئېلىنغان بولۇپ ھەممىسى ماشىنىدا ئېلىپ كېتىلگەن. قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلار راستىنلا توردىن چۈشۈپ قالغان سۈيىقەستچىلەر تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرىمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى.

يۇقۇرقى ئەمەلىي پاكىتلاردىن، بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، شىڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» دىگەنلىرى پۈتۈنلەي لى بولىن، لى يىڭچىلارنىڭ ياۋۇزلىقى ۋە شىڭ شىسەينىڭ گۇمانخور - ۋەھشىلىكىدىن كېلىپ چىققان يالغان ئەنزىلەردىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك توردىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇر دىگەن يوقىلاڭ جىنايەت، بىگۇنا كىشىلەرنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئارقىلىق توقۇپ چىققان قۇرۇق پەتىۋا. ئوتمۇشتە قىيىن - قىستاق بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇشنى «تاۋلاپ قولغا ئېلىش» دەپ ئاتايتتى. بۇ دەل شىڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ ئەينەن تەسۋىرىدۇر.

# باسمىخانىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» گىچە

زەن يۈيلىن

مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ قەغەزچىلىك ۋە مەتبەچىلىك تېخنىكىسى غەربىي رايونلارغا تارقالغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى ھەر قايسى جايلار ناھايىتى تېزلا قەغەز ياساپ كىتاپ باسالايدىغان بولدى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىدىقۇت (ھازىرقى تۇرپان ئاستانا) دا قەغەزچىلىك ۋە مەتبەچىلىك سەنئىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ شۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنغان كىلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋە ھىندىستاننىڭ بۇددا نومى كىتاۋى غەربىي رايونلاردىكى ھەر قايسى جايلارغا تارقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچىسى، تۈركچىسى ۋە ئۇيغۇرچىسى (قەدىمقى ئۇيغۇرچىسى) مۇ بار ئىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت باسما بۇيۇملىرىنىڭ قەغىزى نەپىس، خېتى روشەن بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن غەربىي رايونلاردىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بولغانلىقىنى كۈچلۈك تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى.



تيانشاننىڭ شىمالىي يولى بويىدىكى جايلار ئۇزۇن مۇددەت كوچمە-چارۋىچىلىق ئىگىلىگىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان، شۇڭا مەتبەچىلىك ئىشلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا بىخ ياردى، مىلادى 1884-يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 10-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، لىيۇجىنتاڭ ئۈرۈمچىدە باسمىخانا قۇردى، بۇ باسمىخانىدا بېسىلغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپپە تەرتىۋىنى ئاساس قىلغان «3 خەتلىك دەستۇر»، «بەي جياشىڭ» (خەنزۇ پەمىلىلەر توپلانمىسى) دىگەن كىتاپلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىلىپ، ساۋات چىقىرىش دەرسلىگى قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىچكى ئۆلكىلەردىن خەت ئويۇش ئىشچىلىرى ئەكىلىپ، بىر يۈرۈش ياغاچ ھەرىپ تەييارلاپ ھوكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ كىتاپلىرىنى نەشر قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. 1910-يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» بىر يۈرۈش چوڭ ھەجىملىك كىتاپ بولۇپ، جەمى 116 توم. بۇ كىتاپ ياخشى ۋە سۈپەتلىك بېسىلىپ، شىنجاڭ مەتبەچىلىك ئىشلىرىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى ئاچتى، شىنخەي ئىنقىلاۋى ئەرپىسىدە، ئىلى رايونىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تۇتقان رادىكاللار گۇرۇھىنىڭ سەركەردىسى يېڭ تېيمىن قاتارلىقلار ئىسلاھات ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئۈچۈن، ياغاچ مەتبە ئارقىلىق سۈيدۈڭ كورەدە «بەيخۋاباۋ» گېزىتىنى نەشر قىلدى، ھەپتىدە بىر چىقىرىدىغان بۇ گېزىتنىڭ نەشرى قوپال بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شىنجاڭدىكى گېزىتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تارىخىدا بىر ئىجادىيەت ئىدى. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنى

ئىدارە قىلىش ھاكىمىيىتىنى» نى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، چىڭ
خاندانلىقىدىن قالغان باسمىخانىدىن پايدىلىنىپ، ئىسوزىنىڭ
«ئىستىغپار ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» (تۇنجى نەشرى)
دىگەن كىتاۋىنى نەشر قىلدۇردى. 1914-يىلى ئۇلكىلىك بانكى-
دىن 50 مىڭ سەر كۈمۈش ئېلىپ، ئىچكى ئۇلكىلەردىن بىر يۇ-
رۇش كونا مىق مەتبە ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، بىر يىل قۇراش-
تۇرۇش - تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 1915-يىلى ئوكتەبىردە
«شىنجاڭ ئاخباراتى» نى نەشر قىلدۇردى، ئاخبارات 16 فورما-
لىق بولۇپ، 4-نومۇرلۇق قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن تىزىلىپ، ئىل-
گىرى-كېيىن 147 سان چىقىرىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەممىسى
دىگىدەك ھوكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەۋەرلىرى ئىدى، شۇ ۋاقىت-
تا، ئىلىنىڭ «مىنگو» ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرغان ياڭ زەڭشۈي
ياڭ زىڭشىن تەرىپىدىن يىراقتا پالىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما
شىنخەي قوزغىلىڭىغا ھىسداشلىق قىلغانلار بىلەن بىرگە، ياڭ
زىڭشىڭغا ئۇچمەنلىك ساقلاپ، ئىچكى ئولكىلەردىن مىق مەتبە
ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، „بەيخۇاباۋ» گېزىتىنى كېڭەيتىپ، ياڭ
زېڭشىن بىلەن ئوزەڭگە سوقۇشتۇردى. ياڭ زىڭشىن ئىلى قوزغى-
لىڭىنىڭ تايانچىلىرىدىن بولغان پىڭ تېيىمىن قاتار-
لىقلارنى تازىلىغاندىن كېيىن، «بەيخۇاباۋ» گېزىتىنى «ئىلى
دەرياسى گېزىتى» گە ئوزگەرتىپ، ياڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەم-
لەش، جامائەت پىكرى توپلاشتىكى قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.
1918- يىلى، ياڭ زىڭشىن ئۇرۇمچى باسما زاۋۇتىنى ھوكۈمەت
گېزىتى ئىدارىسىگە ئوزگەرتىپ ھەمدە شۇ يىلى ئاۋغۇستتا «تى-
يانشان گېزىتى» نى نەشر قىلدۇردى. قەرەلسىز چىقىدىغان 4
فورماتلىق بۇ گېزىت ئەمەلىيەتتە «شىنجاڭ ئاخباراتى» نىڭ



ئوزگەرتىلگەن نۇسخىسى ئىدى. 1930- يىلى جىن شۇرىن تەختكە
چىقىپ «تىيانشان كۈندىلىك گېزىتى» گە ئوزگەرتىلىپ، 4 فورماتلىق
2 بەت چىقىرىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ھەربىر سانىغا ئىچكى ئۇل-
كىلەرنىڭ گېزىت- ژورناللىرىدىن بىر نەچچە ماقالا تاللاپ بې-
سىلغاندىن تاشقىرى قالغانلىرى ھوكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خە-
ۋەرلىرى ئىدى. 1934- يىلى، شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن
كېيىن «تىيانشان گېزىتى» — «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئوزگەرتى-
لىپ گېزىتخانىنىڭ مۇدىرلىقىغا گۇڭ جىنخەن تەيىنلىنىدۇ، گۇڭ
جىنخەن ئەسلىدە شىنجاڭغا شەرقى شىمال پىدائىيلار قوشۇنى
بىلەن بىرگە كەلگەن ياش، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، كوپىنى
كورگەن، چەتئەل تىلىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ گېزىتخانىنىڭ مۇدىرى
بولغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما بىرمەزگىل تىرى-
شىش ئارقىلىق، گېزىتنى 4 بەتلىك قىلدى، ھەمدە بىر نەچچە
خىل چوڭ ماۋزۇ ھەرىپلىرىنى پەيدا قىلدى. شۇندىن ئېتىۋارەن
«شىنجاڭ گېزىتى» رەسمى گېزىت بولۇپ قالدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كې-
يىن، كوممۇنىستلاردىن ۋەن شيەنيەن (جاڭ يىفەن) «شىنجاڭ
گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى بولدى، ئۇ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققى-
ياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم يې-
ڭى قوغۇشۇن ھەرىپ سېتىۋېلىپ ئىشلەتتى. 1936- يىلى يىل بې-
شىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» كونا 5- نومۇرلۇق قوغۇشۇن
ھەرىپى بىلەن بېسىلىدىغان بولدى. جوڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىرلىكسەپ سىيا-
سىتىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا ئەگىشىپ
پارتىيە مەركىزى كومىتېتى 1937- يىلدىن باشلاپ، ئارقا- ئار-

قىدىن پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرلىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. 1938- يىلى ئەتىيازدىن 1942- يىلى سىنتەبىرگىچە كوممۇنىستلار «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئاساسلىق خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى، بۇ مەزگىلدە ئىلگىرى - كېيىن گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىرى ۋاڭ شياۋچۈن (ۋاڭ شياۋ چۈەن)، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى شۈپىڭ (لى زۈگىلىن)، خەلقارا خەۋەرلەر بېتىنىڭ تەھرىرى شياۋلى (لى خى)، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خەۋەرلىرى بېتىنىڭ تەھرىرى ۋاڭ بىڭ (ۋاڭ مۇشىڭ)، چىن خاۋرەن (چىن چىڭيۈەن)، ئەدەبىي سەنئەت بېتىنىڭ تەھرىرى ماجۇ (كۇاڭ زۈجۇ)، لىيۇبۇشىڭ (بەي داخاڭ)، گۈزەل - سەنئەت تەھرىرى، قوشۇمچە بەت ياساش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي (ۋاڭ شيەنتاڭ)، كوررېكتورلۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گو چىنشيەن (گوچۈنزې)لار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا گېزىتخانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلار باشقا ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارغا ئوخشاشلا تەشكىلى مۇناسىۋىتىنى ئاشكارىلىماي، شەخسى نامى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەخپى پارتىيە گۇرۇپپىسى بولۇپ، يولداش ليۇ بۇخىڭ شۇ چاغدا گېزىتخانىدىكى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. گېزىتخانىدىكى كوممۇنىستلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپلا قالماستىن، بەلكى بىر تۈركۈم ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ ۋە قوبۇل قىلىپ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلكە ئىچىدىكى يېڭى خەۋەرلەر بېتىنىڭ تەھرىر-



لىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان چۇڭ يىڭ، لوبىڭۋىن، سىياسى ئوبزور ۋە ئېقىم مەسىلىلىرى تەھرىرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان لى تەيىۋ (كون شىڭ)، سەي جىنسىن (جىڭ شىڭ)، ۋۇجىزشياۋ (جى شياۋ) مۇخبىرلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان زەن يۈيلىن (ئېر چاڭ)، لى شۈېچۈەن (شۈېچۈەن)، ماتېرىيال خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان جاۋ شىنيا، يۇجياڭجى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ بىر تۈركۈم شىنجاڭ ياشلىرى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قىزغىن ياردىمى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز ئالغا باستى، كېيىن بەزىلىرى تارماق گېزىتخانىلارنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەلدى، بەزىلىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى ھازىرغىچە مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. گېزىتخانىدا كوررېكتورلۇق ۋە ماتېرىيال باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاڭ بىيپىن (يۈلى)، ليۇيىكۇاڭ (ئاۋ يىگشى) ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىسى دۇفاڭ (مىڭ تىڭ) قاتارلىق 3 يولداش 1946 - يىلى 6 - ئىيۇندا، ئىنقىلاۋى مۇقەددەس جاي يەنئەنگە بېرىپ پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلىدى.

كوممۇنىستلار «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، گېزىتخانا ئەسلىدىكى ئورنىدىن ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەلدى. بۇ ئورۇننىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئون نەچچە ھەسسە كەڭ ئىدى. ھەمدە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى باسما ماشىنىسىدىن ئوتتۇزنى سېتىۋېلىپ قوراشتۇردى. ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى، تۈپلەش - تىكىش ماشىنىسى، قەغەز كېسىش ماشىنىسى ۋە فوتوسۈرەت، تېلېگى-

رامما قوبۇل قىلىپ كوچۈرۈشتەك يۈرۈشلەشكەن ماشىنىلار ئورۇن-
لاشتۇرۇلدى. 1938 - يىلى، يولداش ساكوۋلىياۋ سابىق شاڭخەي
«لى باۋ گېزىتى» نىڭ قىسمەن مەتبە ماشىنىلىرى ۋە تېخنىك
خادىملىرىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ كۈچىنى
تولۇقلىدى. 1939 - يىلى مايدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى»
ئۆزىدە قۇيۇلغان يېڭى 5 - نومۇرلۇق ھەرىپتە بېسىلىشقا باشلى-
دى. ھەممە 7 خىل ماۋزۇ ھەرىپى كوپەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭ گېزىتىنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىردى. شىنجاڭ رايو-
نىنىڭ ئاھالىسىگە قاراپ، شىنجاڭ گېزىتىنى مەركەز قىلغان
ھالدا خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى، چوچەك، ئالتايلاردا شوبە
گېزىتخانىلار قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە خەنزۇچە گېزىت نەشر قى-
لىنغاندىن باشقا يەنە ئۇيغۇرچە (ئىككى كۈندە بىر سان)، قا-
زاقچە (ھەپتىدە بىر سان) گېزىت چىقىرىلدى. 1941 - يىلى
يانۋاردىن باشلاپ روسچە «يېڭى خەۋەرلەر» گېزىتى (3 كۈندە
بىر سان) چىقىرىلدى. شوبە گېزىتخانىلار ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت
ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئايرىم ھالدا، خەنزۇ، ئۇيغۇر،
قازاق، موڭغۇلچە 4 خىل يېزىقتىكى كۈنلۈك، 3 كۈنلۈك ۋە ھەپ-
تىلىك گېزىت نەشر قىلدى.

شۇ مەزگىلدە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يولداش لى سۇيىڭ ئۇزۇن مۇددەت سىچۈەن ۋە شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئېغىر ھالدا نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، لېكىن گېزىتخانىغا كەلگەندىن كېيىن، گېزىت ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز باش قاتۇرۇپ، پىداكارلىق بىلەن جەڭ



قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىغا تېخىمۇ كوپرەك كەسپى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، 1939 -، 1940 - ۋە 1941 - يىللىرى ئۇدا 3 قارار ئاخباراتچىلىق تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ھەربىر قارارلىق كۇرسقا 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئالدىنقى ئىككى قاراردا ھەرپ تىزىش، بەت ياساش، ۋە مەتبە ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش ئاساس قىلىندى. ئاخىرقى قاراردا باشلانغۇچ ۋە ئالى سىنىپ دەپ ئىككىگە ئايرىپ 1 - سىنىپتا تېخنىكا ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش ئاساس قىلىندى. 2 - سىنىپتا مۇخبىرلىق، تەھرىرلىك، فوتوسۈرەت ۋە تېلېگرامما ئالاقە ئىشلىرى خادىملىرى تەربىيىلەندى. ھەرقارارلىق تەربىيىلەش كۇرسىغا يولداش لى سۇيىڭ ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلدى. گېزىتخانىدا خىزمەت قىلىدىغان كوممۇنىستلار ۋە كەسپى تېخنىكا كادىرلار خالىسانە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ھەر بىر قارارنىڭ ۋاقتى بىر يىل ئىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش ئاساس قىلىنسا، كېيىنكى يېرىم يىلدا كەسپى پىراكتىكا ئاساس قىلىناتتى. دەرسخانىدىكى ھەپتىلىك ئۆگىنىش ۋاقتى 48 سائەت بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە، سىياسى دەرس (ئىجتىمائى پەن ساۋاتلىرى، جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخي ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسەت دەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 22 سائەت؛ تېخنىكا دەرسى 18 سائەت؛ تەبىەت دەرسى (تەبىي پەنلەر ساۋادى، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ تەبىي جۇغراپىيىسى، مەتبەچىلىك كەسپى، سەھىيە ساۋاتلىرى قاتارلىقلار) 8 سائەت ئىدى. 3 قارازدا 148 نەپەر ئاخباراتچى كەسپى خادىملار تەربىيىلىنىپ،

گېزىتخانىلارنىڭ تېخنىكا كۈچى تولۇقلاندى. شۇ مەزگىلدە تەربىيىلەنگەن كوپلىگەن خادىملار ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق، مەتبەچىلىك ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئىككىنچى قارارلىق كۇرستا بەت سېلىش كەسپىنى ئۆگەنگەن يولداش يىن جياۋ ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇدىنىڭ كەسپىي، تېخنىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتماقتا؛ ئۈچىنچى قارارلىق كۇرستا ھەرپ قۇيۇشنى ئۆگەنگەن يولداش دىن گۋاڭچۈەنمۇ شۇ زاۋۇتتا يېڭى بىر ئەۋلات ھەرپ قۇيۇش ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچى قارارلىق كۇرسنىڭ 2 - سىنىپىدا رەسىم تارتىشنى ئۆگەنگەن يولداش جاۋ باۋچى ھازىر «شىنجاڭ رەسىملىك ژورنىلى»دا رەسىمگە تارتىش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچى قارارلىق كۇرستا خەت ئويۇشنى ئۆگەنگەن يولداش تيەن جىن ھازىر يەنىلا شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىن تارتىپلا كوممۇنىستلار ئاساسلىق كۈچ بولۇپ، چىقىرىلغان «شىنجاڭ گېزىتى» — شەكلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاپ قىلىپ ئىلگىرىلەش ساداسىنى نامايەن قىلغاچقا مەملىكەت ئىچىدە يۇقۇرى باھاغا ئىگە ئىدى. يولداش لى سۈپىڭ 1942 - يىلى بىر قېتىملىق تەھرىرلەر يىغىنىدا مۇنداق دىگەن ئىدى: «گېزىتىمىز ئارقىلىق ئىلغار ئىجتىمائى ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپىنى تەشۋىق قىلىشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە فاشىستىك ئۇرۇشقا قارشى ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا، خەلقارا ۋە مەملىكىتىمىز ھەمدە ئولكە ئىچىدە بولۇۋاتقان ۋەقەلىكلەردىكى توغرا پىكىرلەرنى بايان قىلىشقا بولىدۇ». 1942 - يىلى ئاپرېلدا، يولداش لى خې ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدا: «گېزىت سىياسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنى قانداق كىشىلەر باشقۇرغان بولسا، شۇ كىشىلەر ئۈچۈن سوزلەيدۇ، ئىككىنچى تۇرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا مۇئەييەن سىياسى گۇرۇھنىڭ گېزىتى — ئوزى ئۈچۈن يەنى ئوزى ۋەكىللىك قىلغان سىنىپ ئۈچۈن، شۇنداقلا كەڭ خەلق (مۇبادا ئۇ ئىلغار سىياسى گۇرۇھ بولغان بولسا) ئۈچۈن سوزلەيدۇ» دەپ يازغان ئىدى. ئۇلار بۇ سوزلەرنى 1942 - يىلى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نۇقتىنەزەر گېزىتچىلىك ئىشلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ كەلمەكتە. ئەينى زاماندىكى «شىنجاڭ گېزىتى» — گومىنداڭنىڭ مەركىزي ئاگېنتلىقى ئېلان قىلغان خەۋەرلەرنى تاللاپ باسقاندىن باشقا، يەنە ئوزىنىڭ تېلېگىرامما ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەنئەن شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تا س س ئېلان قىلغان خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلىپ باساتتى. بۇ گېزىتتە ئېلان قىلىنغان سىياسى ئوبزورلارنىڭ بىر قىسمى — تەھرىر بولۇمىدىكى خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن يېزىلاتتى، بىر قىسمى — يەنئەن «ئازاتلىق گېزىتى»، «ئازات» ژورنىلى ۋە «جۇڭگو مەدەنىيىتى»دىن، يەنە بىر قىسمى چۇڭچىڭ «شىنخۇا گېزىتى»دىن كوچۈرۈپ بېسىلاتتى؛ يەنە بىر قىسمى كوممۇنىستلارنى تەكلىپ قىلىپ يېزىلاتتى. بۇ مەزگىلدە دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان يولداش مو شىن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ جانلىق ئاخباراتچىلىرىدىن بىرى ئىدى.

8 - ئارمىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمى-

سىدىكى نۇرغۇن يولداشلارمۇ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئوبزورچىلىر-
دىن ئىدى. ھەرقايسى ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلەۋاتقان كوممۇ-
نىستلارمۇ «شىنجاڭ گېزىتى»گە ماقالە يېزىپ تۇراتتى. يولداش
ماۋ زېمىن كۆپ قېتىم «ۋەكىللىك نۇقتىئىنەزىرى» شەكلىدە سى-
ياسى پىكىرلەرنى ئېلان قىلغان، يولداش لىن جىلۇ ئۆزىنىڭ
«چىلەنسەن تاغلىرىدىن 6 قېتىم ئۆتۈش» سەرلەۋھىلىك ماقالى-
سى ئارقىلىق، جياڭ جيېشى، شېڭ شىسەي ئېقىمىدىكىلەرنىڭ
ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستىنى كۈچلۈك پاش قىلغان ئىدى.
1941 - يىلى يانۋاردا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قوزغىغان
«جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» بىلەن، يەنئەن شىنخۇا ئاگېنتلىقى
6 - يانۋاردا ئېلان قىلغان مەركىزىي كومىتېت ئىنقىلابىي
ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يولداش لىيۇ شاۋچى،
چېن يى قاتارلىقلارنى يېڭى 4 - ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىشقا
بەلگىلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان
قىلماقچى بولغاندا سىياسىي دەللال شېڭ شىسەي ئېلان قىلىشقا
يول قويمىدى. ئىككىنچى كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقى
پاكىتنى بۇرمىلاپ، «مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئومۇ-
مىي بۇيرۇقى» دېگەن بىر نەرسىنى ئېلان قىلغاندا بۇنى ئاڭلىغان
شېڭ شىسەي شۇ ئانلا «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلغۇزماقچى
بولدى. يولداش لى سۇپېڭنىڭ قەتئىي كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا
بۇ ئىككى ئاگېنتلىق ئېلان قىلغان خەۋەر 30 - يانۋار گېزىتى-
نىڭ 1 - بېتىگە تەڭلا بېسىلدى. شۇنداقلا، شۇ سانىغا، تا س س
ئېلان قىلغان «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» خەۋىرى ۋە جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى باياناتچىسىنىڭ
«جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» توغرىسىدىكى سۆھبىتى بېسىلدى.



بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە توسقىلى بولمايدىغان
غەزەپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ياش رەسسام دەي پېڭيىن ئەدىبى-
يات - سەنئەت بېتى ئۈچۈن «خەۋەر يېتىپ كەلدى» دېگەن
تېمىدا ھەجۋىي رەسىم ئېلان قىلدى. رەسىمدە غەزەپكە تولغان
بىر توپ ياشلارنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»نى قولىدا ئېگىز
كۆتۈرۈپ تۇرۇپ «ئەيىپلەيمىز! ئەيىپلەيمىز!»
دەۋاتقان مەنزىرە سىزىلغان ئىدى. 1942- يىلى مارتتا، گېزىت-
خانىنىڭ مۇخبىرى ئېرچاڭ قۇتۇبى ناھىيىسى ھاكىمىنىڭ دېھقان-
لارنى ئۇزۇن مەزگىل بوزەك قىلغانلىقىنى پاش قىلىپ يازغان
ئۇزۇن ماقالىسى گېزىتكە بېسىلغاندىن كېيىن، شېڭشىسەي لى
سۇپېڭغا تېلېفون بېرىپ، بۇ ماقالىنىڭ بېسىلغانلىقى ئۈچۈن
«قانۇنىي مەسئۇلىيەتكە تارتىلىسەن» دەپ ئۇقتۇرغان بولسىمۇ،
ئەمما يولداش لى سۇپېڭ كۈچلۈك تەھدىتكە قارىماي، ماقالىنى
تولۇق تېكىستى بىلەن باستۇردى. گېزىت يەنە شۇ ۋاقىتتىكى
دۆلەتنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئۆزىنى سەمىرىتكەن مەككار سودىگەر-
لەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ پاش قىلىپ، يۈرەكلىك بىلەن ئەيىپلى-
دى. بۇنداق ئۇسۇل ـــ شېڭشىسەي جەمەتىدىكى چيۇرۇگېجۇن،
شېڭشىچى، چيۇيۇشيۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغى-
غان بولسىمۇ، ئەمما ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا
ئىگە ئىدى.

بۇ مەزگىلدە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يەنئەن قىزىل دول-
قۇن بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزىل دولقۇن
كۆرسەتكەن يۆنۈلۈش بويىچە مەردانىلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرى-
لەپ، كەڭ مۇشتەرىلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا
ئېرىشتى. 1942- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى ئىستاتىستىكا

ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 4 خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ھەر كۈنىگە 21 مىڭ 561 نۇسخە، خەنزۇچىسى 15 مىڭ 640 نۇسخە، بۇنىڭ ئىچىدە 20 ئولكىگە 571 نۇسخە، چەتئەلدىكى 30 رايونغا 110 نۇسخە تارقىتىلغان. شياڭگاڭلىق مۇشتەرىنىڭ يازغان خېتىدە: „گېزىتلەرنىڭ مەيدانى ئېنىق، پىكىر قىلىشى ئادىل، «شىنخۇا گېزىتى» بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىكەن“ دېگەن ئىدى. مۇشتەرىلارنىڭ تەقدىرلىشى ۋە ئاممىنىڭ قوللىشى — گېزىتخانىدىكى پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ گېزىتنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشىغا ئىلھام بولدى. تەھرىر بولۇمى شۇ ۋاقىتتىكى ئېھتىياج ۋە كىتابخانلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ئەدەبى - سەنئەت بېتىنى قوشۇمچە بەتكە ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «خەلقئارا خەۋەرلەر»، «گېزىت ئوقۇش بىلىملىرى»، «ئاخبارات ۋە خەۋەر»، «مەدەنى تۇرمۇش» قاتارلىق مەخسۇس بەت ئېچىپ بەردى. شۇنداقلا، 1940- يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، «ئاددى ساۋات» ستون ئاچىتىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسي نەزەرىيە بىلىملىرىنى تونۇشتۇردى.

تەھرىر بولۇمىنىڭ باشلىقى يولداش لىسۇپېڭنىڭ كېسىلى ئېغىر، تېنى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەيسەرلىك بىلەن تەھرىر بولۇمىنىڭ خىزمىتىنى كۈنسايىن ياخشىلاپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش بولۇمى (باسمىخانا) نىڭ خىزمىتىنىمۇ ئاكتىپ تەرتىپكە سالدى. 1941- يىلى مايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن شياۋجياۋسۇ، لىخۇڭكەي، مۇنەۋۋەر ئىشچى ۋاڭ دېنى ئىشلەپچىقىرىش بولۇمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا بەلگىلەندى. شۇنداقلا، گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى



ۋەزىيەتنى ئۆتەۋاتقان نىيەفۇلىنى ئارقا سەپ خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش بولۇمىنىڭ رەھبەرلىگى كۈچەيتىلگەندىن كېيىن، گېزىتنىڭ سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، ھەر خىل يېزىقتىكى گېزىتلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بېسىلىپ تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك كىتاپ، ژورناللارمۇ نەشر قىلىندى. 1942 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يېڭى باسقۇچ ھەققىدە»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرى جەمى 60 مىڭ نۇسخە، «ئىجتىمائى پەن ساۋاتلىرى»، «يېڭى پەلسەپە دەرسلىگى»، «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان ئىنقىلاۋى ھەركىتى تارىخى» قاتارلىق 7 پارچە ئىنقىلاۋى نەزەرىيە كىتاپلىرىدىن 100 مىڭ نۇسخىدىن كوپرەك نەشر قىلىندى؛ ئۇندىن باشقا «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «ئەدەبى - سەنئەت ئايلىق ژورنىلى» قاتارلىق بەش خىل قەرەللىك ژورناللارنى نەشر قىلىشقا مەسئۇل بولدى. بۇ كىتاپلار ۋە ژورناللار قىزىل دولقۇن بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئوخشاش ئىنقىلاۋى ئىلغار ئىدىيىنى تارقىتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىشتا ئۆز رولىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى.

1942- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىرىدا، شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى قىياپىتىنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، ئالدى بىلەن قىزىل دولقۇن بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. ئارقىدىنلا كوممۇنىستلار ۋە ئۇلار

تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيىسىز ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنى
قولغا ئالدى.

1943- يىلى يانۋاردىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تىزگىنلەندى. ئىنقىلاپ ئىدىيە-
سىنى تەشۋىق قىلىدىغان گېزىت بىراقلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلى-
رىنىڭ قولچوماقىغا ئايلىنىپ قالدى. «شىنجاڭ گېزىتى» شۇندىن
ئېتىۋارەن 1949- يىلى سىنتەبىرگىچە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلى-
رىنىڭ پارتىيىگە قارشى، خەلققە قارشى تۇرۇش كانىيىغا ئايلى-
نىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قىزىل دولقۇن بىلەن شىنجاڭ خەل-
قىنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن - ئاخىر ئۈزۈلمىدى. ئازات رايونى-
دىن كەلگەن قىزىل دولقۇن خەۋەرلىرى يەر ئاستى تەشكىلاتلار
تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «كۈرەش» ژورنىلىغا ئۆز ۋاقتىدا
بېسىلىپ، خەلقنىڭ قولىغا تارقىلىپ تۇردى. بۇنداق مۇشەققەت-
لىك خىزمەتنى ئىشلىگەن يولداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى يىل-
لاردا كوممۇنىستلار بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» نى چىقىرىشتا مۈ-
رىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان شىنجاڭ ياشلىرى ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» يېڭىۋاشتىن شىن-
جاڭ خەلقىنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئىل-
گىرى - كېيىن 2 قېتىم گېزىت نامىنى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ
بەردى. ھازىرقى «شىنجاڭ گېزىتى» — پىشقەدەم پرولېتارىيات
ئىنقىلابچىلىرى باشقۇرغان دەۋرگە قارىغاندا دەۋر ۋە شەرت -
شارائىت جەھەتتىن تامامەن ئوخشىمايدۇ. گېزىتنىڭ تارقىتىلىش
مىقدارىمۇ بىر نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. بېيجىڭدىن بېرىلگەن قى-
زىل دولقۇن ئەينى يىللاردىكى يەنئەندىن بېرىلگەن قىزىل دول-
قۇنغا ئوخشاش يەنىلا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ جېنى ۋە ھاياتى كۈچى بولۇپ كەلمەكتە.



# قۇمۇلدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

شۇي جى

## سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرغانلىقى توغرىسىدا بەزى ئەسلىمىلەر

1938- يىلى ئەتىيازدا سوۋېتنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن ئاتلىق
پولكى قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل شەھرىنىڭ شەرقىدە گەنسۇ - شىن-
جاڭ تاشيولىنىڭ يېنىغا گازارما قۇرۇپ ئورۇنلاشتى. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى غەربىي شىمالنىڭ قاتناش يولىنى
قوغداش ئىدى. ئۇ چاغدا مەملىكىتىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىغا كىرگەن، جۇڭگو - سوۋېت ھۆ-
كۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق توختامى
ئىمزالانغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىپ سېتىپ بەرگەن
ئايروپىلانلىرى، ئاپتوموبىللىرى، بېنزىنلىرى ۋە باشقا ھەربىي
لاۋازىماتلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە
توشۇلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى قاتناشنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش
ئۈچۈن كۈچەيتىلگەن بىر پولك ئەسكىرىنى قۇمۇلغا ئورۇنلاشتۇر-
دى. قۇمۇل بولسا، گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولى ۋە ھاۋا يولىنىڭ
مۇھىم تۈگۈنى، شۇنداقلا ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى قوراشتۇرىدى-

خان ئاۋئاتسىيە بازىسى ئىدى. مەزكۇر پولكنىڭ قۇمۇلغا كىرىـ
شى گومىنداڭ مەركىزىي ھوكۇمىتىنىڭ ماقۇللىغىنى ئالماستىن
سوۋېت دائىرىلىرى بىلەن شىڭشىسەي ھوكۇمىتى مەسلىھەتلىشىپ
كېلىشكەن ئىش، شۇڭا گومىنداڭ مەركىزىي ھوكۇمىتى بىلەن
خەلقارانىڭ سوئال سورىغىدىن خالى بولۇش ئۈچۈن، سىرتقا
نىسبەتەن شىنجاڭ يەرلىك قىسمىنىڭ يەنى ئاق ئورۇس ئەسكەرـ
لىرىنىڭ نامىنى قوللىنىپ 8- ئاتلىق پولك دەپ ئاتىغان. بۇ
ئاق ئورۇسلار سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدا مەغلۇپ بولۇپ شىنـ
جاڭغا قېچىپ ئوتكەنلەر بولۇپ، جىن شورېن، شىڭ شىسەيلەر
ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغان مەزگىلدە ئۇلاردىن پايدىلىـ
نىپ پولك تەشكىل قىلغان.

قۇمۇل شەھرىنىڭ شەرقى - شىمال تەرىپىدىكى ئايا دىگەن
جايغا ئورۇنلاشقان 8- پولكنىڭ تەمىناتلىرىنى قۇمۇل ناھىيىلىك
ھوكۇمەت تەمىنلەيتتى. قۇمۇل شەھرىنىڭ شەرقىدىكى بۇلاقلىق
يەرلەردىن 300 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ ۋە بوز يەرنى ئاجرىتىپ
گازارما ۋە مەشىق قىلىش مەيدانى ياسالدى.(خەلقنىڭ تېرىلغۇ
يەرلىرى ۋە بۇزۇلغان زىرائەتلەر بەدىلىگە قۇمۇل ناھىيىلىك
ھوكۇمەت پۇل بەرگەن ياكى ھوكۇمەت يېرىدىن يەر بەرگەن)
قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ كېسەكنى ئەسكەرلەر قۇيدى، خىش
ۋە ياغاچ - تاشلار شۇ جايدىن سېتىپ ئېلىندى. بۇنىڭ پۇلىنى
ناھىيىلىك ھوكۇمەت تولىدى، باشقا ماتېرىياللار ئۈرۈمچىدىن، بىر
ئازقىسمى سوۋېتتىن كەلتۈرۈلدى. تامچى ئۇستىلارنىڭ كوپچىلىگى
ئۈرۈمچىدىن، بىرقىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلدى. ئىش
ھەققىنى پولك ئوزى تولەيتتى. (مەزكور پولكنىڭ قۇمۇلدىكى
راسخودىنى دۈبەن مەھكىمىسى بىۋاستە ئاجرىتىپ بېرەتتى. ناھىـ



يىلىك ھوكۇمەت چىقىم قىلغان خىراجەتلەرنى دۈبەن مەھكىمىسىـ
گە مەلۇم قىلىپ ھىساپتىن كوتۈردۈۋېتەتتى) شۇنىڭ ئۈچۈن مەزـ
كور پولك 1944- يىلى قۇمۇلدىن قايتىپ كەتكەندە پۈتۈن گاـ
زارمىنى 6 مىليون ئولكە پۇلى باھالاپ شىنجاڭ ئولكىلىك ھوـ
كۇمەتكە سېتىپ ئوتكۈزۈپ بەردى. مەزكور پولك قارمىغىدا
ئاتلىق ئەسكەردىن باشقا يەنە بىر پىيادە قىسىم، بىر تانكا لىيەنى،
بىر زەمبىرەك باتالىيونى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەسكىرى
كۈچى ۋە شتاتى سىرتقا نىسبەتەن مەخپى ئىدى. مەزكور پولكـ
نىڭ ئالىدىغان نېنى ۋە گازارمىدا يۈيىلىدىغان كىيىم كېچەكلەرـ
نىڭ مىقدارىغا قارىغاندا 1500 ئەتراپىدا ئادەمى بارلىقى مولـ
چەرلىنەتتى. (ئۇ چاغدا ئولكە ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىق پولكىدا
700 دەك ئادەم بولاتتى) مەزكور پولك قۇمۇلغا كەلگەندە، دەسـ
لەپكى يىللىرىدىكى باش كىيىم، كاكارى ۋە كىيىم فورمىسى شىنـ
جاڭنىڭ يەرلىك قىسمى بىلەن تامامەن ئوخشاش (شەپكىسىدە
كوك ئاسمان ئاق قۇياش بەلگىسى ھەم ياقا بەلگىسى بولۇپ
مۇرە بەلگىسى يوق) ئىدى. كېيىن بۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
دەسلەپكى يىللىرى قۇمۇلدىكى ئايرۇپىلان ستانسىسى ئاپتوموـ
بىل بېكىتى ۋە سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىدىكى سوۋېت
ئادەملىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايتتى. كېيىنچە بەلكىم
گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ باشقىچە گەپ - سوزلىرىنى قوزغىمىغان
ھەم شىنجاڭ يەرلىك ھوكۇمىتىگە گەپ كەلتۈرمىگەنلىكتىن بولۇـ
شى مۇمكىن، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئىكەنـ
لىگىنى ئاشكارا قىلىشتى. لېكىن سىرتقا خەت - ئالاقە يازغاندا،
يەنىلا شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئاق ئورۇس ئاتلىق
8- پولكى دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن ئۇلار شۇ جايدىكى سوۋېت ھاۋا

ئارمىيە بازىسى، ئاپتوموبىل بېكىتى سوۋېت سودا ئىشلار بولۇملىرى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەتتا بىرلەشمە كوڭۇل ئېچىش، تەبرىكلەش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزىدىغان بولدى. يەنە بىر قىسىم ئوفىتسېر ئەسكەر ئاجرىتىپ قۇمۇلدىكى سوۋېت ئاۋئاتسىيە بازىسىنىڭ مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇلار قۇمۇلدا تۇرغان مەزگىللەردە قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە بېرىپ، قۇمۇل رايونىنىڭ تەپسىلى ھەربى خەرىتىسىنى ئىشلەپ چىقتى. سوۋېت ئارمىيىسى تۇرغان مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى رولى شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولدى. سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى جىددىيلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە ماغدىرى قالمىغان، گومىنداڭ مەركىزى ھوكۇمىتى ئامېرىكىغا تايىنىشنى ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرگەن مەزگىللەردە جياڭجيېشى شىنجاڭغا كۆپلەپ ئەسكەر كىرگۈزۈشنى پىلانلىغان ئىدى. لېكىن سوۋېت ئارمىيىسى قۇمۇلدا تۇرغان شارائىتتا جياڭجيېشى قىسىملىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرەلمەيتتى شۇڭا كېيىن چۇڭچىڭ ھوكۇمىتى سۇڭمىلىڭ، جۇشاۋلياڭ قاتارلىقلارنى كەينى - كەينىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ شىڭ شىسەي ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىخانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 8- پولكنى يۆتكەپ كېتىش قارارىغا كەلدى. 1944- يىلى گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ مەھكىمىسى قۇمۇلغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، شۇ جاينىڭ ۋالىسى، ھاكىمى، 8- پولكنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكى ئوشېنىسكى ۋە ئەمدىلا قۇمۇلغا كەلگەن گومىنداڭ 18- ئارىلاشما بىرىگادىسىنىڭ لۈيجاڭى شۈي



ۋۇچىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 8- پولكنىڭ قۇمۇلدىن چىقىپ كېتىشى ھەم 8- پولكتىكى كوماندىر - ئەسكەرلەر بىلەن 18- لۈيدىكى كوماندىر - ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى. 8- پولك يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ خۇزۇڭنەن قارمىقىدىكى يېڭى 2- ئارمىيە، 29- جىتۇەن جۈن ۋە باشقا قىسىملار كۆپلەپ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلدى. شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ شىنجاڭ يەرلىك قىسىملىرىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەندىن كېيىن، شىنجاڭ تامامەن گومىنداڭ قىسىملىرى ھوكۇم سۈرىدىغان رايونغا ئايلاندى.

## ئەجنەبىلەرنىڭ قۇمۇلدا ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى قۇرۇشى ۋە ئۆتمۈشى

1937- يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق توختامى تۈزۈلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ھەربى ئايروپىلان، ھەربى ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى، بېنزىن ۋە باشقا ھەربى لاۋازىماتلارنى سېتىپ بېرىش ۋە ئۇنى شىنجاڭ - گەنسۇ تاشيولى ھەم ھاۋا يولى ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ھەربى ئايروپىلان ئىدى. قۇمۇل شەھرىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى ئەسلىدىكى ياۋرو - ئازىيە ئايرودرومىنى ئايروپىلانلارنىڭ قونۇش ۋە ماي قاچىلاش ئورنى قىلدى، ئايرودروم يېڭىدىن قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق ئۈسكۈنىلەر

يوق ئىدى. بىر نەچچە ئېغىز ئاشخانا ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتقان
خام كىسەك ئۆيلەرلا بار ئىدى. ئوتكەن - كەچكەن ئۇچقۇچىلار،
خىزمەتچىلەر ۋە ئايرودورومدىكى دائىملىق خىزمەتچىلەرنىڭ
ھەممىسى چېدىرلاردا ياتاتتى. دەسلىۋىدە بارلىق قىرغۇچى
ئايروپىلانلار، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
ئەترەت بويىچە ئۇچۇپ كېلەتتى. تيانشاندىن ئوتۇپ، يول بويىـ
دىكى ئايرودورومىلارغا چۈشۈپ ماي، سۇ قاچىلايتتى، (ئۇ چاغدا
بىر قىسىم ئايروپىلانلار سۇ ئارقىلىق سوۋۇتۇلىدىغان
ئايروپىلانلار ئىدى) ھەم ھاردۇق ئېلىپ، تاماق يەپ،
ئاندىن لەنجۇ، شىئەن، چۇڭچىڭ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا
ئۇچاتتى، ئۇ چاغلاردا ئايروپىلانلارنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ناچار بولـ
غانلىقى ئۈچۈن، ئاساسەن يەر ئۈستى بەلگىلەر بويىچە ئۇچاتتى.
پەقەت بىر قىسىم بومباردىمانچى ئايروپىلانلاردىلا رادىيو ئۇسكۇـ
نىلىرى بار ئىدى. تيانشاندىن ئۇچۇپ ئوتۇشتە قىرغۇچى ئايروـ
پىلانلاردا جىق چىقىم بولاتتى. 1938- يىلى قىرغۇچى ئايروپىـ
لانلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇلدا قۇراشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، 10 دانە
چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
قۇمۇلغا توشۇپ كېلىنىدىغان بولدى. ئۇ چاغلاردا ياپونىيە ھاۋا
ئارمىيىسى لەنجۇنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىغان،
ئايرىم بومباردىمانچى ئايروپىلانلار جاڭيېنىمۇ
بومباردىمان قىلغان ئىدى. ئايروپىلانلارنى قۇراشتۇرۇشنىڭ
بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇل ئايرودورومىدا
دائىم U—14 ۋە U—16 شەكلىدىكى قىرغۇچى ئايروپىلاندىن
10 نەچچىسى، بىر CB شەكلىدىكى يېنىك بومباردىمانچى ئايـ
روپىلان چوڭ ئەترىتى ۋە ئاز ساندىكى باشقا تۈردىكى ئايروپىـ



لانلار تۇرىدىغان بولدى. ئايروپىلانلارنى قۇراشتۇرۇشتا گومىنداڭ
ھاۋا ئارمىيىسى نۇرغۇن ھاۋا ۋە يەر ئۈستى خادىملىرىنى يوتكەپ
كەلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ھاۋا ۋە يەر ئۈستى خادىمـ
لىرىدىن باشقا يەنە ئاۋئاتسىيە سانائەت تارماقلىرىدىن بىرمۇنچە
ئىنژېنېر تېخنىك خادىملىرىنى يوتكەپ كەلدى. بۇلار ئايرودوـ
رومدا ئەسلىدە بار شىنجاڭ ئەسكەرلىرى (ئاساسەن ئېغىر ئەمگەك
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان)گە ماسلىشىپ قۇراشتۇراتتى. ھەر بىر
ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1- قەدەمدە سوۋېت
ئۇچقۇچىلىرى سىناپ ئۇچاتتى. ئاندىن گومىنداڭ
ئۇچقۇچىلىرى سىناپ بولغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە
مەسئۇللىرى تاپشۇرۇپ ئوتكۈزۈۋېلىپ ئىچكىرىگە ئۇچۇپ كېتەتتى.
ئۇ چاغدا ئايروپىلاننى تاپشۇرۇپ بېرىش - ئېلىشقا مەسئۇل ئادەمـ
لەر سوۋېت تەرەپتىن گېنېرال ئالىكسەي، گومىنداڭ تەرەپتىن
ھاۋا ئارمىيە سىلىڭى ماۋباڭچۇ ئىدى. ئايروپىلانلارنىڭ بىخەتەرـ
لىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇراشتۇرۇش مەزگىلىدە ئەتىـ
دىن كەچكىچە توختىماي ئوچۇق دالىدا قۇراشتۇرۇلاتتى. (ئۇ
چاغدا ئايرودورومدا يوروتۇش ئۇسكۇنىلىرى بولمىغانلىقتىن
كېچىسى ئىشلىگىلى بولمايتتى). سوۋېت خادىملىرىنىڭ پەرەز
قىلىشىچە ياپونلار ئىشغال قىلغان ئىچكى موڭغۇل، سۈيۈەندىن
تاشقى موڭغۇل چېگرىسىنى بويلاپ ئۇدۇل قۇمۇلغا ئۇچۇدىغان
بولسا ئارىلىق ئانچە ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. بۇ ئارىلىقتا
ياپون ئىشپىيونلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشتىن خېلى
بۇرۇنلا ئەرلىزا دەرياسى بويىدىكى ئايرودورومغا بېنزىن زاپاس
قىلىپ قويغان (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى
موڭغۇل چارۋىچىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ياپون ئىشپىيونـ

لىرى ئەشۇ جايلاردا ھەركەت قىلىپ يۈرگەن، يەنە بۇرۇنقى
شىنجاڭ- سوۋېت تاشيولىدىن پايدىلىنىپ ماشىنىمۇ ھەيدەپ
كەلگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ خېلى
ئۇزۇندىن كېيىن ئاندىن گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلىپ قېلىپ
ھەيدەپ چىقارغان ئىدى)، يىراققا ئۇچقۇچى بومباردىمانچى
ئايروپىلانلار قۇمۇلغا تامامەن ئۇچۇپ كېلەلەيتتى. شۇڭا ياپون ئاي-
روپىلانلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى.
ئۇ چاغلاردا جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ياپون جاھانگىر-
لىگى ئورغۇن ساتقۇن، ئىشپىيونلارنى سېتىۋالغان بولغاچقا، قۇمۇلدا
ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلۇۋاتقان ئىشنى ئۇلارنىڭ بىلىپ قېلىشى
ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. 1939- يىللىرىمۇ بۇ يەردە
ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلدى. 1938- يىلدىن باشلاپ بىناكارلىق
قۇرۇلۇش بىلەن چوڭ تۇتۇش قىلىنىپ، بېنزىن ئىسكىلاتى، ئوق-
دورا ئىسكىلاتى، زاپچاسلار ئىسكىلاتى، ئايروپىلان
لاپاسلىرى، ئاپتوموبىل ئىسكىلاتلىرى
ھەم رېمونت زاللىرى قۇرۇلدى، يەنە ھەر خىل
تۇرمۇش بىنالىرى ۋە بىر كلۇب سېلىندى. بىناكارلىق قۇرۇلۇش-
قا بىر سوۋېت ئىنژېنېرى، بىر جۇڭگو ئىنژېنېرى مەسئۇل بولۇپ
لايىھىلىگەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغان، سوۋېت تەرەپ ئاپتوموبىل
كەلتۈرۈپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇپ بەردى. قالغان ئۈس-
تىلار قۇمۇل ناھىيىسىدىن ياللاپ ئېلىندى. ماتېرىياللارنى ناھى-
يىلىك ھۆكۈمەت جايلاردىن سېتىۋېلىپ تەمىنلىدى. شۇڭا سوۋېت
خادىملىرى چىقىپ كەتكەندە قۇرۇلۇش چىقىملىرىنى تەلەپ قې-
لىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چۈشمىدى. سوۋېت خادىملىرىنىڭ
سانى ئەڭ كۆپ بولغان چاغلاردا 500 ئەتراپىغا يەتكەن، ئادەت-



تە 900 دەك ئىدى، سوۋېت خادىملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوزىنى
قوغداش قوراللىرى بولۇپ كېيىم-كېچەكلىرى ئادەتتىكىچە ئىدى،
ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتې-
سىر جەڭچىلىرى ئىدى. (ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ كوپچىلىگى
جەڭچىلەر ئىدى)، ئۇچقۇچى خادىملار ئىچىدە بىر قىسمى سو-
ۋېت ھاۋا ئارمىيە پىدائىيلار قىسمىغا قاتناشقانلار بولۇپ، گومىن-
داڭ ھاۋا ئارمىيە كىيىمىنى كىيىپ يۈرەتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-
شى ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇمۇلدا قۇراشتۇرۇلغان ئايروپىلانلارنىڭ
ھەممىسى U-14 ۋە U-16 شەكلىدىكى قىرغۇچى ئايروپىلانلار،
باشقا شەكىلدىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلار (يېنىك تىپتىكى
C 6 بومباردىمانچى ئايروپىلانى، يىراققا ئۇچقۇچى بومباردىمان-
چى ئايروپىلانى، ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلار)
يول بويىدىكى ئايرودرومىلار ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە باراتتى.
1941-يىلى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ-
زۇن ئوتمەي سوۋېت ھاۋا ئارمىيە بازىسى ئىشنى توختىتىپ سو-
ۋېت خادىملىرى يوتكىلىپ چىقىپ كەتتى. ئايرودروم ۋە بارلىق
قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسى
تەرىپىدىن ئوتكۈزۈۋېلىندى.

## ۋاڭ يۈنچىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا تەسلىم بولدى دىگەن جىنايەت بىلەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ناھەق قارىلانغانلىغى

1939-يىلى شىنجاڭنىڭ ئالتاي تەرىپىدە قازاق چارۋىچى-
لىرى توپىلاڭ كوتۇرۈپ چىقتى، شىڭ شىسەي ئولكە ئەسكەرلىرى-

نى ئەۋەتىپ بېسىقتۇرۇش تەدبىرى قوللانغاندىن كېيىن بىر مۇنچە چارۋىچىلار باركۆل تەرەپكە قاچتى، بىر قىسمى تىيانشان رايونىنى بويلاپ گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا قاچتى.

ئۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئۇلكە ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ باركۆل تەرەپلەردە بېسىقتۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى دۆبەن گوڭشو ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىن بىر نەچچە ئايروپىلان ئاجرىتىپ چارۋىچىلار قاچقان يوللاردا پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇش ياكى بومبا تاشلاش ئارقىلىق قاچقان چارۋىچىلارنى توسۇۋالماقچى بولدى، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ ئايروپىلانلىرى قومۇلدىكى سوۋېت ئاۋىئاتسىيە بازىسىدا ماي ھەم ئوق-دورا قاچىلايتتى (بازىدا سوۋېت ھاۋا ئارمىيە خادىملىرىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئۇلكىلىك ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما بولۇپ، ئۆز ئارا باغلانمايتتى، ئايرودرومدىن ئورتاق پايدىلىناتتى). ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئاۋىئاتسىيە ئەترەتتىن جوڭشاۋ دۆيجاڭ ۋاڭ يۇنچى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى لى خۇەنجاڭدىن باشقا سوۋېتلىك ئوقۇتقۇچى زاد بورووۋسكى بىلەن كاربوشىن بار ئىدى، بىر قېتىم سوۋېت ئوقۇتقۇچىسى ئىككەيلەن، ۋاڭ يۇنچى يالغۇز بىردىن P —5 رازۋېت ھەم ئۇرۇش قىلىش ئايروپىلانىنى ھەيدەپ باركۆلگە ۋەزىپە ئادا قىلغىلى كېتىپ سوۋېتلىك ئوقۇتقۇچىلار ھەيدەپ كەتكەن ئايروپىلان قومۇلغا قايتىپ كېلىپ ۋاڭ يۇنچىنىڭ ئايروپىلانى قايتىپ كەلمەيدۇ، ئىككىنچى كۈنى ئۇلكىلىك ئاتلىق 16- پولكىنىڭ پولكوۋنىكى نيۇجىڭخەن ئايرو-



دۇرۇمغا كېلىپ ئۇلاردىن ۋاڭنىڭ ئايروپىلانى نېمە سەۋەپتىن قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى سورايدۇ، بۇ چاغدا زادپورووۋسكى باركۆل ئايرودرومىدىن يولغا چىققاندا ۋاڭنىڭ ئايروپىلانىدا بىرلا ئادەم بولغاچقا بوش ئورۇنغا 4 چېلەك بېنزىن زاپاس ئېلىۋالغانلىقىنى، تىيانشاندىن ئۆتكەندە ۋاڭنىڭ ئايروپىلانى نېمە ئۈچۈندۇر شەرققە قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭ پەرىزىچە ۋاڭنىڭ ئايروپىلانىدا 4 چېلەك زاپاس ماي بولغانلىقتىن ياپونلار ئىشغال قىلىپ تۇرغان ئىچكى موڭغۇلغا يېتىۋېلىش تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، ئوتتۇرىلىقتا چۈشۈپ ماي قاچىلايدىغان ئورۇنلارمۇ جىق، ۋاڭ جەزمەن ياپونغا تەسلىم بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. نيۇجىڭخەن مۇشۇ ئەھۋالنى شىڭ شىسەيگە تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شىڭ شىسەي ۋاڭنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ ياپونغا تەسلىم بولۇپ كەتتى دەپ ئېلان قىلدى. ۋاڭنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ بىر قىسمى قاماققا ئېلىندى، ئائىلە تەۋەسى ئىلىغا پالاندى. (ۋاڭنىڭ ئائىلە تەۋەسىدە بەزىلەر چوڭ ئەمەلدار ئىدى.) ئۇ چاغدا باشقىچە بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلغۇچى ئادەممۇ چىقمىدى، چۈنكى شىڭ شىسەينىڭ تۇتقان سىياسىتى زومىگەرلىك سىياسەت ئىدى، 1945- يىلى قومۇلنىڭ جەنۇبىي تاغ رايونىدىكى ئۇيغۇر دېخانلىرى تىيانشان تېغىنىڭ قايسى بىر چوققىسىدا قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلان تاققا ئۇرۇلۇپ چۈشكەنلىكىنى مەلۇم قىلىدۇ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرھال قومۇل ھەربىي ئايرودرومىغا مەلۇم قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئايرودرومدا شىڭ شىسەي ئاۋىئات-

سىيە ئەترىدىدە تۇرغان ئادەملەر (بۇ چاغدا شىڭشىسەي شىنـ جاڭدىن ئاللىقاچان يوتكىلىپ كەتكەن، ئاۋغاتسىيە ئەترىدى ئۆزگەرتىلگەن ئىدى) دىن بەزى ئوفىتسېر – جەڭچىلەر تەكشۈرۈپ كورۇپ ئۇنىڭ ۋاڭ يۇنچىنىڭ جەسىدى ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ۋاڭ يۇنچى ياپونغا ئوتۇپ كەتتى دىگەن ئەنزە شىڭشىسەي بىلەن ھېلىقى سوۋېت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئويدۇرمىسى، ۋابال ئەنزە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ چاغدا شىڭشىسەي شىنجاڭدىن ئاللىقاچان يوتكىلىپ كەتكەن سوۋېت ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئاللىقاچان ئوز دولىتىگە قايتىپ كەتكەن. نيۇجىڭخەن بولسا، شىڭشىسەي تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ كەتكەن بىر چاغ ئىدى. بۇ ۋابال ئەنزىمۇ شۇ پېتىچە قالدى. ئۇ چاغدا گومىنداڭ ھوكۇمىتىدىنمۇ ۋاڭ يۇنچىڭنى ئاقلاپ دەردىگە يېتىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى.



# شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئىلىدىكى بىر نەچچە يادىكارلىقتىن

ۋېي جاڭخۇڭ

## مۇقەددىمە

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدى، جۇڭگو خەلـ قىنىڭ قارشىلىق كورسىتىش كۇرىشىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئوسۇشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. چىڭ خاندانلىقى يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئېغىر ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئىلغار ئىنقىلاۋي كۈچلەرنى بېسىقتۇردى. بۇرۇن "يېڭىلاش"قا قارشى تۇرغان شىتەيخۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن يارلىق چۈشۈرۈپ: «ئانا– بالا بىر نىيەتتە يېڭى سىياسەت يۈرگۈزىمىز» دەپ نەيرەڭۋازلىق قىلدى. يېڭى سىياسەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئەسكەر تەربىيىلەش، ئىلىم- پەننى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. چىڭ خاندانلىقى دولەت قۇرۇشتا بەرپا قىلغان «8 توغ»- لۇق لەشكەر ئاللىقاچان چىرىپ پارازىتلىشىپ ئاتالمىش «يېشىل توغلۇقلار»، «خۇنەن قوشۇنى»، «خۇەي قوشۇنى» قاتارلىق كونا شەكىلگە ئايلىنىپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ فېودال ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قالالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان ئىدى. شۇڭا چىڭ

خاندانلىقى مەملىكەت بويىچە يېڭى شەكىلدە رېئاكسىيونلارنىڭ قوراللىق قىسمىنى تەشكىللەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بېسىقتۇرىدىغان قارا كۈچ قىلماقچى بولدى. ئەپسۇسكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى، ئۇنىڭ قۇرغان يېڭى قوشۇنلىرى ئىچىدە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى كۈچلىرى كۈنساناپ ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىدى.

چىڭ خاندانلىقىنىڭ پايتەختتىكى ۋە چەتلەردىكى ئەرباپلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، پۇل تەييارلاپ لەشكەر تەربىيىلىدى. 1905 - يىلى جياڭ گىن 2 - قېتىم ئىلى جياڭجۈنى بولۇپ كېلىشتە يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، يېڭى شەكىلدە قۇرۇقلۇق قىسىملارنى يېتىشتۈرمەكچى بولۇپ جەنۇپ ۋە شىمال ئارمىيىلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ ئىلى ئارىلاشما پولكىنى قۇرۇپ چىقتى. 1908 - يىلى بىرىنچى ئايدا ياڭ زەنشۈينى پولك باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. جۇڭشى خۇبى قىسىملىرىدىن 400 كىشى تاللاپ ھەمدە خۇاڭپۇ، شاۋگۇەن ناھىيىلىرىدىن 243 نەپەر يېڭى ئەسكەر ئېلىپ ئىلىغا كېلىپ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. شۇ قاتاردا ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەردىن فىڭ تېمىن، لى پۇ خۇاڭ، خې كېچۇەن، پىڭ داشۇ، لى كىڭگۇ، فاڭ شياۋسى، شۇشۇيۇەن، شىن زېخۇن، لى يىڭ، جۇپۇچىڭ، لەن شياۋگۇا قاتارلىقلارمۇ ئىلىغا كېلىپ ئىنقىلاپ ئۇرۇغىنى چاچتى (شىنئەندە بۇلارغا ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەردىن لى مۇڭبياۋ قاتارلىقلار قوشۇلدى. لەنجۇدا دىڭ باۋسەنلەر قوشۇلدى. بۇ ئارمىيە شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) ئىلىغا يېتىپ كەلدى.

ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەر ئىلى رايونىدا ئۇزۇن مۇددەت



جاپالىق خىزمەت ئىشلەپ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، يېقىن زامان جۇڭگو تارىخىغا شانلىق بىر سەھىپە قالدۇردى. ئىگەللىشىمىزچە ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگراسىدىكى ئىلى شەھىرىدە نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىدا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ زايا بولۇپ كەتكەچكە ھازىر قولىمىزغا چىققانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس.

مەن شىنجاڭدا خىزمەتتە بولۇپ ئىلى ۋىلايىتىگە نەچچە قېتىم تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتكە باردىم. ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى»، «يېڭى گېزىت» ۋە «جۇڭخۇا مىڭگو ھەربىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىلى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئېلانى» قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلارنى كۆچۈرۈۋېلىش ۋە رەسىمگە تارتىشىمغا رۇخسەت ئالدىم. ماڭا قىزغىن ياردەم بەرگەنلەرگە ۋە ئىدارىلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

مەملىكەت بويىچە شىنخەي ئىنقىلاۋى تارىخىي ۋە گېزىت - ژۇرنال تارىخلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا پايدىلىق بولار دەپ پەقەتلا بۇ ئۈچ يادىكارلىقنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» ھەممىگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت تارقىتىلغان «يېڭى ئىلى» گېزىتى توغرىسىدا ئىچكى ماتېرىياللاردا ۋە

گېزىت - ژورناللاردا تونۇشتۇرۇلغىنى يوق. شۇڭا مەن ئىلى شىنـ
خەي ئىنقىلاۋىدا قۇربان بولغان پىشقەدەمـ
لەرنى خاتىرىلەش كىتاپخانىلارنىڭ ۋە
تارىخشۇناسلارنىڭ پايدىلىنىدىغان ماتېرىيالى بولسۇن ئۈچۈن
بۇ ئۈچ يادىكارلىقنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمەن.

## «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» ۋە «يېڭى ئىلى»

«ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» 1910 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 -
كۈنى (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى) چىقىرىلـ
غان. ئۇ، ئىلى تۇڭمېڭخۇيىنىڭ تەشۋىقات قورالى ئىدى. گېزىتـ
خانىنىڭ ئورنى كۈرە شەھىرىدە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى
موڭچىن گۇڭشېسىدا) ئىدى. باش رىداكتورى «خەتتات ۋەئەدىپ»
پىڭ تىيەمىن خۇبېي ئۆلكىسى چاڭشا (بۈگۈنكى ۋۇچاڭ) ناھىـ
يىسىدىن. خۇبېي زىجاڭ مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، خۇبېي ئىلمىي
جەمئىيەت ۋە تۇڭمېڭخۇي قاتارلىق ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنىڭ
غوللۇق ئادىمى بولغان ئىدى. ۋۇخەندە «چۇ گېزىتى»نىڭ رىداكتورى
بولدى. ئوچۇق قەلەم ئىسمى بىلەن ماقالا يېزىپ ئۆز تەشەببۇسـ
لىرىنى قۇۋۋەتلىدى. 1906 - يىلى ئىلىم جەمئىيىتى چىڭ خاندانـ
لىقى تەرىپىدىن پاش قىلىنغاندا پىڭ قاتارلىقلار شاڭخەيگە
قېچىپ باردى. كېيىن ۋۇخەنگە قايتىپ بارغان بولسىمۇ ئىزىنى
يوشۇرۇپ تۇرالمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ياڭ زەڭشىن بۇيرۇق
بويىچە ئىلىغا چىقماقچى بولدى. شۇ پۇرسەتتە ئۇ ئىسمىنى پىڭ
تىيەمىن دەپ ئۆزگەرتىپ نۇرغۇن ئىنقىلاۋىي يولداشلارنى توپلاپ
لەشكەرلەرگە ئەگىشىپ ئىلىغا يېتىپ كەلدى. «ئىلى ئاممىباپ
گېزىتى» نەشر قىلىنغاندا ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەردىن جىڭـ



فاڭلۇ، لى مۇڭبىياۋ تەھرىر بۆلۈمىگە ياردەملەشتى. يەرلىك خەنـ
زۇ زىيالىيلىرى ۋە خۇيزۇ زىيالىيسى خەن يۈشۇلار مۇخبىر بولۇپ
يەرلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇردى. پىڭ تىيەمىن ئىلى خارجى
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى جۇڭلىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىچكى ـتاشـ
قى خەۋەرلەرنى كۆچۈرۈپ كېلەتتى. گېزىت خىراجەتلىرىنى شەخـ
سلەر بېرەتتى. ھازىرمەلۇم بولۇشىچە، «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى»
شىنجاڭدا شەخسلەر باشقۇرغان تۇنجى گېزىت بولۇپ ناھايىتى
ئاتاقلىق ئىدى.

«ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» ئاۋال خەنزۇچە چىقىرىلدى،
كېيىن مانجۇچە، موڭغۇل، ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا نەشر قىلىندى.
ھەممىسىلا كۈندىلىك گېزىت ئىدى. بايرام ھېيتلاردا دەم ئېلىـ
ناتتى. خەنزۇچىسى مىخ مەتبەدە، باشقايېزىقتىكىلەر ماي باسمىدا
بېسىلاتتى. «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى»نىڭ خەنزۇچىسى ئاق قەـ
غەزنىڭ بىر بېتىگە بېسىلغان بولۇپ، خەتلىرى ئوچۇق چىرايلىق
ئىدى. گېزىت ھەجىمىنىڭ كەڭلىگى 63،5، ئېگىزلىگى 56،8
سانتىمېتىر بولۇپ 4 قاتلانسا رىسالە بولاتتى. ماۋزۇلار چوڭ خەتـ
تە، مەزمۇنلار كىچىك خەتتە بېسىلاتتى. گېزىت بېشىدا مىلاـ
دى، قەمەرىيە، رۇس يىلنامىلىرى بېسىلغاندىن تاشقىرى پارچە
سېتىلىش، ئايلىق، يېرىم يىللىق، بىر يىللىق باھالىرى ئېلان
قىلىناتتى.

«ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» شىنجاڭدا: غۇلجا تۈز ئىدارىسى،
سۈيدۈڭ ۋىڭخۇڭتەي، شىنجاڭ تېلېگىرام ئىدارىسى، قورغاس ۋە
تارباغاتايلاردا سېتىلاتتى. مەملىكەت دائىرىسىدە بېيجىڭ ۋەتەنـ
پەرۋەر گېزىتخانىسى - نەنجىن داگۇڭباۋ گېزىتخانىسى، شاڭخەي

ئېقىم مەسىلە گېزىتخانىسى، خەنكو جۇڭشى گېزىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار ۋاكالىتەن سېتىپ بېرەتتى.

«ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» نىڭ بەت ياسىلىش تەرتىۋى مۇنداق ئىدى: ① كەلگەن خەت چەكلەر؛ ② ئورداخاتىرىسى، «يارلىقلار» ۋە ھوكۇمەتنىڭ مەخسۇس ھوججەتلىرى؛ ③ «لىكسىيە»، گىراپىدىسىدا جەمىيەت ئىشلىرىغا قارىتىلغان ئوبزور بولۇپ، بۇ كېيىنكى چاغلاردىكى باش ماقالىغا ئوخشايتتى؛ ④ «ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخ»، بۇنىڭدا يەرلىك ۋە جايلاردىكى زايوم خەۋەرلىرى بېسىلىپ دولەتنىڭ مۇستەقىل ۋە كۈچلۈك بولۇشى تەرغىپ قىلىناتتى؛ ⑤ «ئولكە خەۋەرلىرى» بۇنىڭدا ئاساسەن جايلاردىكى جەمىيەتكە پايدا يەتكۈزگەن ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر ياكى جەمىيەتتىكى يامان ئىشلارغا قارىتا بېرىلگەن تەنقىدى ماقالىلار؛ ⑥ «تەرجىمە خەۋەر» ۋە «ئىچكى خەۋەرلەر»گە ئىچكى تاشقى مۇھىم خەۋەرلەر تونۇشتۇرۇلاتتى. ⑦ «پارچىلار» ۋە «تەنقىتلەر» بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەزمۇن كىشىلەرنى ئىنقىلاپ قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش، يېڭى بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇش، جاھانگىرلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەر دەسلەپ ئىلىغا كەلگەندە مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىيىتىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىنقىلاپنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلماي، ماقالىلار ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە خەلققە بىلىم بېرىشنى قانۇنى مەزمۇن شەكلى بىلەن ئىنقىلاۋىي ئىدىيىدىن بىشارەت بېرىشنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

«ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» مەزمۇنى باي، تىلى جانلىق، ئاممىباپ بولۇپ، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولغانلىقتىن



گېزىتخانىغا ئىدارە قىلغۇچىلار دائىم كورۇلۇپ تۇراتتى. بەزىلەر كوچىلارغا تاختا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئامما كورسۇن ئۈچۈن چاپلاپ قوياتتى. خەت تونۇمايدىغان چى سۆكيۇەن دىگەن بىر بوۋاي گېزىتكە بىر نۇسخە يېزىلىپ غۇلجا بۇتخانا ئالدىدا مەددالىق قىلىپ تۇرغانلارغا ئوقۇتۇپ ئاممىغا ئاڭلاتقۇزاتتى. شۇ چاغدا خەلق ئاممىسى «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» گە باھا بېرىپ: دولەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدارلىق سەممى سوزلەرنى قىلىپ، گاسىنىڭ قولىغىنى نادانىنىڭ ئەقلىنى ئاچىدىغان، يەرلىك مەدىنىيەتنى تەرغىپ قىلىدىغان يۇقۇرى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان، مىللەت چېكىنى ئايرىمايدىغان ھەممىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان گېزىت دىيىشتى.

«ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» بورۇختۇم ئىچىدە خەۋەرسىز قالغان ئىلى رايونىغا يېڭى ھايات بېغىشلىدى. شۇ چاغلاردا قاتناش قىيىن بولغانلىقتىن ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەر كوپىنچە چاڭجاڭ ئېقىمى ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىدا ھەركەتلىنىپ يۇرەتتى. پىڭ تېيىمىن ئارىلىقنى يىراق كورمەي ئىلىغا كېلىپ ئىنقىلاۋىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. باشقىلارغا ئوخشاش ئوز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» نى نەشر قىلىپ، چېگرا رايوندىكى ئىنقىلاۋىي ئىشلار ئۈچۈن قىممەتلىك توھپىلەرنى قوشقانلىقى بۇگۇنكى كۈندە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

«ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» فىئودال ھوكۇمرانلىرىنىڭ ئۇچىمەنلىگىنى قوزغىشى تەبىئى ئىدى. يېڭىدىن ئىلى جاڭجۈنلىقىغا تەيىنلەنگەن جىرۋي 1911- يىلى 11- ئاينىڭ 15- كۈنى ئىشقا چۈشتى. بۇ چاغدا ۋۇچاڭدا كوتىرىلگەن ئىنقىلاپ دولقۇنى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئىدى. جىرۋي ئوز ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ئىنقى-

لاۋىي كۈچلەرنى يوقىتىش خام خىيالىدا، جامائەت ئەپكارى بولغان «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى» نى چەكلەپ پېچەتلىگەن ئىدى.

## «يېڭى گېزىت»

«يېڭى گېزىت» دەسلەپتە يېڭى تۇتۇق مەھكىمىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى. شەخسلەرنىڭ ئىئانە پۇلىنى قوبۇل قىلمايتتى. 1912-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈنى «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى»نىڭ داۋامى دەپ ئاتىلىپ، يەنىلا كۈرە شەھىرىدە نەشر قىلىندى، مۇدىرى پىڭ ئىگۇاڭ، باش تەھرىرلىككە جىڭ زۇيشى مەسئۇل بولدى، باسما ئىشلىرىغا شۇپىچىڭ مەسئۇل بولدى، «يېڭى گېزىت» قەغىزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ھەجمى «ئىلى ئاممىباپ گېزىتى»گە ئوخشاش ئىدى.

«يېڭى گېزىت»نىڭ 1- بېتىگە «تېلېگرامما»لار بېسىلاتتى. بۇ ئاساسەن ئىلى ھوكومەت ئىدارىلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە جايلاردىن كەلگەن تېلېگرامما خەتلەر، جۇمھۇرىيەتكە قوشۇلغان ئۆلكىلەر ۋە جايلارنىڭ تېلېگرامما خەتلىرى، نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە ئائىت خەۋەرلەردىن ئىبارەت، ئاندىن قالسا، باشماقالا بېسىلاتتى، ئاندىن شەخسى نام بىلەن يېزىلغان ماقالىلار بېسىلاتتى. 3-ئورۇندا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى بۇنىڭدا ئۆلكە ۋە جايلاردىكى ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسى، جۇمھۇرىيەتكە قوشۇلغان ئەھۋاللار، يېڭى ئورگانلار، ئەمەلدارلارنىڭ تەيىنلىنىشى ۋە قالدۇرۇلۇشى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى، تۈزۈلگەن يېڭى قانۇن ۋە ھەربىي ئىنتىزام، ھوكۇمەت ۋە ھەرساھەدىكى ئەرباپلارنىڭ سوزلىرى بېسىلاتتى. 4-تەرجىمە تېلېگراممىلار، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، رۇسىيە، گېرمانىيە



ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ئارىلىشىشى ۋە بۇزغۇنچىلىقى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان جىنايەتلىرى پاش قىلىناتتى، يۇقۇرىدىكى مەزمۇنلاركوپىنچە بىرىنچى بەتكە بېسىلاتتى.

«يېڭى گېزىت» نىڭ ئىككىنچى بېتىگە ئاساسەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك خەۋەرلىرى بېسىلاتتى. 1- „ئۆلكە خەۋەرلىرى“، ئىلى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاساسەن خەلق قوشۇنلىرى بىلەن ئۆلكە لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئەھۋاللىرى، سىياسىي پائالىيەتلەر، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ۋە سودا - سانائەت ئەھۋاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلەتتى، چاررۇسىيىگە بولغان خارجى پائالىيەتلەرمۇ شۇ بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى، كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ مۇھىم ۋەقەلىرى بېسىلىدىغان بولدى. 2- „تەرجىمە خەۋەرلەر“، ئىچكى ۋە تاشقى چوڭ گېزىتلەردىن ئېلىنغان مۇھىم خەۋەرلەر. 3- „ئېلان“، بۇنىڭدا يېڭى ئىلى ھوكۇمىتىنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە ھوججەتلىرى بېسىلاتتى، 4- „خاتىرىلەر“، بۇنىڭدا ئىلى ئىنقىلاۋىدا قۇربان بولغانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى سۈن جۇڭسەن، لى يۈەنخۇڭ قاتارلىق ئىنقىلاپچىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، 5- قىسقا „ئوبزورلار“ دا يېڭى مەسىلىلەر بايان قىلىناتتى، جەمئىيەتتىكى يامان ئادەتلەر تەنقىت قىلىناتتى، يۈەن داخۇانىڭ يازغان نامسىز خەتلىرى، ئىنزاھاتى بىلەن پاش قىلىناتتى، فېئودال مۇتەئەسسىپ ئەمەلدارلارنىڭ جۇمھۇرىيەتكە قارشى تۇرغانلىقلىرى مەسخىرە قىلىناتتى، 6- „كىنايىلەر“، يۇمۇر، ھەجۋى ماقالىلار يېزىلاتتى.

«يېڭى گېزىت»نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى روشەن ئىدى، گېزىت جامائەت پىكرىنىڭ ۋەكىلى، ھوكۇمەتنىڭ نازارەتچىسى بولۇشنى

ئۇزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى دەپ بىلەتتى. شامالغا قاراپ
ئىش كورمەيتتى. گۇرۇپپىۋازلىق قىلمايتتى، گېزىت دۇنيا-
دىكى ئۇتكۇر قورال جەمئىيەتكە يېڭى بىلىم، يېڭى ئىدىيە،
يېڭى ئەخلاق تەقدىم قىلىدىغان دۇنياغا ئەڭ يېڭى تارىخ يارى-
تىدۇ دەپ ھىساپلايتتى. گېزىتتە ھەقىقەتەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاخ-
بارات ئەركىنلىكى پۇرىقى بار ئىدى. مەسىلەن: ئىلى ئۇرۇشىدىن
خەۋەر بەرگەندە يۈەن داخۇاغا ئوخشاش مەغلۇبىيەتنى غەلىبە قىلىپ
كورسەتمەيتتى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخباراتچىلىرىغا ئوخشاش
„دۈشمەن كوپ بولۇپ قالدى، ئازچىقىندى“، „ئاۋال چېكىنىپ تۇر-
دى“ دىگەنگە ئوخشاش سۇپەتلەش ئارقىلىق مەغلۇبىيىتىنى
يوشۇرۇپ يۈرمەيتتى. «يېڭى گېزىت» خەلق قوشۇنىنىڭ غەلى-
بىسىدىن تولۇق مەلۇمات بېرەتتى. گورتۇدە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ
قىلىپ مەغلۇپ بولغانلىقى، „كوپ زىيان تارتقانلىقى“ جىڭ ۋە
قۇم بولاقتا قىلغان غەلىبىسىدە كوپ چىقىم تارتقانلىقلىرىنى
ئاشكارە يازغان ئىدى.

دەۋر باشقىچە بولغىنى ئۈچۈن گېزىتتىكى سوزلەر كەسكىن
ھەم نىشانىنى چەللەپ يېزىلاتتى. ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبە قازان-
غاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئەمرى يۈەن داخۇاغا جۇمھۇرىيەتكە قوشۇ-
لۇشقا كوپ قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، يۈەن داخۇا ئەك-
سىنچە قورال كۈچى بىلەن جاۋاپ قىلغاندا «يېڭى گېزىت» كوپ
قېتىم ماقالا ئېلان قىلىپ، يۈەن داۋخۇانى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن
دەۋردە خىزمەت كورسىتىمەن دەپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىككە ئۈچرى-
تىپ ئوزى قۇل بولماقچى، „خەلقنىڭ ئاھ - زارىغا باقماي
مۇستەبىتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىش كوردى“، ئۇرۇمچىدە



ئىنقىلاپقا ھىسداشلىق قىلغانلارنى قىردى. ئۇرۇمچى - ئىلى
ئۇرۇشىنى قوزغاپ، يىلە قۇرۇتىغا ئوخشاش ئوزىنىڭ يىپىگى
بىلەن ئوزى باغلاندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەرباپلار مۇنداق
قىلسا خائىن بولۇپ تۈگىشىدۇ، دەپ پاش قىلغان، يۈەن شى-
كەي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، «يېڭى گېزىت» ئۇنىڭ
خاتالىقلىرىنى ئەيىپلىدى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كې-
يىن، «يېڭى گېزىت» ماقالا ئېلان قىلىپ ياڭ زىڭشىن ئەمەلپە-
رەست، ئويۇنچى، ئارقا تىرىگى بولغان بورىگە 3 قېتىم تازىم قى-
لىپ، دورغاپ رولىغا چىقىپ غەزەل توقۇلىدى. بىراق ئېيتقان
غەزىلى بۇزۇلدى. بۇنىڭغا گېزىت ساھەلىرى تەنقىت بەرگەنگە
بەك خاپا بولۇپ: „كېچە مەن جۇگېلياڭدىن ئۈچ قېتىم ئەرزىيەت
تارتتىم. بۈگۈن گېزىت يۈزىدە ھۇجۇمغا يولۇقتۇم، بۇ دۇرغاب-
لىقنى قىلماق بەك تەس ئىكەن“ دەپتۇ دەپ ياڭ زېڭشىنىنىڭ
تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ساختا ئويۇنلىرىنى ناھايىتى ئەپچىل
مەسخىرە قىلدى. بورە دىگىنى يېۋەنشىكەي ئىدى. «يېڭى گې-
زىت» نىڭ كەسكىن سوزلىرى ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنى بىئارام
قىلىپ „گېزىتخانىنىڭ سوزىدىن قورقۇش كېرەك“ دىگەن يەرگە
كەلتۈرگەن ئىدى.

«يېڭى گېزىت» ھوكۇمەتكە ۋاكالىتەن خەلقتىن تەنقىدى
پىكىر سوراپ „10 ماددىلىق ۋەدىنامە“ تۈزۈپ چىقتى. يىلىڭ تېيىمىن
ئىلى خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن
گېزىت يۈزىدە پىكىر سورىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: „ھەر-
ساھەدىكىلەرنىڭ كورسىتىشى بىلەن مەن خارجى ئىشلار ئىدارى-
سىغا باشلىق بولدۇم، قابىلىيىتىم ئاز بولغانلىقتىن بۇ ئېغىر ۋەزى-

پىنى ئادا قىلىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن غەم قىلىۋاتىمەن.
ھەممە ئىشلار يېڭىدىن باشلىنىدىغان بولغاچقا كەمچىلىكلەرنىڭ
بولۇشى تەبىئىي، شۇڭا ھەرساھەدىكى پىششىقە -
دەملەرنىڭ تەربىيە - تەنقىت بېرىپ تۇرۇشىنى
ئۈمىت قىلىمەن. سوزىسىز ئوزەمنى تۈزىتىمەن، مەيلى خەت يۈزىدە
مەيلى يۈزمۇ-يۈز بولسۇن، مەيلى تونۇش مەيلى تونۇش بولمىسۇن
توغرا بولۇش - بولماسلىقى، ھەتتا غەيۋەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
ھەممىنى سەممىي قوبۇل قىلىپ ئوز ۋاقتىدا تۈزىتىپ قېرىنداش-
لارنىڭ پىكىرلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنلايمەن. پىششقەدەم
زىيالىلار ۋەزىيەتكە كوڭۈل بولۇپ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايى-
مايدۇ دەپ قەتئىي ئىشىنىمەن. خەتنى غۇلجا خارجى ئىشلار ئىدا-
رىسىغا ياكى كۈرەدىكى ئويۇمگە قارىتىپ يازسا قولۇمغا تېگى-
دۇ. زور ئۈمىت بىلەن: خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
پىڭتىيېمەن» «يېڭى گېزىت»نى كېيىن مىڭگو پوچتىخانىسى ئا-
لاھىدە ئەنگە ئېلىپ «خەۋەر گېزىتى» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

ياڭزېڭشىن نۇرغۇن پۇل ۋە مەنسەپ بىلەن پىڭ تيېمىننى
سېتىۋالماقچى بولۇپ مەقسىدىگە يېتەلمىدى. كېيىن سىياسى ئۇ-
سۇل قوللىنىپ يۈزسىز، خائىن كۇاڭشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،
مادىيۇەن، لى بېيچۇەن، دىڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىك-
تۈرۈپ، 1913 يىلى 12 - ئايدا ئەسكەرلەر بۇزۇلغان، دەپ پىڭ
تيېمىن، لى فۇخۇاڭ ۋە مەسلىھەتچى پىڭ شۇسەن، ياۋيى قاتارلىق
20 نەچچە كىشىنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈردى. دىمەك ئىلى ئىن-
قىلاۋىدا مۇستەھكەم تۇرغان غوللۇق كىشىلەرنى ياڭزېڭشىن ئول-
تۈرۈپ تۈگىتىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، بۇ قېو-



دال مۇستەبىت، خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ،
«يېڭى گېزىت»نى توختىتىۋەتتى.

## «جۇڭخۇا ھەربى مىڭگو ھوكۇمىتى شىنجاڭ ئىلى دۇدۇسىنىڭ ئېلانى»

«جۇڭخۇا مىڭگو ھەربى ھوكۇمىتى شىنجاڭ ئىلى دۇدۇسى-
نىڭ ئېلانى» شىنجاڭ ئىلى دۇدۇ مەھكىمىسى قۇرۇلغان كۈنى
چۇشتىن بۇرۇن (1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يەنى قە-
مەرىيە شىڭخەي يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)، كورە شەھىرى
راۋاق بىناسىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى جەنۇبىي تامغا چاپلانغان.
ئۇ شىنجاڭ ئىلى دۇدۇسىنىڭ جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش توغ-
رىسىدا ئىچكى ۋە تاشقىرىغا قارىتىلغان تۇنجى ئىنقىلاۋى
بەۋەانى بولۇپ، بىزنى بۇرژۇئازىيە يېتەكچىلىكىدىكى ئىلى شىن-
خەي ئىنقىلاۋى تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا قىممەتلىك ماتې-
رىيال بىلەن تەمىنلىدى.

ئىلى ئىنقىلاۋى پارتىيىلىكلەردىن پىڭ تيېمىن، ياڭ زەن-
شۈي قاتارلىقلار ۋۇچياڭ قوزغىلىڭى ۋە ئولكىلەردىكى ئىنقىلاۋى
دولقۇننىڭ تۈرتكىسى بىلەن 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
كەچ سائەت 8 دە كۈرە قوزغىلىڭىنى كوتەردى. بىر كېچە قانلىق
كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلى جاڭجۈنىڭ
مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان كۈرە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 2 -
كۈنى سەھەردە، ئىنقىلاۋى پارتىيە ھەرمىللەت، ھەرساھەدىكى
ۋەكىللەرنى چاقىرىپ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدا يىغىن ئوتكۈزدى.
ياڭزەنشۈينىڭ كورسىتىشى بىلەن كوپچىلىك، خىزمەتتىن قالدۇ-
رۇلغان ئىلى جاڭجۈنى گۇاڭفۇ (موگنول)نى ئىلى دۇدۇسى قى-

لىپ سايلاپ چىقتى. چىڭ دەۋردە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان
شىنجاڭ بىلەن ئىلىنى ئايرىپ ئىدارە قىلاتتى. بۇ قېتىم ھوقۇق
دائىرىسى شىنجاڭ ۋە ئىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بىلدۈرۈش
ئۈچۈن «شىمالىي ئىلى دۇدۇسى» دەپ ئاتاشتى. بۇ ئې-
لان گۇاڭفۇنىڭ نامى بىلەن تارقىتىلغان بولسىمۇ گۇاڭفۇ پەقەتلا
شىنجاڭ ئىلى دۇدۇسى دېگەن قۇرۇق ئورۇندا ئىدى. ئەمەلىي ھوقۇق
ئىنقىلاۋىي پارتىيىلىكلەردىن پىڭ تېيمىن، ياڭ زەنشۈي قاتارلىق
كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

شىنجاڭ ئىلى دۇدۇسىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئېلانى ۋە
باشقا ھۆججەتلەر ئالدىقاچان تەييارلانغان بولۇپ 1- ئاينىڭ
7- كۈنى ئىلى توڭمۇڭخۇي ئەزاسى يېڭى قوشۇن پولك سېكرې-
تارى جياڭ ۋېيجى، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ كاتىۋى خۇاڭ
شىجىڭ (خېنەنلىك 1979- يىلى 3- ئايدا ئۆلگەن، 104 ياشقا
كىرگەنمىش) نىڭ ئۆيىدە يېزىلغان ئىكەن، پوچېركىسى ئوچۇق
چىرايلىق ئىدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ئېلاننىڭ ئاستى تەرى-
پىگە توت چاسا «جۇڭخۇا مىنگو ھەربى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىلى
دۇدۇسى» دېگەن تامغا بېسىلغان. تامغا قىزىل سىيا ئاق خەتلىك

ئىدى، تېكىستە 4 ماددىلىق مۇكاپات بېرىش، 8 ماددىلىق ئۆلۈم
جازاسى بېرىش بەلگىلىمىلىرى يېزىلىپ قىزىل سىيادا چېكىت
قويۇلۇپ كورسىتىلگەن ئاخىرقى ئاي كۈنىمۇ قىزىل سىيادا
يېزىلغان، ئېلان يېزىلغان ئاق قەغەز رۇسىيىدىن كىرگۈزۈل-
گەن، ئېلاننىڭ ئەسلى نۇسخىسى شامال يامغۇرلاردا بۇزۇلغان،
ئىگەللىشىمىزگە قارىغاندا شىنجاڭ ئىلى دۇدۇ مەھكىمىسى قۇ-
رۇلغان كۈنى كۆرە شەھىرىدىكى كوچا - كوچىلارغا شۇئارلار،



ئىنقىلاۋىي خەت- چەكلەر چاپلانغان ئىكەن. مەن ئىزلەپ كۆر-
دۇم. لېكىن تاپالمىدىم، ساقلاپ قويغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ
كوپچىلىككە ئېلان قىلسا، شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب تارىخىنى تەت-
قىق قىلىشىمىزغا چوڭ توھپە قوشقان بولىدۇ.

ئېلاننىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«جۇڭخۇا مىنگو ھەربى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىلى دۇدۇسى»
شۇل توغرىسىدا ئېلان چىقىرىمىزكى، ئىچكى ئۆلكىلەردە چىڭ
خاندانلىقىنىڭ سىياسىتى بۇزۇلۇپ چىرىكلىشىپ كەتتى. پۇخرا-
لارغا سەل پايدىلىق ئىشلارنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالدى، خان
جامائىتىدىكىلەر بىلىمسىز نادان بولۇپ تۇرۇقلۇق چوڭ ھوقۇق-
نى ئىگەللەپ ئۆز ئائىلىسىنىڭ راھەت- پاراغىتىنى دەپ پۇخرا-
لارنىڭ ھايات- ماماتىغا قارىمىدى، مۇنداق ئەسكى ھۆكۈمەتنى
ھىمايە قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، دېگەن تونۇشقا كەلدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، قالغان
ئۆلكىلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى
ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى قۇرۇش يولىدا قوزغىلاڭ كوتۈرۈلدى.

جۇمھۇرىيەت دېگىنىمىز بۇرۇنقىدەك بىر كىشى ھاكىمىيەت
ئۈستىگە چىقىۋېلىش ئەمەس، ئىلى چەت بولسىمۇ، بۇ يەردىكى-
لەر ئوخشاشلا ئادەمغۇ؟ مەدەنىيەتلىك پۇخرا بولۇشنى، ھايۋان
كەبى تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنى كىم خالىمايدۇ؟ بۇ يەردىكى خەنزۇ،
خۇيزۇ، چەنتو (ئۇيغۇر) قازاق قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى
غەللە- پاراق تولەش ۋە ئالۋاڭ سېلىق ئۆتەشتىن تاشقىرى
قانداق ياخشىلىق كوردى؟ جاڭجۈنلەر، دۇدۇلار پۇخرالارنى
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن تاشقىرى سىزلەرگە نېمە مەنپەئەت

يەتكۈزدى؟ مەن دۇدۇ سىلەرنىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمى ئاستىدا نامراتلىشىپ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقىڭلارغا قاراپ چىداپ تۇرالماي ھەقىقەتكە ئوتتۇش تۇغىنى كوتۇرۇپ مۇستەقىل بولۇشنى ئېلان قىلدىم، زىيانكەشلەرنى يوقىتىپ ياخشى تۇرمۇش ئوتكۈزۈشۈڭلارنىڭ كويىدا بولىمەن، ھەممىڭلارنىڭ باراۋەر بولۇشۇڭلارنى تەمىنلەيمەن، ئەركىنلىكنى قۇۋۋەتلەيمەن، ئوز كەسپىڭلاردا خاتىرجەم ئوتتۇشنى تەمىنلەيمەن، ئەگەر باندىت ئوغرىلار چاتاق چىقارسا، مەن دۇدۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ جىنايىتىگە قاراپ قاتتىق جازالاپ جەمىيەتنىڭ ئامانلىقىنى تەمىنلەيمەن. توۋەندە سىلەرگە مۇنداق ماددىلارنى تۈزەپ جاكالايمەن، رىئايە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

1- قوشۇنىمىزغا پۇل بېرىپ ياردەم قىلغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ.

1- يەرلىك ئامانلىقنى تەمىنلىگەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

1- چەتئەللىكلەر ۋە ئىبادەتخانىلارنى ساقلاپ قالغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ.

1- دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرگەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

1- قوشۇنىمىزغا قارشىلىق قىلغانلارغا ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ.

1- دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلەرگە ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ.

1- سودا ئورۇنلىرىنى قالايمىقان قىلغانلارغا ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ.

1- ئاياللارنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تەككەنلەرگە ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ.



1- ناھەق ئادەم ئولتۈرگەنلەرگە ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ.

1- مال- مۈلۈك بۇلىغانلارغا ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ.

1- ئوي- ئىمارەتلەرگە ئوت قويغانلارغا ئولۇم جازاسى بېرىلىدۇ.

خۇاڭ دى يىل ھىساۋى بىلەن 4609- يىل 11- ئاينىڭ 20- كۈنى

مېنىڭ نەزىرىيە ۋە كەسپىي سەۋىيەم چەكلىك، تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇق ئىگەللىمىگەن ۋە تەپسىلىي تەكشۈرمىگەنلىكىمدىن يازغان ماتېرىيالىمدا خاتالىقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن، پىشقەدەملەر ۋە كىتاپخانلارنىڭ يول- يورۇق كورسىتىشلىرىنى توۋەنچىلىك بىلەن ئوتۈنىمەن.

**新疆文史资料选辑（7）（维吾尔文）**

中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区

委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行新疆日报社印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 10张印

1982年10月第一版1983年1月第1次印刷

印数1——8,000

统一书号：M11098·108定价 [illegible]

**内部发行**

83 9月22

[redacted]号：M 11098.108
定 价： 4.00元